ئابدۇكېرىم باقى

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

مىللەتلەر نەشرىياتى

书号 M 9049 (4) 4
定价 0.79元

www.uyghurkitap.com
URAN KİTAPLIĞI

ئابدۇكېرىم باقى

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت راخمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئابدۇكېرىم باقى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت راخمان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1983 ـ يىل 2 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1983 ـ يىل .2 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.79 يۈەن

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتاپنى قەشقەر سىفەن شۆبىيۈەن تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى يولداش ئابدۇكېرىم باقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىسى ئاساسىدا، 20 نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تۈزگەن دەرسلىك ماتېرىيالى ئاساسىدا، مۇناسىۋەتلىك كىتاپ ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ 3 تەركىۋىي قىسمى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىنىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىسى نۇقتىلىق ھالدا سۆزلىنىدۇ.

بۇ كىتاپنى نەشرگە تەييارلاش داۋامىدا، ئۇنىڭدىكى بەزى مۇھىم تەبىرلەرگە ۋە بايانلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ بەزى مىسال ـ لار ئالماشتۇرۇلدى؛ بەزى مىساللار چىقىرىۋېتىلدى، بەزى مىساللار تۈزىتىپ ياكى ئىخچاملاپ ئېلىندى. كىتاپنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بەزى ماۋزۇلار رەتكە سېلىندى، بەزى ماۋزۇلارنىڭ مەزمۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. بۇ كىتاپ ئەسلىدە قويۇق دەرسلىك تۈسىنى ئالغاچقا، كىتاپنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن، ئەسلىدە بېرىلگەن كونۇكمىلەرنىڭ بەزىلىرى ساقلاپ قېلىندى، بەزىلىرى قىسقارتىپ ئېلىندى.

سەۋىيىمىز چەكلىك، يەنە كېلىپ بۇنداق كىتاپنى تەھرىرلەش جەھەتتە تەجرىبىمىز كەم بولغانلىقتىن، بۇ كىتاپتا كەمچىلىك، خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە

فونېتىكا

بىرىنچى باپ   فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە............ 1

§1 ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار.................................. 2

§2 تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى................................ 6

ئىككىنچى باپ   بوغۇم.................................................... 7

§1 بوغۇمنىڭ تۈزۈلۈشى.................................................. 8

§2 بوغۇم تۈرلىرى......................................................... 10

§3 بوغۇم كوچۇرۇش قائىدىسى........................................ 11

ئۈچىنچى باپ   تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى........ 13

§1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى.............................. 14

§2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نوۋەتلىشىشى............................. 17

§3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى................................ 19

§4 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نوۋەتلىشىشى.............................. 19

§5 تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى......... 21

لېكسىكولوگىيە

بىرىنچى باپ   لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە........ 23

§1 لېكسىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى................................... 23

§2 لۇغەت تەركىۋى ھەققىدە ...... 24
**ئىككىنچى باپ سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە** ...... 28
§1 سوز ...... 28
§2 سوز مەنىسى ...... 30
§3 بىر مەنىلىك سوز ۋە كوپ مەنىلىك سوز ...... 31
§4 مەنىداش سوزلەر، قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر ۋە ئاھاڭداش سوزلەر ...... 34
**ئۈچىنچى باپ فرازېولوگىيە** ...... 41
§1 فرازېولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 41
§2 ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىوملار ...... 43
**گىراماتىكا**
گىراماتىكا ھەققىدە ساۋات ...... 49
**مورفولوگىيە**
**بىرىنچى باپ مورفولوگىيە ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە** ...... 52
§1 سوزنىڭ مەنىلىك بولەكلىرى ...... 53
§2 سوزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ...... 56
§3 سوز تۈركۈمى ...... 57
**ئىككىنچى باپ ئىسىم** ...... 59
§1 ئىسىم ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 59
§2 ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ...... 62
§3 كوپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى ...... 63
§4 ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ...... 66


§5 ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ...... 69
**ئۈچىنچى باپ سۈپەت** ...... 77
§1 سۈپەت ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 77
§2 ئەسلى سۈپەت ۋە نىسبى سۈپەت ...... 79
§3 سۈپەتنىڭ تۈزۈلۈشكە قاراپ بولۇنۇشى ...... 80
§4 سۈپەت دەرىجىلىرى ...... 81
**توتىنچى باپ سان** ...... 85
§1 سان ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 85
§2 ساننىڭ تۈرلىرى ...... 85
**بەشىنچى باپ ئالماش** ...... 90
§1 ئالماش ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 90
§2 ئالماشنىڭ تۈرلىرى ...... 91
**ئالتىنچى باپ پېئىل** ...... 99
§1 پېئىل ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 99
§2 پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى ...... 105
§3 پېئىلنىڭ تۈزۈلۈشكە قاراپ بولۇنۇشى ...... 128
§4 شەخسسىز پېئىلنىڭ تۈرلىرى ...... 134
**يەتتىنچى باپ رەۋىش** ...... 144
§1 رەۋىش ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 144
§2 رەۋىشنىڭ تۈزۈلۈشكە قاراپ بولۇنۇشى ...... 145
§3 رەۋىشنىڭ تۈرلىرى ...... 147
**سەككىزىنچى باپ مىقدار سوز** ...... 154
§1 مىقدار سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ...... 154

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

§2 ئەسلى مقدار سوز ۋە نسبى مقدار سوز...... 155
§3 مقدار سوزنىڭ قوللنلىشى...... 157
§4 مقدار سوزنىڭ گراماتكىلىق خۇسۇسيەتلىرى...... 160
**توققۇزنچى باپ ئىملىق سوز...... 164**
§1 ئىملىق سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە...... 164
§2 ئىملىق سوزنىڭ تۈرلىرى...... 167
**ئونىنچى باپ ياردەمچى سوز...... 169**
§1 ياردەمچى سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە...... 169
§2 ياردەمچى سوزنىڭ تۈرلىرى...... 170
**ئون بىرىنچى باپ ئۈندەش سوز...... 182**
§1 ئۈندەش سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە...... 182
§2 ئۈندەش سوزنىڭ تۈرلىرى...... 183
**ئون ئىككىنچى باپ مودال سوزلەر توغرىسىدا...... 187**
§1 مودال سوزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە...... 187
§2 مودال سوزلەرنىڭ تۈرى...... 188

## سىنتاكسىس

**بىرىنچى باپ سىنتاكسىس ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە** ...... 192
§1 جۈملە...... 193
§2 جۈملىنىڭ مەنىسىگە قاراپ بولۇنۇشى...... 194
§3 جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بولۇنۇشى...... 205
**ئىككىنچى باپ ئاددى جۈملە...... 208**
§1 جۈملىدە سوزلەرنىڭ باغلىنىشى...... 208



§2 سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىلىرى...... 209
§3 سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىش يوللىرى...... 210
**ئۈچىنچى باپ جۈملە بولەكلىرى...... 217**
§1 جۈملىنىڭ باش بولەكلىرى...... 218
§2 جۈملىنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرى...... 223
§3 جۈملىنىڭ تەڭداش بولەكلىرى ۋە كېڭەيگەن بولەكلىرى ...... 239
§4 جۈملە بولەكلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى...... 242
§5 جۈملە بىلەن گراماتكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەر...... 247
**توتىنچى باپ ئاددى جۈملىنىڭ تۈرلىرى...... 253**
§1 يىغىق جۈملە ۋە يېيىق جۈملە...... 253
§2 ئىگىلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە...... 254
§3 تولۇق جۈملە ۋە تولۇقسىز جۈملە...... 257
**بەشىنچى باپ قوشما جۈملە...... 259**
§1 قوشما جۈملە ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە...... 259
§2 تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە...... 262
§3 بېقىندىلىق قوشما جۈملە...... 271
**ئالتىنچى باپ مۇرەككەپ قوشما جۈملە...... 304**
§1 كوپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە...... 305
§2 كوپ باش جۈمىلىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە...... 309
§3 ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملە...... 311
**يەتتىنچى باپ كوچۈرمە جۈملە ۋە ئوزلەشتۈرمە جۈملە** ...... 315

§1 كوچۇرمە جۈملە............................................315
§2 ئۆزلەشتۈرمە جۈملە......................................316
§3 كوچۇرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇش
يوللىرى ......................................................317
**سەككىزىنچى باپ تىنىش بەلگىلىرى**.....................320
§1 تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە...........320
§2 تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى.............322
قوشۇمچە تىنىش بەلگىسى ۋە شېرى.........................330



TURAN KİTAPLIĞI

## مۇقەددىمە

### 1

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى. ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلار تىلنى ئەڭ مۇھىم ۋاستە ۋە قورال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ۋە بىر بىرىنى چۈشىنىدۇ.

تىل بىر تۈرلۈك ئىجتىمائى ھادىسە، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈرەش پائالىيەتلىرىدە جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقا ئىجتىمائى ھادىسىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەكلىرىدە تىلدىن — مۇشۇ ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، بىر بىرى بىلەن ماسلىشىپ ئىشلەيدۇ، تەبىەت كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشلىرىدىكى ئورتاق ھەركىتىنى تەرتىپكە سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تىل تەپەككۇر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى، بىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەر بىلەن، سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر بىلەن خاتىرىلەپ قويىدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

دېمەك، تىل بولمايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان تىل بولمايدىكەن، ئىنسانلار جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلالمايدۇ، ھەتتا جەمئىيەت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئەنە شۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ئوينىماقتا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىمۇ تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېگەن نېمە؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېگەندە، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەمەس، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى قاتارىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ئورتاق قوللىنىۋاتقان مىللىي، ئومۇمىي، ئەدەبىي تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر تىل. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياساپ ۋە راۋاج تېپىپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئالاقە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن، ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەنە شۇ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بېرىۋاتقان، ئۇيغۇر



خەلقى ھازىرقى دەۋردە ئورتاق قوللىنىۋاتقان مىللىي تىل، يەنى ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى فورمىسى، مىللىي تىلىمىزنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن شەكلىدۇر.

دۆلىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا كۈندىن-كۈنگە راۋاجلانماقتا ۋە بېيىماقتا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىدە، مەملىكىتىمىزنى 4تە زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىدە ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئۇ، ئەڭ ئىنچىكە-نازۇك، ئەڭ مۇرەككەپ ئۇقۇملارنىمۇ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى ۋە مەشھۇر سىياسىي-نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر، ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر ئەسەرلەر، پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى ۋە نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان گېزىت-ژۇرناللار ناھايىتى ئاز ئىدى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا نۇرغۇن گېزىت-ژۇرناللار ۋە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر يۈرۈش دەرسلىك قوللانمىلىرى نەشر قىلىندى ۋە قىلىنماقتا. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىيات مەنزىرىسىنى كۆرسەتمەكتە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىش جەھەتتە ئەدەبىي

جانلىق تىل ۋە ئەدەبىي يېزىق تىل دېگەن ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ.

ئەدەبىي جانلىق تىل دېگىنىمىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ رادىيو، كىنو، تىياتىرلاردا، نۇتۇق ۋە سوھبەتلىرىمىزدە، ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان شەكلىدۇر.

يېزىق تىل دېگىنىمىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىقتا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئاخبارات-نەشرىيات ۋە باشقا ساھەلەردە قوللىنىلىۋاتقان شەكلىدۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ جانلىق شەكلى بىلەن يېزىق شەكلى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرگە نىسبەتەن، بۈگۈنكى كۈندە ئېخىمۇ بىرلىككە كەلدى، ئۇ، توغرا تەلەپپۇز قىلىش، توغرا يېزىش جەھەتلەردە يەنىمۇ بىرلىككە كەلمەكتە ۋە قېلىپلاشماقتا. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەممە دىئالېكتلارغا نىسبەتەن ئامما ئارىسىدا يۇقۇرى ئىناۋەتكە ئىگە بولماقتا.

## 2

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇننى، يەنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقانداق تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. تىلنىڭ بۇ ئۈچ تەركىۋىي قىسمى ئۆزئارا مۇستەھكەم باغلانغان بولۇپ، بىر بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ.

تىلنىڭ بۇ ئۈچ تەركىۋىي قىسمىنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلىرى بار.



**فونېتىكا** بۇ، تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدىكى پەن، ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىدۇ.

ھەرقانداق تىل تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. تىل تاۋۇشلىرى تىلنىڭ ماددى ئاساسىي ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى تىلدىكى سوزلەر تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قىسمىدا، ئۇنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى ۋە فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات بېرىلىدۇ.

**لېكسىكا** بۇ مەلۇم تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ.

لېكسىكا تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇ بىر تىلدىكى ھەممە سوزلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان سوزلەر يىغىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا قىسمىدا، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات بېرىلىدۇ.

**گىراماتىكا** بۇ، تىلنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنىڭ توپلىمى، يەنى سوزلەرنىڭ ياسىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە جۈملىدە سوزلەرنىڭ باغلىنىشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ توپلىمى. گىراماتىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى كەڭرەك بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە قاراپ، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى چوڭ بولەككە بولۇنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكا قىسمىدا، ئۇيغۇر تىلى گىراممatikisinin ئەنە شۇ ئىككى چوڭ بۆلىكىنىڭ مەزمۇنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى نۇقتىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلىدۇ.



# فونېتىكا

## بىرىنچى باپ فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

فونېتىكا گىرېكچە سۆز بولۇپ، گىرېكلەرنىڭ "phonetikos" ("ئاۋاز") دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ھەم كونكرېت تىل ئاۋازلىرى، ھەم تىل ئاۋازلىرى ھەققىدىكى پەن دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. دېمەك، فونېتىكا تىل ئاۋازلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر.

ماركسىزىم بىزگە: "ئاۋازسىز تىل بولغان ئەمەس"، "تارىختا ئۆزىنىڭ ئاۋازلىق تىلى بولمىغان ھېچقانداق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى — مەيلى ئۇ ئەڭ قالاق جەمئىيەت بولسۇن — بولغان ئەمەس"، "ئاۋازلىق تىل ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىلەرنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا، جەمئىيەت تۈزۈشكە، ئۆز تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا، تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن غەلىبىلىك تۈردە كۆرەش قىلىشىغا ھەمدە ھازىرقى ۋاقىتتا بىز قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتقا يېتىشىگە ياردەم بەرگەن كۈچلەرنىڭ بىرى" دەپ ئۆگىتىدۇ.

ماركسىزىمنىڭ تىل ئاۋازلىرى ھەققىدىكى بۇ تەلىماتى تىل ئاۋازلىرىنىڭ تىلدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى،

ئۇنىڭ تىلدىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى بىزگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىنى ئۆگىتىدۇ، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان تىل تاۋۇشلىرى، ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى، بۇ تاۋۇشلارنى چىقىرىش ئورنى ۋە ئۇسۇللىرى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى، تۈرلۈك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر، بوغۇمنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا بىلىۋېلىش ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نورمال تەلەپپۇزىدا سۆزلەشكە ئادەتلىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## §1 ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن، تاۋۇش دېگەن زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

بىز كۆزدە تۇتقان تاۋۇش تىل تاۋۇشلىرىدۇر. تىل تاۋۇشلىرى بولسا ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ بوغۇزدىكى تاۋۇش پەردىلىرىنى تىترىتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ھاۋا دولقۇنىدىن ھاسىل بولىدۇ. قىسقىسى، تىل تاۋۇشلىرى نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەركەتلىنىشى نەتىجىسىدە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ.

دېمەك، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق



ئاغزىمىزدىن چىققان ۋە قۇلاققا ئاڭلانغان ئاۋاز تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنى بىز ئېيتىمىز ھەم ئاڭلايمىز. تىل تاۋۇشلىرى تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە شەكلىگە ھەمدە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا ماددىي ئاساس بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان 32 تاۋۇش بار. بۇ 32 تاۋۇش ئۈچۈن يېزىقتا 30 بەلگە (ھەرپ) قوللىنىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ئا، ب، پ، ت، ج، چ، خ، ھ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ق، ف، ك، گ، ڭ، ئې، ئى، ي، ل، م، ن، ۋ، ئو، ئۇ، ئە.**

"ئو" ھەرپى "o" تاۋۇشى بىلەن "ɵ" تاۋۇشىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ؛ "ئۇ" ھەرپى "u" تاۋۇشى بىلەن "ü" تاۋۇشىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئورا كولاش — ئوي سىلىش | تۇتماق — تۈزمەك |
| ئوتلاق — كۆۋرۈك | ئۇقماق — سۈزمەك |
| ئوقەت — بورەك | سۇ — سۈت |
| ................ | ................ |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان بۇ تاۋۇشلار ئېيتىلىشىغا ۋە تىلدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ، سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. سوزۇق تاۋۇشلار

ئوپكىدىن چىققان تاۋۇشلۇق ھاۋانىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ جىددىي توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي، ئەركىن سوزۇلۇپ ۋە ئۇنلۇك چىقىشى بىلەن ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 8 سوزۇق تاۋۇش بار. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ (ө)، ئۈ (ü).**

بۇ تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

(1) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: **ئە، ئۆ (ө)، ئۈ (ü)؛**

(2) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار: **ئا، ئو، ئۇ؛**

(3) ئارا سوزۇقلار: **ئې، ئى.**

بۇنىڭدىن باشقا، سوزۇق تاۋۇشلار يەنە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىغا قاراپ، يەنى سوزۇق تاۋۇشلارنى چىقارغاندا لەۋ ھەركىتىنىڭ قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقىغا قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: **ئو، ئۇ، ئۆ (ө)، ئۈ (ü)؛**

(2) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: **ئا، ئە، ئې، ئى.**

## 2. ئۈزۈك تاۋۇشلار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان ئۈزۈك تاۋۇشلار 24 بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ب، د، ف، گ، خ، ج، ك، ل، م، ن، پ، چ، ر، س، ت، ۋ، ش، ي، ز، غ، ھ، ق، ژ، ڭ.**



ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا ئېغىز ئانچە چوڭ ئېچىلمايدۇ، تارراق ئېچىلىدۇ. ئوپكىدىن چىققان تاۋۇشلۇق ھاۋا ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ ھەر خىل توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچراپ، تېز، قىسقا-قىسقا، ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقىدۇ.

دېمەك، ئاۋازنى سوزۇپ ئېيتىشقا بولمايدىغان، قىسقا ۋە ئۈزۈك ئۇن بىلەن ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ، يەنى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى چىقارغاندا تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ياكى تىترىمەسلىكىگە قاراپ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار 14 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ب، د، گ، ج، ل، م، ن، ر، ۋ، ي، ز، غ، ژ، ڭ.**

(2) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار 10 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**ف، خ، ك، پ، چ، س، ت، ش، ھ، ق.**

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ئېيتىلغاندا، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشى خېلى تېز بولىدۇ. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئېيتىلغاندا، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشى سۇسراق بولىدۇ.

## 3. بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار توغرىسىدا

(1) "ف" ھەرپى خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

فابرىكا، ئافغانىستان، فرانسىيە، فونېتىكا، فۇجيەن، فونېما، فورمۇلا ۋە باشقىلار.

(2) "ژ" ھەرپى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئىملىق سۆزلەردىن ياسالغان

سوزلەر، چەتئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەرنى يېزىشتا ئىشلەتىلىدۇ. مەسىلەن:

پاژ-پۇژ، گاژ-گۇژ، ۋىژىلداش، گىژىلداش، ژورنال، بۇرژۇئازىيە، پارىژ، كامبودژا ۋە باشقىلار.

(3) جانلىق تىلىمىزدا سوز بېشىدا كېلىدىغان "ژ" تاۋۇشى "يى" ھەرپى بىلەن، سوز ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلىدىغان "ژ" تاۋۇشى "ج" ھەرپى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

يىل، يىڭنە، يۇلتۇز، يۇرەك، يىگىت، ۋىجدان، باج، ئەجدىھا، ئۇجمە، يۇكلەش، يۇر، يۇلغۇن، كاج ۋە باشقىلار.

## §2 تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك، تىل تاۋۇشلىرى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنى چىقىرىشقا قاتناشقان بارلىق ئەزالار تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار سوزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە. مەلۇم بىر تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىق ھالدا چىقىشى كىشىلەرنىڭ نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق بولىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنى توغرا ۋە ياخشى ئۇگىنىش ئۇچۇن، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنى ۋە تاۋۇشنىڭ چىقىرىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىۋېلىش ئىنتايىن زورۇر. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ رولىنى بىلىۋېلىش ئوز تىلىنىڭ ھەم باشقا تىللارنىڭ تاۋۇشلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا كوپ ياردەم بېرىدۇ.



تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئۇستۇنكى لەۋ، (2) تۆۋەنكى لەۋ، (3) ئۇستۇنكى چىش، (4) تۆۋەنكى چىش، (5) چىش تۇۋى، (6) قاتتىق تاڭلاي، (7) يۇمشاق تاڭلاي، (8) تىل، (9) تىل ئالدى، (10) تىل ئوتتۇرىسى، (11) تىل ئارقىسى، (12) كىچىك تىل، (13) بوغۇز قاپقىقى، (14) تاۋۇش پەردىسى، (15) كاناي (ھاۋا يولى)، (16) ئېغىز بوشلۇقى، (17) بۇرۇن بوشلۇقى (دىماق)، (18) ئوپكە ۋە باشقىلار.

# ئىككىنچى باپ بوغۇم

بىز سوزلىگەندە، ھەر بىر سوز ئېغىزدىن بىر ياكى بىرنەچچە بولەككە بولۇنۇپ چىقىدۇ. مانا شۇنداق تەبىي ھالدا بولۇنۇپ ئېيتىلغان تاۋۇش ياكى تاۋۇشلار بىرىكمىسى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئىش (1)

كۆرەش — كۆ-رەش (2)

ئىنقىلاپ — ئىن-قى-لاپ (3)

ئالاھىدە — ئا-لا-ھى-دە (4)

ئىشلەپچىقىرىش — ئىش-لەپ-چى-قى-رىش (5)

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆز ئالدىغا بوغۇم ھاسىل قىلالمايدۇ. بىر سوزدە قانچە سوزۇق تاۋۇش بولسا، شۇنچە بوغۇم بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ، بۇ، مەن، سەن، دەرس، دەۋر، ئازات، ئارمىيە، ئالاھىدىلىك ۋە باشقىلار.

## §1 بوغۇمنىڭ تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى بوغۇم تۈزۈلۈشى قائىدىسى بويىچە، بىر بوغۇم ئاز بولغاندا بىر تاۋۇشتىن (بىر سوزۇق تاۋۇشتىن)، كوپ بولغاندا توت تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ، لېكىن شۇ توت



تاۋۇشنىڭ ئىچىدە بىر سوزۇق تاۋۇش بولۇشى لازىم. مەسىلەن:

ما-ئا-رىپ، خەلق، ئەل، دەرس، ئو-سۇ-م-لۈك، ئىن-قى-لاپ ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكى فورما بويىچە بولىدۇ:

(1) پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن بوغۇم تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆمۈر — ئو-مۈر، ئاكا — ئا-كا، ئادەم — ئا-دەم، ئىلىم — ئى-لىم، ئېرىق — ئې-رىق ۋە باشقىلار.

(2) بىر سوزۇق ۋە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن بوغۇم تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ھايات — ھا-يات، تولۇق — تو-لۇق، ئات، ئەت، ئۈن، ئىز، ياشا — يا-شا، بالا — با-لا، سۇ، ئاي، قارا — قا-را، بىنا — بى-نا ۋە باشقىلار.

(3) بىر سوزۇق ۋە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن بوغۇم تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

قىش، ياز، جاي، باغ، قول، كۆن، ئارت، دەپتەر — دەپ-تەر، مەكتەپ — مەك-تەپ، ئېيت ۋە باشقىلار.

(4) بىر سوزۇق ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن بوغۇم تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

دوست، مەرت، شەرت، خەلق، دەرس، شەرق، دەۋر، غەرپ ۋە باشقىلار

ئەگەر بىز سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن "A" نى، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن "B" نى ۋەكىل قىلىپ ئېلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بوغۇم تۈزۈلۈشىنى فورمىغا سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇم

شەكىللىرى توۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. A (ئا-تا، ئا-نا).
2. BA، AB (ۋە-دە، ئەل).
3. BAB، ABB (كوز، ئېيىت).
4. BABB (خەلق، دوست).

## §2 بوغۇم تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن، بەزىلىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بولىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنى ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە بولىمىز.

### 1. ئوچۇق بوغۇم

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئا-ئە-لە، ئە-دە-يە، مۇ-زا-كە-رە، ئە-دا-رە، ئا-كا، ئو-قۇ-غۇ-چى، دەر-يا ۋە باشقىلار.

### 2. يېپىق بوغۇم

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇملار يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

مەك-تەپ، ئۈن، يول-داش، كۆز، تاغ، ئەل، ئىت-تى-پاق،



ئۆ-گە-نىش ۋە باشقىلار.

جۈملىدە تۈپ سوزلەرنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە كىرىشى ئارقىسىدا، ئەسلىدىكى تۈپ سوزلەرنىڭ بوغۇم چېگرىسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

كوز + ۈم = كو-زۈم

بار + ىمەن = با-رى-مەن

## §3 بوغۇم كوچۈرۈش قائىدىسى

كوپ بوغۇملۇق سوزنىڭ بىر قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە بولۇپ كوچۈرۈلىدۇ ۋە سوز بولۇنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

قۇرۇلۇش — { قۇ- / رۇلۇش } { قۇرۇ- / لۇش }

ئەمگەكچى — { ئەم- / گەكچى } { ئەمگەك- / چى }

ئىشچى — { ئىش- / چى }

بوغۇم كوچۈرۈشتە توۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) سوزنىڭ تەركىبىدە يالغۇز بىر سوزۇق تاۋۇش ئايرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەندە، ئۇنى ئايرىپ يۇقۇرىدىكى قۇردا قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

ئائىلە — ئا- / ئىلە ئەمەس

ئائى- / لە

ئوقۇغۇچى — ئو- / قۇغۇچى ئەمەس

ئوقۇ- / غۇچى

(2) بىر بوغۇملۇق سوزلەرنى ئىككى قۇرغا بولۇپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

مەرت — مە- / رت ئەمەس

دەرس — دە- / رس ئەمەس

(3) قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالغان رەقەملەرنى پارچىلاپ ئىككىنچى قۇرغا بولۇپ كوچۈرۈشكە بولمايدۇ. مەسىلە:

-1982-يىل — 19- / 82-يىل ئەمەس



# ئۈچىنچى باپ تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن، شۇنداقلا جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىن بىر بىرىگە ماسلىشىپ، بىر بىرىگە يېقىنىپ ۋە بىر بىرىگە تەسىر قىلىپ، بەزىدە بىرى يەنە بىرىنى ئوزىگە ئوخشىتىپ كېلىدۇ.

بۇ خىل فونېتىكىلىق مۇناسىۋەت تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

قوغۇن — قوغۇنلۇق

بىدە — بىدىلىك

مەكتەپ — مەكتەپكە، مەكتەپتە، مەكتەپتىن

ئۆي — ئۆيگە، ئۆيدە، ئۆيدىن

تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بۇ خىل ئاھاڭداشلىقى ۋە ماسلىشىشى تۈپ سوزلەردىلا كورۇلۇپ قالماستىن، بەلكى تۈپ سوزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى تاۋۇشلار بىلەن ئۇلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئارىسىدا كوپرەك كورۇلىدۇ. شۇڭا تىلىمىزدىكى سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىرقانچە خىل شەكىلدە كېلىدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كورۈلىدۇ.

## §1 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

ئۇيغۇر تىلدا سوزلەرنىڭ بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار، كوپ ھاللاردا، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ، بولۇپمۇ سوز يىلتىزىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ھامان شۇ سوزگە ئۇلانغان قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشقا تەسىر كورسىتىپ، ئۇنى تىل ئورنى ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئوزى بىلەن، ئاساسەن، ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

مانا بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

### 1. تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق

(1) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش "ئا، ئو (o)، ئۇ (u)" ۋە ئارا سوزۇق تاۋۇش "ئې" بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باش—باشلا، باشتا، باشلانغان؛

ئال—ئالغان، ئالسا، ئالدۇرۇش؛

قول—قوللار، قولغا، قوللاپ؛



قۇرۇل—قۇرۇلغان، قۇرۇلسا ۋە باشقىلار.

(2) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش "ئە، ئو (ө)، ئۇ (ü)" بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

يەر—يەرلەر، يەرگە، يەرلەشمەك؛

كەل—كەلگەن، كەلسە، كەلتۈرۈش؛

سوز—سوزلەر، سوزگە، سوزلەپ؛

ئۈزۈم—ئۈزۈملەر، ئۈزۈمگە، ئۈزۈملۈك ۋە باشقىلار.

(3) "چە" بىلەن تۈزۈلگەن ۋە "چە" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سوزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، "چە"نىڭ تەركىبىدىكى "ئە" تاۋۇشى "ئى"غا نوۋەتلەشسە، "چە"نىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

غۇنچە—غۇنچىلار، غۇنچىلاپ؛

ئۈنچە—ئۈنچىلەر، ئۈنچىگە؛

قوشۇمچە—قوشۇمچىلار، قوشۇمچىغا؛

ئۇيغۇرچە—ئۇيغۇرچىغا، ئۇيغۇرچىدا؛

باغچە—باغچىلار، باغچىغا ۋە باشقىلار.

(4) ئاخىرقى بوغۇمى ئارا سوزۇق تاۋۇش "ئى" بىلەن تۈزۈلگەن كوپ بوغۇملۇق سوزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، "ئى" بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇمنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەرتىپ ــ تەرتىپكە، تەرتىپتە؛
رەسىم ــ رەسىملەر، رەسىمگە؛
ياخشى ــ ياخشىلار، ياخشىراق؛
ئوۋچى ــ ئوۋچىلار، ئوۋچىغا ۋە باشقىلار.

(5) ئارا سوزۇق تاۋۇش "ى" بىلەن تۈزۈلگەن بىر ياكى كوپ بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ تەركىۋىدە، شۇنىڭدەك ئالدىنقى بوغۇمى "ئى" بىلەن، كېيىنكى بوغۇمى "ى" بىلەن تۈزۈلگەن كوپ بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ تەركىۋىدە "گ، ك" بولسا، ئۇنىڭغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ، شۇ سوزلەرنىڭ تەركىۋىدە "گ، ك" بولمىسا، ئۇنىڭغا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىم ــ كىملەر، كىمگە، كىمدە؛
يىگىت ــ يىگىتلەر، يىگىتكە، يىگىتتە؛
گېزىت ــ گېزىتلەر، گېزىتكە؛
سىنىپ ــ سىنىپلار، سىنىپقا، سىنىپتا؛
ئىتىز ــ ئىتىزلار، ئىتىزغا، ئىتىزدا ۋە باشقىلار.

ئايرىم سوزلەر بۇ قائىدىگە بوي سۇنمايدۇ. مەسىلەن:

بىر ــ بىرلەر، بىرگە، بىرلەپ؛
بىلىم ــ بىلىملەر، بىلىمگە؛
ئىش ــ ئىشلار، ئىشقا، ئىشلە ۋە باشقىلار.

## 2. لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش "ئو (o)، ئۇ (u)، ئۆ (ө)، ئۈ (ü)" بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمـ



چىلار، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش "ئا، ئە، ئې، ئى" بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

قوي ــ قويدۇم، قويۇپ؛
قۇر ــ قۇرۇش، قۇرۇلۇش؛
كور ــ كوردۇم، كورۇپ؛
ئۈن ــ ئۈنۈم، ئۈنلۈك؛
ئاۋاز ــ ئاۋازىم، ئاۋازلىق؛
ئۈگەن ــ ئۈگىنىپ، ئۈگىنىش؛
كورسەت ــ كورسىتىپ، كورسىتىش؛
قوللان ــ قوللىنىپ، قوللىنىش ۋە باشقىلار.

## §2 سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نوۋەتلىشىشى

(1) يېپىق بىر بوغۇملۇق سوزلەردىكى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى "ئى" ياكى "ئە" بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا "ئې"غا نوۋەتلىشىدۇ (ئوچۇق بىر بوغۇملۇق سوزلەردىكى "ئە" تاۋۇشى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا "ئى"غا نوۋەتلىشىدۇ). مەسىلەن:

ئات ــ ئېتى، باش ــ بېشى؛
ياش ــ يېشى، بەل ــ بېلى؛
تەر ــ تېرىش، كەل ــ كېلىپ؛
ئاڭ ــ ئېڭى، قاش ــ قېشىم؛
دە ــ دىدى، يە ــ يىدىم ۋە باشقىلار

(2) كوپ بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ئاجىزلاشسا "ئى"غا نوۋەتلىشىدۇ؛

"ئۇ (u)، ئۈ (ü)" تاۋۇشلىرى نوۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئالما — ئالمىلار، ئالمىسى، ئالمىغا؛

بالا — بالىلار، بالىمىز، بالىغا؛

ئۆگەن — ئۆگىنىش، ئۆگىنىپ، ئۆگىنىڭلار؛

چىنە — چىنىلەر، چىنىگە، چىنىدىن؛

بۇيرۇق — بۇيرۇغى، ئۇتۇق — ئۇتۇغى؛

ئۇتۇك — ئۇتۇگى، ئۇنۇم - ئۇنۇمى ۋە باشقىلار.

بەزى سۆزلەردىكى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىنمۇ نوۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

نام — نامى، ئازراق — ئازراغى؛

شىمال — شىمالى، تەم — تەمى؛

ئېلىپبە — ئېلىپبەسى، كۆپرەك — كۆپرەگى؛

ئەزا — ئەزاسى، ئىملا — ئىملاسى؛

دەريا — دەرياسى، كان — كانى ۋە باشقىلار.

(3) "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار ئۇلىنىش بىلەن "ئې، ئى"غا نوۋەتلەشكەندىن كېيىن، يەنە قوشۇمچە ئۇلاش توغرا كەلسە، بۇرۇنقى ھالىتىگە قاراپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بار — بېرىش، بېرىشتا، بېرىشقا؛

بەر — بېرىش، بېرىشتە، بېرىشكە؛

جوزا — جوزىسى، جوزىسىغا، جوزىسىدا؛

دولەت — دولىتى، دولىتىگە، دولىتىدە؛

ئائىلە — ئائىلىسى، ئائىلىسىگە، ئائىلىسىدە ۋە باشقىلار.



## §3 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ۋە جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلاشتا تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ.

(1) جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەھەر — شەھەرگە، شەھەردە، شەھەردىن؛

يول — يولغا، يولدا، يولدىن؛

ئىنقىلاپ — ئىنقىلاپقا، ئىنقىلاپتا، ئىنقىلاپتىن؛

مەكتەپ — مەكتەپكە، مەكتەپتىن، مەكتەپتە؛

ياز — يازدىم، يازغان؛

كەت — كەتتىم، كەتكەن ۋە باشقىلار.

ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى "د" تاۋۇشى جانلىق تىلدا "ت" تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، يەنە "د" يېزىلىدۇ، جۈپلۈك تۈرى بولغان قوشۇمچىلاردىن جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياد — يادقا، لېنىنگراد — لېنىنگرادقا، تايلاند — تايلاندقا ۋە باشقىلار.

## §4 ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نوۋەتلىشىشى

(1) "ك، ق، پ" تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان كۆپ بوغۇملۇق

www.uyghurkitap.com

سوزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، "ك" تاۋۇشى "گ" گە، "ق" تاۋۇشى "غ"غا، "پ" تاۋۇشى "ۋ"غا نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

تىلەك — تىلىگى، ئوسۇملۇك — ئوسۇملۇگى؛

بۇلاق — بۇلىغى، ئۇتتۇق — ئۇتتۇغى؛

تەرتىپ — تەرتىۋى، سەۋەپ — سەۋىۋى ۋە باشقىلار.

(2) ئاخىرى "گ" ياكى "غ" تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان سوز-لەرگە يەنە شۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سوز ئاخىرىدىكى ۋە قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى "گ" تاۋۇشى "ك"گە، "غ" تاۋۇشى "ق"غا نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەگ — ئەككەن، تەگ — تەككەن، تۇگ - تۇككەن؛

باغ — باققا، تاغ — تاققا، ياغ — ياققا ۋە باشقىلار.

(3) ئاخىرى "پ" ياكى "ت" تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان بەزى سوزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، "پ" تاۋۇشى "ب" گە، "ت" تاۋۇشى "د"غا نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

جەنۇپ — جەنۇبى، غەرپ - غەربى؛

زاۋۇت — زاۋۇدى، مەقسەت — مەقسىدى؛

ئىقتىسات — ئىقتىسادىي، تەنقىت — تەنقىدى ۋە باشقىلار.

(4) جانلىق تىلىمىزدا تۆۋەندىكى سوزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلان-غاندا يۈز بېرىدىغان تاۋۇش ئوزگىرىشى يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| سوز | ئېيتىلىشى | يېزىلىشى |
| جان | جاڭغا | جانغا |
| ئون | ئوللۇق | ئونلۇق |



| | | |
|---|---|---|
| ئون بەش | ئومبەش | ئون بەش |
| ئاق | ئاختى | ئاقتى |
| ئۇتتۇق | ئۇتتۇغلۇق | ئۇتتۇقلۇق |
| كېرەك | كېرەگلىك | كېرەكلىك |
| كۇچ | كۇشلۇك | كۇچلۇك |
| تۇز | تۇسسىز | تۇزسىز |

## §5 تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى

(1) يېپىق بوغۇملۇق ئايرىم سوزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى "ئى، ئۇ، ئۇ (ü)، ئە" تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

پىكىر — پىكرى؛ ۋاقىت — ۋاقتى؛

ئوغۇل — ئوغلۇم؛ ئورۇن — ئورنى؛

ئومۇر — ئومرى؛ كوڭۇل — كوڭلى؛

سىڭىل — سىڭلىم؛ شەكىل — شەكلى؛

ئەقىل — ئەقلى؛ ئىسىم — ئىسمى؛

بۇرۇن — بۇرنۇم، شەھەر — شەھرى ۋە باشقىلار.

(2) "مەن، سەن" ئالماشلىرى چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە، بۇلارنىڭ ئاخىرىدىكى "ن" تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

مەن — مېنى (مەن + نى = مېنى)

سەن — سېنى (سەن + نى = سېنى)

مەن — مېنىڭ (مەن + نىڭ = مېنىڭ)

سەن — سېنىڭ (سەن + نىڭ = سېنىڭ)

(3) جانلىق تىلىمىزدا چۈشۈپ قالىدىغان بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار، سوز تۈرلەنگەندە پەيدا بولسا يېزىقتا ساقلىنىدۇ، سوز تۈرلەنگەندە پەيدا بولمىسا يېزىقتا ساقلانمايدۇ. مەسلەن:

| سوز | ئېيتىلىشى | يېزىلىشى |
|---|---|---|
| بازار | بازا | بازار (بازىرى) |
| قال | قاسۇن | قالسۇن (قالىدۇ) |
| دوست | دوس | دوست (دوستى) |
| ئال | ئاسۇن | ئالسۇن (ئالدىم) |
| كەل | كەسۇن | كەلسۇن (كەلگەن) |
| تۇر | تۇدى | تۇردى (تۇرىمەن) |
| قەست | قەس | قەست (قەستى) |
| كور | كوگەن | كورگەن (كورىدۇ) |
| ئۇر | ئۇغان | ئۇرغان (ئۇرىدۇ) |

(4) ئۈچۈق بوغۇملۇق بەزى سوزلەرگە I، II شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا "ي" تاۋۇشى قوشۇلىدۇ؛ ئۈچۈق بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا بەزى قوشۇمچىلارنى ئۇلىغاندىمۇ "ي" تاۋۇشى قوشۇلىدۇ. مەسلەن:

سىيا — سىيايىم، سىيايىڭ
گۇنا — گۇنايىم، گۇنايىڭ
ئەزا — ئەزايىم، ئەزايىڭ
جاپا — جاپايىم، جاپايىڭ
دە — دېيىش، دېيىلدى
يە — يېيىش، يېيىلدى
يۇ — يۇيۇش، يۇيۇلغان



# لېكسىكولوگىيە

## بىرىنچى باپ لېكسىكا ھەققىدە ئۇمۇمى چۈشەنچە

### §1 لېكسىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

لېكسىكا گىرېكچە سوز بولۇپ، گىرېكلەرنىڭ "Lehis" دېگەن سوزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئاتالغۇ سوز ياكى سوز تەركىۋى دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، بىر تىلنىڭ سوز تەركىۋىگە كىرىدىغان بارلىق سوزلەرنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

لېكسىكا تىلنىڭ ئۈچ تەركىۋىي قىسمىنىڭ بىرى بولۇپ، تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېساپلىنىدۇ.

تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان لۇغەت بايلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە گىرېكچە سوزدىن كەلگەن بولۇپ، گىرېكلەرنىڭ "Lehis" (سوز) ۋە "Logos" (تەلىمات) دېگەن سوزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ "سوز ھەققىدىكى تەلىمات" ياكى "سوز ھەققىدىكى پەن" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

لېكسىكولوگىيە تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆۋنى تەتقىق قىلىدۇ.

تىلىمىزدا قوللىنىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى، لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى، ئايرىم سۆزلەرنىڭ تارىخىنى، تىلدا يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى، تىلنىڭ يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار بىلەن بېيىشى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئايرىم سۆزلەرنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن قېلىشى — كونىراپ ئىستېمالدىن چىقىپ كېتىشى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيىنىڭ تەتقىق قىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى تارماقلارغا بولۇنىدۇ.

**سېماسىئولوگىيە** بۇ، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ھەم سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ.

**ئېتىمولوگىيە** بۇ، سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ.

**لۇغەتشۇناسلىق** بۇ، لۇغەت تۈزۈش پرىنسىپلىرىنى، يەنى لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇللىرى ۋە لۇغەت تۈزۈش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

**ئىستىلىستىكا** بۇ، ئومۇمەن تىلنىڭ ئۇنۇمگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

## §2 لۇغەت تەركىۋى ھەققىدە

لېكسىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان لۇغەت تەركىۋى ئۆزىنىڭ



ئالاھىدىلىگىگە قاراپ، ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى دېگەن ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

### 1. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى

لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئەڭ پۇختا ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان بارلىق سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان، دائىم قوللىنىلىدىغان، داۋاملىق يېڭى سۆز ياساشنىڭ ئاساسىي بولىدىغان سۆزلەردۇر.

مەسىلەن، ئادەم، يەر، سۇ، تاغ، تاش، ئاتا، ئانا، يول، ئاكا، ياخشى، ئات، كالا، باش، بەش، ئون، يىگىرمە، ئىگىز، ئۇزۇن، ماڭ، ئال، تۇر، بۈگۈن، ياز، قىش، مەن، سەن، كىشى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا، تىلىمىزغا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن گۆش، سوتسىيالىزم، ئىدىيە، مەكتەپ، كىتاب، دەرەخ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ، چۈنكى بۇنداق سۆزلەرنى ئومۇمىي خەلق چۈشىنەلەيدۇ.

### 2. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى

لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرمەيدىغان سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى سۆزلەردەك كەڭ

بولمايدۇ، ئۇلار ئومۇمەن كوپرەك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى خەلق ئاممىسى تەكشى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئازراق قوللىنىلىدۇ ياكى مەخسۇس ساھەلەردە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن، شەيئى، ئالاھىدىلىك، فونېتىكا، تەلىمات، ھاكىمىيەت، قانۇنىيەت، ئۇيغۇن، لۇغەت، سەۋىيە، قۇياش، تەلپەك، دەرەش، چوت، رەندە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 3. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنىڭ پەرقى

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولىغا قاراپ، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(1) ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ بولمايدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنىڭ دائىرىسى كەڭرەك بولىدۇ، يەنى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىرنەچچە مىڭ سوزدىنلا تەشكىل تاپقان بولىدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى بولسا مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان سوزلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

(2) ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەڭ كېرەكلىك سوزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى سوزلەر بولسا خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇنچىلىك ئېھتىياجلىق ئەمەس.

مەسىلەن، يەر، سۇ، ئاش، ئادەم، ماڭ، تۇر، كەت، كەل، بار دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر كۈندە دېگۈدەك ئىشلىتىلىپ تۇرىدۇ؛ قانۇن، دەرەش، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، ئالەم كېمىسى، رادار،



گىراماتىكا دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر ئۇنداق ئەمەس.

(3) تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى تۇراقلىق بولىدۇ، ئۇزۇن ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئوسۇشمۇ ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

مەسىلەن، ئامبال، بەگ، مىراپ دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ كەتسە، تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، گۇڭشې، دادۈي، ھاكىم، ئۇنئالغۇ (لۇيىنجى) دېگەنگە ئوخشاش يېڭى سوزلەر لۇغەت تەركىۋىگە كىرىپ تۇرىدۇ.

(4) ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر ئومۇمى خەلق ئۇچۇن چۈشىنىشلىك بولىدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر ئومۇمى خەلق ئۇچۇن بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ.

مەسىلەن، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە باشقا ساھەلەردىلا قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلارنى شۇ پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن باشقىلار چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن.

(5) ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر يېڭى سوزلەرنى ياساش ئۇچۇن ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىش—ئىشچى، ئاش—ئاشپەز، ئوقۇ—ئوقۇغۇچى، دەرس—دەرسخانا، باش—باشلا، چات—چېتىق، كەچ—كېچىك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى يۇقۇرقى جەھەتلەردە ئوزئارا پەرقلىنىمۇ، لېكىن بۇلار ئوزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئىككىلىسى لۇغەت تەركىۋى ئىچىدە بولىدۇ. جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم سوزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىدىن ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە قوشۇلىدۇ.

بولمايدۇ، ئۇلار ئومۇمەن كوپرەك ئۈزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى خەلق ئاممىسى تەكشى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئازراق قوللىنىلىدۇ ياكى مەخسۇس ساھەلەردە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن، شەيئى، ئالاھىدىلىك، فونېتىكا، تەلىمات، ھاكىمىيەت، قانۇنىيەت، ئۇيغۇن، لۇغەت، سەۋىيە، قۇياش، تەلپەك، دەرەش، چوت، رەندە دىگەنلەرگە ئوخشاش.

## 3. ئاساسي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنىڭ پەرقى

ئاساسي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولىغا قاراپ، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(1) ئاساسي لۇغەت تەركىۋىنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ بولمايدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنىڭ دائىرىسى كەڭرەك بولىدۇ، يەنى ئاساسي لۇغەت تەركىۋى بىرنەچچە مىڭ سوزدىنلا تەشكىل تاپقان بولىدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى بولسا مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان سوزلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

(2) ئاساسي لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەڭ كېرەكلىك سوزلەر ھىساپلىنىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى سوزلەر بولسا خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇنچىلىك ئېھتىياجلىق ئەمەس.

مەسىلەن، يەر، سۇ، ئاش، ئادەم، ماڭ، تۇر، كەت، كەل، بار دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر كۈندە دىگۇدەك ئىشلىتىلىپ تۇرىدۇ؛ قانۇن، دەرەش، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، ئالەم كېمىسى، رادار،



گىراماتىكا دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر ئۇنداق ئەمەس.

(3) تىلنىڭ ئاساسي لۇغەت تەركىۋى تۇراقلىق بولىدۇ، ئۇزۇن ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئوسۇشمۇ ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

مەسىلەن، ئامبال، بەگ، مىراپ دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ كەتسە، تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، گۇڭشې، دادۈي، ھاكىم، ئۇنئالغۇ (لۇيىنجى) دىگەنگە ئوخشاش يېڭى سوزلەر لۇغەت تەركىۋىگە كىرىپ تۇرىدۇ.

(4) ئاساسي لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر ئومۇمى خەلق ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولىدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر ئومۇمى خەلق ئۈچۈن بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ.

مەسىلەن، ماتىماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، ئاستىرونومىيە، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە باشقا ساھەلەردىلا قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلارنى شۇ پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن باشقىلار چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن.

(5) ئاساسي لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر يېڭى سوزلەرنى ياساش ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىش—ئىشچى، ئاش—ئاشپەز، ئوقۇ—ئوقۇغۇچى، دەرس—دەرسخانا، باش—باشلا، چات—چېتىق، كەچ—كېچىك دىگەنلەرگە ئوخشاش.

ئاساسي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى يۇقۇرقى جەھەتلەردە ئوزئارا پەرقلەنسىمۇ، لېكىن بۇلار ئوزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئاساسي لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئىككىلىسى لۇغەت تەركىۋى ئىچىدە بولىدۇ. جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم سوزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىدىن ئاساسي لۇغەت تەركىۋىگە قوشۇلىدۇ.

# ئىككىنچى باپ سۆز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

## §1 سۆز

ئۆز ئالدىغا مەنە ئۇقتۇرىدىغان، تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىگى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئۇ، خەت، كىتاپ، ئون، ياخشى، ئوقۇش، ئەمگەك، ئىشچى دېگەنگە ئوخشاش.

سۆزلەر تىل تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. تاۋۇش سۆزنىڭ ماددى پوستى ھېساپلىنىدۇ، مەنە سۆزنىڭ مەزمۇنى ھېساپلىنىدۇ، يەنى سۆز دېگىنىمىز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكىدۇر.

مەسىلەن، "قەلەم" دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ "ق-ە-ل-ە-م" دېگەن 5 تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۆزلەر جۈملىدە قۇرۇلۇش ماتېرىيالىلىق رول ئوينايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىمىزغا قاراپ، سۆزلەرنى ئەركىن قوللىنىش ئارقىلىق تۈرلۈك جۈملىلەرنى تۈزۈپ، مۇرەككەپ ئوي-پىكرىمىزنى ئۇقتۇرىمىز.

مەسىلەن، "مېنىڭ ئاكام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ"، "مەن زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ئاكامغا خەت يازدىم" دېگەن جۈملىلەرنى ئالساق، بۇ



جۈملىلەردىكى "مەن، ئاكا، زاۋۇت، ئىشلەش، خەت، ياز" دېگەن سۆزلەر ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۈملىدە تۈرلۈك ئورۇندا ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىدە كېلىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

سۆزنى تىل بىرلىكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك تىل بىرلىگى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنى جۈملىدە ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان يەنىمۇ كىچىك تىل بىرلىكلىرىگە ئاجرىتىشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن، "قەلەم، قەغەز، سىيا، ئىشچى" دېگەن سۆزلەرنى بۇنىڭدىنمۇ كىچىك تىل بىرلىكلىرىگە بۆلۈشكە بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، بۇ سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىلدۈرەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ، ياكى مەنىسىز بولغان تاۋۇشلار بىرىكمىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى تىلىمىزدا ئەركىن قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ.

سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرغاندىمۇ، گىراماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ جۈملە ئىچىدە تۇرغاندىمۇ بەلگىلىك بىر مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سۆز كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسە توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، مەنە ئۇقتۇرمايدىغان سۆز بولمايدۇ، مەنە ئۇقتۇرمايدىغان ھەرقانداق تاۋۇشلار بىرىكمىسىنى سۆز دېگىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن، سىنىپ، كۈرەش، ئىدىيە، ئاق، تەجرىبە، ۋەتەن، مائارىپ، چېقىن، گۈلدۈرماما دېگەنگە ئوخشاش.

سۆزلەر جۈملە ئىچىدە بىر بىرىدىن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ، ھەر بىر سۆز بىر گەۋدە قىلىپ ئېيتىلىدۇ ۋە بىر گەۋدە قىلىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز؛ مەكتىۋىمىزنىڭ بېغىدا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلدى دېگەنگە ئوخشاش.

## §2 سۆز مەنىسى

بىز يۇقۇرىدا لېكسىكولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى بولغان سېماسىولوگىيىنىڭ سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن، بىز تۆۋەندە سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق مەنىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەلۇمكى، سۆزلەر جۈملىدە مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسە ۋە ئۇنىڭ ھەركىتى، خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، شۇلار ھەققىدىكى بەزى قوشۇمچە مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

سۆزلەرنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئومۇمى مەنىسى، يەنى ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ كىشى ئېڭىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئېتىشى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، كىتاپ، قەلەم، دەپتەر، سىيا، ئادەم، يەر، سۇ، ھاۋا، يامغۇر، ياز، ماڭ، ئاق، قىزىل دېگەنگە ئوخشاش.

سۆزلەرنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىسى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، "ئوقۇغۇچىلار كەلدى" دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆز بار. بۇنىڭدىكى ئالدىنقى سۆز ئوقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكىسى شۇ شەخسنىڭ ھەركىتىنى بىلدۈرىدۇ.



بۇ مەنىلەر مۇشۇ ئىككى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ھېساپلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، "ئوقۇغۇچىلار" دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، كوپلۇك ساندا، باش كېلىشتە كەلگەن ھەمدە جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن (توت تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن)؛ "كەلدى" دېگەن سۆز پېئىل بولۇپ، III شەخستە، ئۆتكەن زاماندا، بولۇشلۇق شەكلىدە كەلگەن ھەمدە جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن. مانا بۇ مەنىلەر مۇشۇ سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۈستىگە قوشۇلغان مەنىلەر بولۇپ، بۇ مەنىلەر سۆزلەرنىڭ جۈملىدە مەلۇم تەرتىپتە ئۆزئارا باغلىنىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بولسا سۆز ئايرىم تۇرغاندىمۇ، جۈملە ئىچىدە تۇرغاندىمۇ بىلىنىۋېرىدۇ.

## §3 بىر مەنىلىك سۆز ۋە كۆپ مەنىلىك سۆز

### 1. بىر مەنىلىك سۆز

ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسە توغرىسىدا بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، شەھەر، تاغ، دەريا، قار، يامغۇر، كىتاپ، قەلەم، قەغەز، دەپتەر، قەشقەر دېگەنگە ئوخشاش.

تىلىمىزدا بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. بىر مەنىلىك سۆزلەرگە كۆپىنچە پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئاتالغۇلار، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەر ۋە تىلىمىزدا

يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر قىسىم سۆزلەر، خاس ئىسىملار كىرىدۇ.

بىر مەنىلىك سۆزلەردە خاس ئاتالغۇلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن، گىراماتىكا، فىزىكا، دادۇي، قەشقەر، بېيجىڭ، ئوكۇل، سوتسىيالىزىم ۋە باشقىلار.

## 2. كۆپ مەنىلىك سۆز

بىر ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە بىرقانچە كۆچمە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاشلا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغەت سوستاۋىنىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ تولىسى تىلىمىزدا ئۇزاقتىن بېرى خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان سۆزلەردۇر.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈپ مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال مەنىسى ئاساسىي مەنىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئەسلى مەنىسى ياكى ئاساسىي مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى ياكى تارىيىشى، ئۆزگىرىشى ياكى تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان مەنىسى كۆچمە مەنىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "باش، قارا، سال، چىش، چەكمەك، كۆز، ئوچۇق" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ئاساسىي مەنىسىدىن باشقا، بىرمۇنچە كۆچمە مەنىلىرى بار. مەسىلەن:

ساندۇققا سېلىش — ساندۇققا قاچىلاش
ئۆي سېلىش — ئۆي ياساش



ئۇرۇق سېلىش — ئۇرۇق چېچىش
سورەم سېلىش — سورەم سورىتىش
يولغا سېلىش — سەپەرگە ئۇزىتىش
خەت سېلىش — خەت ئەۋەتىش
تۇز سېلىش — تۇز قويۇش
قولاق سېلىش — ئاڭلاش
بەس سېلىش — بەسلىشىش
ئوتقا سېلىش — كۆيدۈرۈش

بۇنىڭدىن باشقا، "سال" دېگەن سۆزنىڭ "ئورۇن سېلىش، كىگىز سېلىش، گەپكە سېلىش، نەزەر سېلىش، كۆز سېلىش، كۆرەشكە سېلىش" دېگەنگە ئوخشاش كۆچمە مەنىلىرىمۇ بار. يەنە مەسىلەن:

ئىشىك ئوچۇق — ئىشىك يېپىلمىغان ئەمەس
ھاۋا ئوچۇق — ئاسماندا بۇلۇت يوق
قولى ئوچۇق — مەرت-سېخى
كۆڭلى ئوچۇق — خۇشخۇي
ئاغزى ئوچۇق — ساددا كىشى

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى كۆپىنچە ئوبرازلىق بولىدۇ. سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مەلۇم شەيئى ياكى ئۇقۇمغا نام بولۇپ، ئۇنى بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى بولسا شۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى ئىپادىلىگەن شەيئى ياكى ئۇقۇمغا ئوخشاپراق كېتىدىغان شەيئى ياكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

دېڭىز سۈيى دولقۇنلىدى.
ئىنقىلاب دولقۇنى بىرئاز پەسەيدى.
خەلق مەيدانىدا ئادەملەر دېڭىزى دولقۇنلىماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ھەركەت بارغانسېرى راۋاجلىنىپ دولقۇنغا ئايلاندى.
بىز ئۆتكەن يىللىرى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك دولقۇنغا چىقاتتۇق.
تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئوغلى دولقۇن بۇ يىل ئالى مەكتەپكە كىردى.
بۇ مىساللاردىكى "دولقۇن" دىگەن سۆزنىڭ تۈپ مەنىسى بىلەن كۆچمە مەنىسىنى سېلىشتۇرساق، بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردىمى تېگىدۇ.

## §4 مەنىداش سۆزلەر، قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئاھاڭداش سۆزلەر

### 1. مەنىداش سۆزلەر

شەكلى ھەر خىل، ئەمما مەنىسى ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان، ئىستىمالدا ئاز بولسىمۇ پەرقلىرى بولغان سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئادەم، كىشى، ئىنسان؛
ئارام ئېلىش، ھاردۇق ئېلىش، دەم ئېلىش؛
ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش، قۇربان بولۇش؛
چىڭ، پۇختا، مەزمۇت، مۇكەممەل، مۇستەھكەم؛
يۈزى، چىرايى، جامالى، رەڭگى، ئۇزايى؛
كۆپ، جىق، تولا، نۇرغۇن؛
باتۇر، جەسۇر، قەھرىمان، پالۋان، يۈرەكلىك؛
ياخشى، ئوبدان، بەلەن؛
ئىتتىك، چاپسان، تېز ۋە باشقىلار.



دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى يېقىن بولغىنى بىلەن، بۇلارنىڭ قوللىنىلىشىدا ئىنچىكە پەرقلەرنىڭ بارلىغىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن، "ھاردۇق ئالدىم" دىگەنىنىڭ ئورنىغا "ئارام ئالدىم" دىگىلى بولسىمۇ، "كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق" دىگەنىنىڭ ئورنىغا "كۆڭلۈمنىڭ ھاردۇغى يوق" دىگىلى بولمايدۇ.

"ئادەم بولۇپ قالدى" دىگەنىنىڭ ئورنىغا "كىشى بولۇپ قالدى" دىگىلى بولمايدۇ.

"ئۆلۈش" دىگەن سۆزنى ئادەم ۋە باشقا جانلىق نەرسىلەرگە قوللىنىشقا بولسىمۇ، "ۋاپات بولۇش" دىگەن سۆز پەقەت ئادەمگە قارىتا قوللىنىلىدۇ.

"ئىتتىك، چاپسان، تېز" دىگەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر بولسىمۇ، "ئىتتىك پىچاق" دىگەن بىرىكمىدىكى "ئىتتىك" دىگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "چاپسان" ياكى "تېز" دىگەن سۆزلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ.

مەنىداش سۆزلەر بەزىدە "سىنونىم سۆزلەر" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىنونىم گىرىكچە سۆز بولۇپ، گىرىكلەرنىڭ "sunonumos" (ئوخشاش ناملىق) دىگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان. تىلىمىزدا مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى تىل بايلىغىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر تىلىمىزدا تۆرلۈك يوللار بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

(1) ئومۇمى خەلق تىلىدا بىر تەسەۋۋۇرنى ئىپادىلىگۈچى تۆرلۈك سۆزلەر ئارىسىدا مەنە جەھەتتىن بىر خىللىق، ئوخشاشلىق، يېقىنلىقنىڭ تۇغۇلۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

دوست، يار، بۇرادەر، ئاغىنە دىگەنگە ئوخشاش.

**(2) خەلق تىلىدىكى مەلۇم مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئۈستىگە**

ئايرىم دىئالېكتىلاردىن شۇ سۆزگە مەنە جەھەتتىن يېقىن بولغان سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈجمە، جۈجەم؛ تال، تەك؛ ئاچا، ھەدە، ئاپلا دېگەنگە ئوخشاش.

(3) تۈرلۈك تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

زور، ئۇلۇغ، بۈيۈك، گىگانت؛

نەمۇنە، ئۈلگە، ئورنەك، ئەۋرىشكە؛

مېتود، ئۇسۇل ۋە باشقىلار.

## 2. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر

مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە زىت بولغان سۆزلەر قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كېچە-كۈندۈز | قاتتىق-يۇمشاق |
| ئىسسىق-سوغۇق | ياخشى-يامان |
| چوڭ-كىچىك | ئۇزۇن-قىسقا |
| ئېغىر-يېنىك | يۇقىرى-تۆۋەن |
| ئىگىز-پەس | كونا-يېڭى |
| ئاق-قارا | ياش-قېرى |

قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر بەزىدە "ئانتونىم سۆزلەر" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. "ئانتونىم" گىرېكچە سۆز بولۇپ، گىرېكلەرنىڭ "anti" (قارشى) ۋە "onuma" (نام) دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ھازىر قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر ياكى زىت مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتالماقتا.



قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر نۇتۇقتا ۋە يېزىقچىلىقتا ئوي-پىكرنى كۈچەيتىش ۋە ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەزىپىمىزنى تېز ئورۇنلاش ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈز دېمەي ئىشلىدۇق.

قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولۇش ئۈچۈن، قارىمۇ-قارشى قويۇشقا بولىدىغان، بىرىنىڭ قارشى تەرىپىنى كۆرسىتەلەيدىغان، كەم دېگەندە ئىككى سۆز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

ئورۇق، سېمىز، ئاۋاق؛

ئىگىز، پەس، پاكار دېگەنگە ئوخشاش.

مەنىلىرىنى قارىمۇ-قارشى قويۇشقا بولمايدىغان سۆزلەر قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولالمايدۇ.

مەسىلەن، تاش، تاغ، كىتاپ، قەلەم، قوي، دەپتەر، ئۈرۈمچى، تىراكتۇر دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرگە قارىمۇ-قارشى بولغان سۆزلەرنى قويۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭلاشقا بۇلار قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولالمايدۇ.

## 3. ئاھاڭداش سۆزلەر

تاۋۇشلىرى ئوخشاش بولغان، لېكىن مەنىلىرى ئوخشاش بولمىغان، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنە بېرىدىغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئات — (ئات قويماق، ئىسىم)

**ئات** — (مىنىدىغان ئات، ئىسىم)

www.uyghurkitap.com

ئات ـــ (ملتقنى ئات، بۇيرۇق پېئل)

ئوت ـــ (ئوچاقتىكى ئوت، ئىسم)

ئوت ـــ (ئوت ـ چوپ، ئىسم)

كۆل ـــ (كۆلمەك، بۇيرۇق پېئل)

كۆل ـــ (ئوتنىڭ كۆلى، ئىسم)

قوش ـــ (قوش ھەيدەش، ھەم پېئل، ھەم ئىسم بولىدۇ)

قوش ـــ (بىر جۈپ، ئىككى)

ئاچ ـــ (ئىشكنى ئاچ، بۇيرۇق پېئل)

ئاچ ـــ (رەڭگى توق ئەمەس، سۈپەت)

ئاچ ـــ (ئاچ قالماق، قوساق ئاچتى)

مانا بۇ مىسالـلاردىكى "ئات، ئوت، كۆل، قوش، ئاچ" دىگەن سۆزلەر ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئىپادە قىلغان مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاھاڭداش سۆزلەر "ئومونىم" سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومونىم گىرېكچە سۆز بولۇپ، گىرېكلەرنىڭ "homos" (بىر خىل) ۋە "onuma" (نام) دىگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ھازىر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئىشلىتىلمەكتە.

ئاھاڭداش سۆزلەر ئۇيغۇر شېئرىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى ۋە ئويناماقتا. شائىرلار ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىرلارنى يازغان ۋە يازماقتا.

مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەڭگىۋار شائىرى ل. مۇتەللىپ ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى مۇختەممەسلەرنى يازغان ئىدى:



چېلىش، پۈكلە، دۈشمەننى ئۇرتە، ئوتقا ياق،

يوپۇش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كوكرەك ياق.

كەسكىن مىنۇت يېتىپ، جېڭگىغا كەلسە ئېھتىمال،

دىمە! ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يا، ياق.

* * *

ئۈز، غولاچ تاشلا، ئازاتلىق دېڭىزىنى كەچ،

ئەمما سۇباتلىقنى ھەيران قىل ئەرتە ۋە كەچ.

ۋەتەن، خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل،

ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتە سەن جېنىڭدىن كەچ.

بۇ شېئرنىڭ 1 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسراسىدىكى "ياق" كويدۇر، يوقات مەنىسىدە، 2 ـ مىسراسىدىكى "ياق" تېگىش، يېقىش مەنىسىدە، 4 ـ مىسراسىدىكى "ياق" ئىنكار مەنىسىدە كەلگەن. 2 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسراسىدىكى "كەچ" ئۆتۈش مەنىسىدە، 2 ـ مىسراسىدىكى "كەچ" ۋاقىت مەنىسىدە، 4 ـ مىسرادىكى "كەچ" ۋاز كېچىش، پىدا قىلىش مەنىسىدە قوللىنىلغان.

ئۇلۇغ ئەلىشىر ناۋايىمۇ ئاھاڭداش سۆزلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن:

ئالمىنى سۇندى نىگارىم ـــ ئال! دىدى،

ئالما بىلەن بۇ كوڭۇلنى ئال! دىدى؛

سوردىم شۇ چاغ ئالمىنىڭ رەڭگىنى،

نە سورارسەن؟ ـــ ئالما رەڭگى ـــ ھال ـــ دىدى.

بۇنىڭدا "ئال" دىگەن سۆز ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

تىلىمىزدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ھەر خىل يوللار بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

(1) تۈرلۈك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ تاسادىپىي ھالدا ئوخشاپ قېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.

(2) بەزىبىر سۆزلەرنىڭ تۈپ مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن، شۇ سۆز تاۋۇش جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىماي، بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

(3) بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا سۆز-ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ.

(4) سۆزلەردىكى بەزى تاۋۇشنىڭ فونېتىك ئۆزگىرىش ياسىشى (كوپىنچە چۈشۈپ قېلىشى) ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئاھاڭداش سۆزلەرنى تېپىڭلار.

قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات،
ياخشىلىق قىل بالام، يامانلىقنى ئات.
نەسىھەتىم ياد قىلىپ ئال، پەرزەنتىم،
يالغۇز يۈرسەڭ چاڭ چىقارماس ياخشى ئات.



# ئۈچىنچى باپ فرازىولوگىيە

## §1 فرازىولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

فرازىولوگىيە گرېكچە ”frazis“ (ئىبارە) ۋە ”Logos“ (ئىلىم) دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن، تىلىمىزدا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىشىغا قاراپ، ئەركىن سۆز بىرىكمىسى ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئەركىن سۆز بىرىكمىسى

تەركىۋىدىكى سۆزلەر نۇتۇق جەريانىدىلا بىرىكىپ كېلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى ئەركىن سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ”قىزىل گۈللەر ئېچىلدى“ دېسەك، بۇ جۈملىدە ”قىزىل گۈللەر“، ”گۈللەر ئېچىلدى“ دېگەن ئىككى سۆز بىرىكمىسى بار. بۇنىڭدىكى ”قىزىل“ دېگەن سۆز بىلەن ”گۈللەر“ دېگەن سۆزنىڭ، ”گۈل“ دېگەن سۆز بىلەن ”ئېچىلدى“ دېگەن سۆزنىڭ ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىشى ئەركىن بىرىكمە ھېساپلىنىدۇ، تۇراقلىق بىرىكمە ھېساپلانمايدۇ (بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلى توختىلىمىز).

www.uyghurkitap.com

## 2. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى فرازېئولوگىيىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ.

سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىكىپ، ئۇزاق قوللىنىش نەتىجىسىدە مەنە ۋە گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان سۆز بىرىكمىلىرى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا؛ ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە؛ قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق؛ چىشىمغا تەگمە، قۇۋۇرغامنى ئەگمە؛ گۆرنىڭ ئاغزىدىن ياندى ۋە باشقىلار.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئومۇمەن بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە، ئۇلارنىڭ ئورۇن-تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ياكى شېئىرىيەتتە تۇراق، قاپىيە نۇقتىسىدىن، بەزى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن-تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى لۇغەت سوستاۋىمىزدىكى مۇھىم بىر بايلىق بولۇپ، ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇلارنى تىلىمىزدا ئۈنۈملۈك قوللىنىش مۇھىم بىر خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، گىراماتىكىلىق باغلىنىشى، لېكسىكىلىق مەنىسىگە قاراپ، 3 تۈرگە بولۇنىدۇ:



(1) ماقاللار ياكى ماقال بولۇپ كەتكەن سۆز بىرىكمىلىرى؛ (2) تەمسىلەر ياكى تەمسىل بولۇپ كەتكەن سۆز بىرىكمىلىرى، (3) ئىدىئوملار ياكى ئىدىئوماتىك سۆزلەر.

## §2 ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملار

ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملار تىلىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئوبدان ئۆگىنىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماقال-تەمسىلەر ۋە ئىدىئوملار تارىختىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، مەنە جەھەتتىن چوڭقۇر، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق بولغان، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قىسقا ۋە ئىخچام بولغان تىل بايلىقىدۇر.

ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، ماقال-تەمسىلەر ۋە ئىدىئوملارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر بىر بىرى بىلەن مەنە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇستەھكەم باغلانغان بولۇپ، ئۇلار تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىشقا بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ”دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ؛ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش؛ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىش“ دېگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر بىر بىرى بىلەن مەنە جەھەتتىن زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنى زورمۇ-زور ئاجراتساق، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملارنىڭ تەركىۋىدىكى

## 2. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى فرازېولوگىيىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ.

سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىكىپ، ئۇزاق قوللىنىش نەتىجىسىدە مەنە ۋە گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان سۆز بىرىكمىلىرى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا؛ ئۆيناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە؛ قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق؛ چىشىمغا تەگمە، قۇۋۇرغامنى ئەگمە؛ گورنىڭ ئاغزىدىنياندى ۋە باشقىلار.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئومۇمەن بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە، ئۇلارنىڭ ئورۇن-تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ياكى شېئرىيەتتە تۇراق، قاپىيە نۇقتىسىدىن، بەزى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن-تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى لۇغەت سوستاۋىمىزدىكى مۇھىم بىر بايلىق بولۇپ، ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇلارنى تىلىمىزدا ئۇنۇملۇك قوللىنىش مۇھىم بىر خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، گىراماتىكىلىق باغلىنىشى، لېكسىكىلىق مەنىسىگە قاراپ، 3 تۈرگە بولۇنىدۇ:



(1) ماقاللار ياكى ماقال بولۇپ كەتكەن سۆز بىرىكمىلىرى؛ (2) تەمسىللەر ياكى تەمسىل بولۇپ كەتكەن سۆز بىرىكمىلىرى، (3) ئىدىئوملار ياكى ئىدىئوماتىك سۆزلەر.

## §2 ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملار

ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملار تىلنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئوبدان ئۆگىنىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملار تارىختىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، مەنە جەھەتتىن چوڭقۇر، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق بولغان، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قىسقا ۋە ئىخچام بولغان تىل بايلىقىدۇر.

ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر بىر بىرى بىلەن مەنە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇستەھكەم باغلانغان بولۇپ، ئۇلار تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىشقا بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، "دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ؛ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش؛ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىش" دىگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر بىر بىرى بىلەن مەنە جەھەتتىن زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنى زورمۇ-زور ئاجراتساق، ئۇلارنىڭ مەنىسىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىئوملارنىڭ تەركىۋىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوزلەر گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىرىكمە تەركىۋىدىكى سوزلەرنى ئىختىيارى ھالدا ئالماشتۇرۇشقا، ئورۇن-تەرتىۋىنى ئوزگەرتىشكە، بىرەر سوزنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن، "بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما" دىگەن ماقالدىكى سوزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا ياكى بىرەر سوزنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، ھەتتا "ئىش، ئەتە" دىگەن سوزلەرگە قوشۇلغان "نى، گە" قوشۇمچىلىرىنىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىيوملارنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ مەنىلىرى شۇ سوز ئايرىم تۇرغان چاغدا ياكى باشقا سوزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەن چاغدا بىلدۈرىدىغان مەنىلىرىدىن يىراقلاشقان بولۇپ، دەسلەپكى ئاساسىي مەنىسىدىن ئايرىلغان بولىدۇ.

مەسىلەن، "بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما" دىگەن ماقال ۋاقىتنى چىڭ تۇت دىگەن مەنىنى؛ "بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش" دىگەن تەمسىل بولسا بىر ئىش بىلەن ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىشىش دىگەن مەنىنى؛ "ئاغزى قۇلىغىغا يېتىش" دىگەن ئىدىيوم بولسا خوشال بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ماقال- تەمسىللەر ۋە ئىدىيوملار خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، تۇرمۇش ۋە كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە. گەرچە تىلنىڭ سىنىپىيلىغى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى سىنىپلار تىلدىن ئوز مەنپەئەتى يولىدا پايدىلىنىدۇ. شۇڭا ماقال-تەمسىللەرنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ سىنىپى خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىگىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم.



ئەمگەكچى خەلق ماقال-تەمسىللەردىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى تەييارتاپ سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان ۋە پايدىلىنىدۇ. ئەكسىيەتچى سىنىپلارمۇ ئوزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل ئىدىيوملار ۋە ماقال-تەمسىللەرنى ئويدۇرۇپ چىققان ۋە بۇنىڭدىن پايدىلانغان. مەسىلەن:

ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە؛
بېلى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق؛
كىمنىڭ زۇلمى كوپ بولسا، زاۋالى يېقىن بولار؛
كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدى لىۋىنى چىشلەپ؛
كەتمەننى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ خان خوجام؛
ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇقرا ياقالامدۇ چىراق؟
تۇمغىنى ئال دىسە، بېشىنى كېسىپتۇ؛
ياخشىغا كۇن يوق، يامانغا ئولۇم؛
يالاقچى يالاپ تويىماس، غالچا غاجىلاپ؛
ئىلاننىڭ تېشى سىلىق، ئىچى زەھەر؛
زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ؛
ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم؛
پايدىسى يوق بايدىن، سۇيى يوق ساي ياخشى.

مانا بۇلار ئەمگەكچى خەلق ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان ماقال-تەمسىللەردۇر.

قۇل ئات مىنسە، چىقمىغان دوڭى قالماس؛
دىدەك مۇنچاق ئاسسا، كىرمىگەن ئويى قالماس؛
خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا؛

ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ؛
بوزەكنى تاپسام، بۇرنىغا يىپنى ساپسام؛
كەمبەغەلنى ئېززەتلىسەڭ، چورىغى بىلەن تورگە چىقار؛
قۇم يىغىلىپ تاش بولماس، قۇل يىغىلىپ باش.

مانا بۇلار ئەزگۈچى سىنىپلار ئۇزلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان ماقال-تەمسىلەردۇر.

ماقال-تەمسىلەر كوپىنچە بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر بىرىدىن ئاجرىتىلماي، بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى قوللىنىلىپ كەلمەكتە. ماقال-تەمسىلەرنىڭ سوزى يىغىنچاق، مەنىسى چوڭقۇر بولىدۇ، ئۇلار جانلىق، ئوبرازلىق بولىدۇ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن تۇراقلىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە. ئۇلار ئوخشاشلا ئىستىلىستىك ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئىدىئوم ۋە ماقال-تەمسىلەرنىڭ ئورتاقلىق تەرىپىدۇر. گەرچە ئۇلار ئاشۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار.

ئۇلارنىڭ پەرقىغە كەلسەك، ئىدىئوملار تىلدا پەقەت بىرەر ئۇقۇمنىلا بىلدۇرىدۇ، جۈملىدە بىر سوز ياكى جۈملە بولۇگى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ماقال-تەمسىل بولسا ھوكۇم ياكى ئەقلىي يەكۇننى ئىپادىلەپ، چوڭقۇر بىر قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار تىلدا جۈملە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

"تومۇرنى تۇتۇپ بېقىش" دېگەن ئىدىئوم "سىناپ بېقىش" دېگەن بىرلا چۈشەنچىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، بىر پۈتۈن جۈملە بولالمايدۇ، جۈملە بولىگلا بولۇپ كېلىدۇ.



"دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ" دېگەن ماقالدا چوڭقۇر بىر قائىدە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ جۈملە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ماقال بىلەن تەمسىلمۇ بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ماقال خەلقنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۇنلەپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبرەت بولىدىغان، قاپىيە، ۋەزىن ھەم تۇراقلارغا ئىگە بولغان ئەقلىيە سوزلەردۇر. مەسىلەن:

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا؛ ئويناپ سوزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سوزلە؛ ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روينىڭ سامان بولماس دېگەنگە ئوخشاش.

تەمسىل بولسا تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ھادىسىلەرنى تەسۋىرىي ئىپادىلەپ، كوچمە مەنىدە كېلىدۇ. بەزىلىرىدە كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيتى ھايۋانلار ئۈستىگە كوچۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى قوچقار ئۇسۇشسە، بورىنىڭ قۇسىغى ئېچىپتۇ؛ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ؛ يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك؛ سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماقال دېگىنىمىز خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن يەكۇنلەنگەن پىكىر-چۈشەنچىلەرنىڭ تىلىمىزدا ئۇدۇل، چوڭقۇر مەنە بېرىدىغان جۈملىلەر بىلەن ئىخچاملىنىپ كورستىلىشىدۇر.

تەمسىل بولسا ئوي-پىكىرنىڭ ئۇدۇل مەنە بېرىدىغان جۈملىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ تۇرلۇك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر بىرىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق، بىرئاز ئايلانما يول بىلەن ئىپادىلىنى-

شىدۇر. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ماقال، تەمسىل ۋە ئىدىوملارغا مۇنداق تەبىر بېرىش مۇمكىن:

ماقال دەپ قىسقا، ئوبرازلىق، چوڭقۇر مەنىلىك بىرىكمە ۋە جۈملىلەرگە ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئەمگەك بىلەن ئەر كوكۇرەر، يامغۇر بىلەن يەر؛ يىراق يولنى غەيرەت بىلەن قىسقارت؛ ئادەمنىڭ تېشىغا باقما، ئىچىگە باق؛ ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دىگەنگە ئوخشاش.

تەمسىل دەپ بىرەر نەرسىنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيىتىگە ئوخشىتىش تەرىقىسىدە ئېيتىلغان تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىگە ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق؛ يىراق بولسا كىشىنشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر؛ ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى؛ موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە؛ ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دىگەنگە ئوخشاش.

تەركىۋىدىكى سوزلەر ئوزىنىڭ ئايرىم تۇرغان چاغدىكى مەنىلىرىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان، لىكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىن تۇراقلاشقان سوز بىرىكمىلىرى ئىدىوملار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

چىشىمغا تەگمە؛ قوۋۇرغامنى ئەگمە؛ ئوپكەڭنى بېسىۋال؛ تىلىڭنى تارت؛ كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتۇلدۇرماق؛ بىر ياقىدىن باش چىقىرىش؛ بىر يەڭدىن قول چىقىرىش ۋە باشقىلار.



# گىراماتىكا

## گىراماتىكا ھەققىدە ساۋات

گىراماتىكا دىگەن ئاتالغۇ ھەم تىلنىڭ كونكىرىت قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى دىگەن مەنىدە، ھەم مۇشۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دىگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى دىگەن نىمە؟

مەلۇمكى، ھەرقانداق تىلدا ئالاقە ئېھتىياجى ئۈچۈن قۇرۇلۇش ماتىرىياللىق رول ئوينايدىغان نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭلىغان سوزلەر بولىدۇ. بۇ سوزلەر يىغىلىپ شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ. لىكىن مۇشۇ لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئوزىلا ئالاقە ئېھتىياجىنى تولۇق قامداپ كېتەلمەيدۇ، يەنى كىشىلەر تىلدىكى ئايرىم ـ ئايرىم سوزلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسە توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىلا ئاڭلىتىشى مۇمكىن، لىكىن ئوزلىرىنىڭ تولۇق ئوي ـ پىكرىنى ئاڭلىتىشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت نۇرغۇنلىغان سوزلەرنى مەلۇم قائىدە بويىچە ئوزئارا باغلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن دىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكرىنى بىلدۈرۈش مۇمكىن. مانا شۇنداق بىر يۈرۈش قائىدىلەر تىلنىڭ گىراماتىكىسى دىيىلىدۇ.

مەسىلەن، بىز ”ئالاقە، تىل، قورال، ئىنسانلارنىڭ، ئەڭ، مۇھىم“ دىگەن 6 سوزنى تەرتىپسىز ھالدا، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانمىغان ھالدا
بىر يەرگە يىغىپ قويساق، بۇنىڭدىن مۇشۇ 6 سوزنىڭ كونكىرىت
مەنىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن سوزلىگۇچە-
نىڭ بۇ 6 سوز ئارقىلىق دېمەكچى بولغان ئوي-پىكرى تولۇق مەلۇم
بولمايدۇ. بۇ سوزلەر پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراما-
تىكىلىق قائىدىسىگە ئاساسەن، "تىل-ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم
ئالاقە قورالى" دېگەن شەكىلدە بىرىكىپ كەلگەندىلا، ئاندىن سوزلى-
گۇچىنىڭ ئوي-پىكرى تولۇق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى مۇشۇ باغلىنىشتا،
"تىل" دېگەن سوز بايان قىلماقچى بولغان ئوي-پىكىرنىڭ مەركىزىي
نۇقتىسى، جۇملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن؛ "ئالاقە قورالى" دېگەن
ئىككى سوز مەركىزىي نۇقتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىپ، جۇملى-
نىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن؛ "ئىنسانلارنىڭ" دېگەن سوز ۋە "ئەڭ
مۇھىم" دېگەن سوز "ئالاقە قورالى" دېگەن سوز بىرىكمىسىنى
ئېنىقلاپ، جۇملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.
دېمەك، بۇ سوزلەر ئوزئارا مۇشۇنداق باغلىنىپ كەلگەنلىكى
ئۇچۇن، سوزلىگۇچىنىڭ دېمەكچى بولغان ئوي-پىكرى بىزگە تولۇق
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا يولداش ستالىن ئوزىنىڭ «ماركسىزىم ۋە
تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: "لۇغەت تەركىۋىسىز
ھېچقانداق تىلنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.
لېكىن تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تىل بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. ئەمما
تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تىل گىراماتىكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا
بولغاندا، ئۇ ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. گىراماتىكىدا
سوزنىڭ ئوزگىرىش قائىدىلىرى، سوزلەردىن جۇملە تۈزۈش قائىدى-
لىرى بەلگىلەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلغا تەرتىپلىك، مەنىلىك



خاراكتىر بېرىلىدۇ" دەپ كورسىتىدۇ.
مانا بۇنىڭدىن گىراماتىكىنىڭ تىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر
تەركىۋىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، گىراماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەت-
لەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۈگىنىشنىڭ تىل تەتقىقاتىدا تولىمۇ مۇھىم
بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كورۈۋالالايمىز.
گىراماتىكا سوزلەرنىڭ ئوزگىرىشى، سوزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە
سوزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بولۇنۇشى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەت-
لەرنى، سوزلەرنىڭ ئوزئارا قوشۇلۇپ جۇملە بولۇش توغرىسىدىكى
قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى ئوزىنىڭ تەتقىقات ئوبىيكتى قىلىدۇ. شۇڭا
گىراماتىكا ئوزىنىڭ مۇشۇ تەتقىقات ئوبىيكتىنىڭ دائىرىسىگە قاراپ،
مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى چوڭ قىسىمغا بولۇنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مورفولوگىيە

## بىرىنچى باپ مورفولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە ئايرىلىشى توغرىسىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

سۆزلەر جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تەركىۋىگە كىرگەندە، ھەر دائىم تۈرلۈك ئۆزگىرىش ياساپ، گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، "ئوقۇ" دېگەن پېئىلنى ئالساق، بۇ سۆز بىزنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن، جۈملىدە "ئوقۇدۇم، ئوقۇيمەن، ئوقۇغان، ئوقۇسا، ئوقۇپ، ئوقۇدى" دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەرنى ئالىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق تۈرلۈك ئۆزگىرىش ياساپ، ھەر خىل شەكىللەرنى ئېلىشى توغرىسىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى مورفولوگىيە تەتقىق قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ۋە سۆزلەرگە تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، لېكسىكىلىق مەنە بېرىدىغان يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىمۇ مورفولوگىيە تەتقىق قىلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ياساش خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە سىنتاكسىسلىق مەنىلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى



تىپىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا سۆز تۈركۈملىرىگە ئايرىش خىزمىتىنىمۇ مورفولوگىيە ئۆتەيدۇ.

### §1 سۆزنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى

### 1. تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز

تىلىمىزدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇنداق بولسا، قانداق سۆزلەرنى تۈپ سۆز دەيمىز؟

بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن، مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان سۆزلەر تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئىش، كۈرەش، باغ، تۆمۈر، ئاش، يول، ياغاچ، ئىنقىلاپ، تاغ، سۇ، يەر ۋە باشقىلار.

بۇ سۆزلەر ھېچقانداق قوشۇمچىسىز كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى تۈپ سۆز دەپ ئاتايمىز.

ياسالما سۆز دەپ قانداق سۆزلەرگە ئېيتىمىز؟

كۆپىنچە سۆزلەر ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىلىك بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

مەسىلەن، "ئىشچى"، "باغۋەن" دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، "ئىشچى" دېگەن سۆز "ئىش ۋە چى" دېگەن مەنىلىك بۆلەكلەردىن، "باغۋەن" دېگەن سۆز "باغ ۋە ۋەن" دېگەن مەنىلىك بۆلەكلەردىن قۇرۇلغان. بۇلاردىكى "ئىش"، "باغ" دېگەن سۆزلەر ئاساسىي مەنىنى ئاڭلاتسا، "چى"، "ۋەن" دېگەن قوشۇمچىلار شۇ ئىش بىلەن شۇغۇل

لانغۇچى كىشى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇلار ئەنە شۇنداق مەنىلىك بولەكلەرگە بولۇنىدۇ.

"ئىشچى، باغۋەن" دېگەن سوزلەر "ئىش، باغ" دېگەن تۇپ سوزلەرگە "چى، ۋەن" دېگەن قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان ياسالما سوزلەردۇر.

دېمەك، تۇپ سوزلەرگە سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياكى سوزلەرنىڭ ئوزئارا قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سوزلەر ياسالما سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئەمگەكچى، كۈرەشچان، ئاشپەز، تومۇرچى، يولداش، بەلۋاغ، ئىشچان، ئوقۇغۇچى، چىرايلىق، ئوقۇشلۇق ۋە باشقىلار.

ياسالما سوزلەر تەركىۋىدىكى تۇپ سوزلەر ئايرىم تۇرغاندىمۇ مەنە ئۇقتۇرالايدۇ. قوشۇمچىلار بولسا ئوز ئالدىغا ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق لېكسىكىلىق مەنە بىلدۇرمەيدۇ، پەقەت تۇپ سوزلەرگە قوشۇلۇپ ئىپتىلغاندىلا، شۇ سوزلەرگە يېڭى مەنە بېرىپ، ئۇلاردىن يېڭى سوزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ۋەتەن + پەرۋەر = ۋەتەنپەرۋەر؛ چاي + دان = چايدان؛ قوغۇن + لۇق = قوغۇنلۇق؛ ئىنقىلاپ + چى = ئىنقىلاپچى ۋە باشقىلار.

## 2. قوشۇمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرى

ئوز ئالدىغا قوللىنىلمايدىغان، ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان، تۇپ سوزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ تۇپ سوزنىڭ مەنىسىگە گىراماتىكىلىق ياكى يېڭى مەنە قوشىدىغان مورفېمىلار قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، "ئىشچى، ئىشچان، ئىشخانا، ئىشلە، ئىشنى، ئىشنىڭ،



ئىشتىن، ئىشقا، ئىشتا" دېگەن سوزلەردىكى "ئىش دېگەن مورفېما ئوز ئالدىغا قوللىنىلىدۇ ھەم ئايرىم تۇرغان چاغدىمۇ مۇستەقىل مەنە ئاڭلىتالايدۇ. "چان، چى، خانا، لە، نى، نىڭ، تىن، قا، تا" دېگەن مورفېمىلار ئوز ئالدىغا تۇرغاندا ھېچقانداق لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، پەقەت تۇپ سوزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۇلارغا تۇرلۇك گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى قوشىدۇ ياكى يېڭى سوزلەرنى ياسايدۇ.

قوشۇمچىلار ئوزلىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرىگە ۋە ئوتەيدىغان ۋەزىپىلىرىگە قاراپ، سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار ۋە سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

جۇملىدىكى سوزلەرنى بىر بىرىگە باغلاش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلار سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

"ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ؟" دېگەن جۇملىنى "ئادەم، توغرا، ئىدىيە، قەيەر، كەل" دەپ ئېيتساق، جۇملىدىكى سوزلەر ئوزئارا باغلانمىغان، جۇملە دۇرۇس تۇزۇلمىگەن ۋە ئېيتماقچى بولغان ئوي-پىكىر چۇشىنىشلىك بولمىغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ جۇملىدىكى "نىڭ، سى، دىن، ىدۇ" قوشۇمچىلىرى جۇملىدىكى سوزلەرنى بىر بىرىگە باغلاپ كەلگەن.

ئوزى ئۇلانغان سوزگە يېڭى مەنە قوشىدىغان قوشۇمچىلار سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

"ئىنقىلاپ" دېگەن سوزنى ئالساق، بۇ سوز مەلۇم ۋەقەنىڭ نامىنى بىلدۇرىدۇ، بۇنىڭغا "چى" قوشۇمچىسىنى ئۇلىساق، "ئىنقىلاپچى" دېگەن يېڭى مەنىگە ئىگە سوز ياسىلىپ، شۇ ھەركەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخسنى بىلدۇرىدۇ.

"ئەمگەكچان، ۋەتەنپەرۋەر، ئوقۇغۇچى، باغۋەن" دېگەن سوزلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىكى "چان، پەرۋەر، غۇچى، ۋەن" قاتارلىق قوشۇمچىلارمۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردۇر.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كۆپ ھاللاردا سۆزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ، بەزىبىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆزنىڭ بېشىغىمۇ ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق قوشۇمچىلار سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قوشۇمچىلار "سىز" قوشۇمچىسى ئوتەيدىغان ۋەزىپىنى ئوتەيدۇ. مەسىلەن:

بەتقىلىق (قىلىقسىز)، بىگۇنا (گۇناسىز)، بىۋاپا (ۋاپاسىز)، نامەلۇم (مەلۇم ئەمەس) ۋە باشقىلار.

## §2 سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

تىلىمىزدىكى بارلىق سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئاددى سۆز ۋە قوشما سۆز دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بولۇنىدۇ.

تۈپ سۆزلەر ۋە تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر ئاددى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئادەم، ۋەتەن، سۇ، ئىنقىلاپ، ئەمگەكچى، ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلاپچى دېگەنگە ئوخشاش.

قوشما سۆزلەر جۈپ سۆز ۋە بىرىككەن سۆز دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئىپتىلىشىدىن تۈزۈلگەن، يېڭى ھەم كەڭ مەنە بېرىدىغان سۆزلەر جۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئىلىم-پەن، تىل-يېزىق، چاي-پاي، ئىگىز-پەس، تەلىم-تەربىيە، سانائەت-قاتناش، بۈگۈن-ئەتە، قازان-قومۇچ



دېگەنگە ئوخشاش.

ئىككى سۆزدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىرىككەن سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش، خەلقارا، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، روشەنگۈل، تاشيول، ئاشتاختا، مارالۋېشى، تاشقورغان، قاراماي، بەلىۋاغ دېگەنگە ئوخشاش.

بىرىككەن سۆزلەر ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچتۇرپان (سان + ئىسىم)
مارالۋېشى (ئىسىم + ئىسىم + تەۋەلىك قوشۇمچىسى)
تاشقورغان (ئىسىم + ئىسىم)
ئاقسۇ (سۈپەت + ئىسىم)
ئىشلەپچىقىرىش (رەۋىشداش + ھەرىكەتنامى)

## §3 سۆز تۈركۈمى

سۆز تۈركۈمى دېگەن نېمە؟ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سۆزلەرنىڭ گىراماتىكا جەھەتتىن تۈركۈملەرگە ئايرىلىشى سۆز تۈركۈمى دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى سۆزلەر ئۆزىنىڭ گىراماتىكا جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، بىرقانچە تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى دېگەندە، ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى (ئىسىمنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى، پېئىلنىڭ ئۆزىگە خاس كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلىنىشى ۋە باشقىلار)، ئۇقتۇرىدىغان مەنىسى (لېكسىكىلىق مەنە ئۇقتۇرۇشى ياكى گىراماتىكىلىق مەنە ئۇقتۇرۇشى) ۋە جۈملىدە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى (جۈم-

لىدە ئاساسەن ياكى ئىگە، ياكى خەۋەر، ياكى تولدۇرغۇچى، ياكى ئېنىقلىغۇچى ۋە ياكى ھالەت بولۇپ كېلىشى) كوزدە تۇتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان بارلىق سوزلەرنى ئەنە شۇ 3 ئولچەمگە ئاساسەن، يەنى ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىگە، ئۇقتۇرىدىغان مەنىسىگە ۋە جۇملىدە ئاساسەن قانداق ۋەزىپە ئوتەيدىغانلىغىغا قاراپ، (1) ئىسىم، (2) سۈپەت، (3) سان، (4) ئالماش، (5) پېئىل، (6) رەۋىش، (7) مىقدار سوز، (8) ئىملىق سوز، (9) ياردەمچى سوز، (10) ئۇندەش سوز دىگەن 10 تۈركۈمگە بولۇش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، تىلىمىزدا يەنە مودال سوز دەپ ئاتىلىدىغان سوزلەر گۇرۇپپىسىمۇ بار.

باشقا-باشقا سوز تۈركۈمگە كىرىدىغان سوزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىدە ياكى مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە ھەتتا ئۇقتۇرىدىغان مەنىسىدە، بەلگىلىك شارائىتتا ياكى باشقا ئالاھىدە ئەھۋالدا، بىر بىرىگە ئوتۇشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بىر سوزنىڭ قايسى سوز تۈركۈمگە ياتىدىغانلىغىغا ھوكۇم قىلىشتا، شۇ سوزنىڭ مەلۇم بىر گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قارىماستىن، يۇقۇردا دىيىلگەن 3 ئولچەمنى ئاساس قىلىش كىرەك. بولۇپمۇ سوزلەرنىڭ جۇملىدە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتتە بىر بىرىگە ئوتۇشۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال كوپ ئۇچرايدۇ، ھەتتا بىز ھازىر مۇستەقىل بىر سوز تۈركۈمى دەپ ئاتىمىغان مودال سوزلەر گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان ئايرىم سوزلەرمۇ جۇملىدە بەزىدە ئىگە، بەزىدە خەۋەر ۋە بەزىدە باشقا سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، سوزلەرنى تۈركۈمگە ئايرىشتا، يۇقۇردا ئېيتىلغان 3 ئولچەمنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ھالدا ئايرىش كىرەك.



# ئىككىنچى باپ ئىسىم

## §1 ئىسىم ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سوز تۈركۈمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملار ئومۇمەن "كىم؟ كىملەر؟ نىمە؟ نىملەر؟ قەيەر؟" دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشچى، ئوقۇغۇچى، دوختۇر، ئەمەت، ئات، توگە، تاش، دەرەخ، بۇغداي، سۇ، زاۋۇت، ماشىنا، قەلەم، دەپتەر، نەزىرىيە، سىياسەت، كۇلكە، ئۇرۇمچى، بوران، شەھەر، خوشاللىق، تىل ۋە باشقىلار.

### 1. ئىسىمنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى

(1) كىشىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

لىي فېڭ، ئىسمائىل، ئەمەت، تۇرسۇن، توختى......

(2) ھايۋانلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كالا، قوي، ئېشەك، ئوچكە، قوتاز، ئات، يولۋاس، تۈلكە، توشقان......

(3) قۇشلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كەپتەر، بۇلبۇل، توخۇ، غاز، كېپىنەك، بۈركۈت، تورغاي، قاغا، پاختەك، قۇشقاچ، كاككۇك......

(4) نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىراكتور، ماشىنا، مىلتىق، كىتاپ، قەغەز، قەلەم، ئۆي، جوزا، ئورۇندۇق، پىچاق، زاۋۇت.....

(5) ھۈنەر-كەسىپ ۋە ۋاقىت-پەسىل نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئىشچى، دېھقان، ئوقۇغۇچى، ئەسكەر، ناۋاي، ئاشپەز، باغۋەن، ئەتىياز، ياز، قىش، كۈز.....

(6) ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۈرەش، ئىنقىلاپ، قوزغىلاڭ، جەڭ، قار، يامغۇر، بوران، چاقماق، شامال، مۆلدۈر، گۈلدۈرماما.....

(7) جۇغراپىيىلىك نامىلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شەھەر، تاغ، دەريا، بۇلاق، ئارال، كۆل، دۆلەت، دېڭىز، ئوكيان، قولتۇق، ئاسىيا.....

(8) تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قەھرىمانلىق، ياخشىلىق، يامانلىق، باتۇرلۇق، تېچلىق.....

(9) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دەرەخ، سۆگەت، تېرەك، ئۈجمە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ئالما.....

## 2. ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

(1) ئىسىملار جۈملىدە كېلىش، سان ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

كىتاپنى، كىتاپلار، كىتاۋىم، كىتاپىڭنىڭ ۋە باشقىلار.

(2) ئىسىملار جۈملىدە سۈپەت ۋە سانلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:



ياخشى كىتاپ، 10 كىتاپ، ئوقۇغان كىتاپ ۋە باشقىلار.

(3) ئىسىملار جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەھمەت كىتاپنى كۆپ ئوقۇيدۇ. ئەھمەتنىڭ ئاكىسى ئىشچى.

ئورۇن-جاي ۋە ۋاقىت-پەسىلنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەندە، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بېيجىڭدە، قەشقەردىن، ئۈرۈمچىگە، تاغدا، مەكتەپكە، يازدا، قىشتىن دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەردە كەلگەن سۆزلەر جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

(4) ئىسىملار ئۆزىگە خاس ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. مەسىلەن:

كىتاپ — كىتاپخانا، گۈل — گۈلزار، مېھنەت — مېھنەتكەش، ئاش — ئاشپەز، يول — يولداش، تىراكتور — تىراكتورچى، قىش — قىشلاق، قوغۇن — قوغۇنلۇق، ئۈزۈم — ئۈزۈملۈك، ئورۇن — ئورۇندۇق ۋە باشقىلار.

## 3. خاس ئىسىم ۋە ئومۇمى ئىسىم

ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، خاس ئىسىم ۋە ئومۇمى ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر خىل ئومۇمىلىقتا ئىگە شەيئىلەرنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان خاس نامىلار خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

خاس ئىسىملارغا كۆپىنچە كىشى ئىسىملىرى، يەر-جاي نامىلىرى، ئىدارە-تەشكىلات نامىلىرى، گېزىت-ژورنال، ئەسەر نامىلىرى ۋە

باشقا خاس نامىلار كىرىدۇ. خاس ئىسمىلار ئىسىملارنىڭ سان ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، ئۇيغۇر، «قۇتاتقۇ بىلىگ»، چاڭجياڭ، تيانشان، «قىزىل بايراق»، «ئوكتەبىر» تىراكتور زاۋۇدى، «خەلق» گېزىتى، كوكچى (قوغۇن)، توختى، ئايشەم ۋە باشقىلار.

بىر خىل ئومۇملىقتا ئىگە بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان نامىلار ئومۇمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمى ئىسىملار كوپىنچە ئابىستىراكىت چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىسىملارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمى ئىسىملار ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى، سان قوشۇمچىلىرى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاغ، دەريا، سۇ، يەر، ئادەم، شەھەر، نەزىرىيە، دېموكىراتىزىم، كىتاپ، ئوي، كالا، ئوسۇملۈك، گوش، دولەت، ئىدارە، مەكتەپ ۋە باشقىلار.

## §2 ئىسىمنىڭ سان كاتىگورىيىسى

ئىسىملارنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق، بىرلىك ياكى كوپلۈك ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى ئىسىمنىڭ سان كاتىگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ھەر دائىم سان كاتىگورىيىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ئىسىملارنىڭ سان كاتىگورىيىسى ئىسىملارنىڭ بىرلىك ۋە كوپلۈك شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىشچى، ئىشچىلار، دىخان، دىخانلار، ئەسكەر، ئەسكەرلەر، ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىلار دىگەنگە ئوخشاش.



كوپلۈك قوشۇمچىسى ”لار، لەر“ قوشۇلمىغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بولۇپ، ئۇلار بىرلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەملىكەت، ئالىم، ئىشچى، دىخان، دەريا، تاغ، دەپتەر، قەلەم دىگەنگە ئوخشاش.

كوپلۈك قوشۇمچىسى ”لار، لەر“ قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ كوپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇلار كوپلۈك ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەملىكەتلەر، ئالىملار، ئىشچىلار، دىخانلار، دەريالار، تاغلار، دەپتەرلەر، قەلەملەر، يېزىلار دىگەنگە ئوخشاش.

بىرلىك ساندا كەلگەن ئىسىملارغا كوپلۈك قوشۇمچىسى ”لار، لەر“ نى ئۇلاشتا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا ”لار“، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا ”لەر“ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

قۇشلار، ئۈزۈملەر، كىتاپلار، مەكتەپلەر، باغلار، قەلەملەر، ئالىملار، ساھەلەر دىگەنگە ئوخشاش.

## §3 كوپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى

كوپلۈك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ”لار، لەر“ قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىسىملارغا قوشۇلۇشى قالايمىقان ئەمەس، مەلۇم قائىدىگە بويسۇنغان ھالدا بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ قوشۇمچىلار يالغۇز كوپلۈك مەنىسىنىلا ئەمەس، ئايرىم ھاللاردا كوپلۈك ئۇقۇمىدىن باشقا مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

(1) ساناق سانلار بىلەن بىۋاستە ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىغا كوپلۇك قوشۇمچىسى "لار، لەر" نى قوشقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، "10 ئادەم، 15 ماشىنا" دىگەنلەرنى "10 ئادەملەر، 15 ماشىنىلار" دىگىلى بولمايدۇ.

(2) جۈملىنىڭ تەڭداش بولەكلىرى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ھەر بىرى ئالاھىدە تەكىتلەنمىسە، كوپلۇك قوشۇمچىسى ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم قوشۇلماستىن، ئاخىرقى بىرىگىلا قوشۇلىدۇ. ئەگەر ھەر بىرى تەكىتلىنىدىغان بولسا، ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

"بۈگۈنكى '4 كىشىلىك گۇرۇھ'نى پىپەن قىلىش يىغىنىغا مەكتۇۋىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر تولۇق قاتناشتى" دىگەن جۈملىنى

"بۈگۈنكى '4 كىشىلىك گۇرۇھ' نى پىپەن قىلىش يىغىنىغا مەكتۇۋىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە خىزمەت-چىلەر تولۇق قاتناشتى" دەپ ئىلىشىمۇ مۇمكىن.

(3) بەزى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئادەتتە كوپلۇك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، كوپلۇك ئۇقۇمىنى ئەمەس، شۇ شەيئى تۈرىنىڭ ياكى مىقدار بىرلىگىنىڭ كوپ ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن، "سۇلار" دىسەك، ئىرىق-ئوستەڭ سۇيى، كول-دەريا سۇيى، دىڭىز-ئوكيان سۇيى دىگەن مەنىنى، ياكى بىرقانچە خىل قاچىلارغا ئىلىپ قويۇلغان سۇ دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(4) ئابستىراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملارغا ئادەتتە كوپلۇك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، كوپلۇك ئۇقۇمىنى ئەمەس، شۇ سوزنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.



مەسىلەن، "تىپچىلىق" دىگەن سوزگە كوپلۇك قوشۇمچىسىنى قوشقىلى بولمايدۇ. "ئوقۇش، ئۆگىنىش" دىگەن سوزلەرگە كوپلۇك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ "ئوقۇشلار، ئۆگىنىشلەر" بولسا، سان جەھەت-تىكى كوپلۇكنى ئەمەس، "ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن ئالاقىدار ئىشلار" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(5) خاس ئىسىملارغا كوپلۇك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، سانىنىڭ كوپلۇگىنى ئەمەس، شۇ خاس ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەرنى قوشۇپ بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن، "توختىلار كەپتۇ" دىسەك، "توختى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە كىشى" ئىپادىلىنىدۇ. "شاڭخەيلەرگە بارغان" دىسەك، "شاڭخەي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر، رايونلار" ئىپادىلىنىدۇ.

(6) جۈپ شەيئىلەرگە ياكى ئەمەلىيەتتە پەقەت بىرلا بولغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا كوپلۇك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، مەنىنى كۈچەيتىش، تەسىرىنى ئاشۇرۇش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كوزلىرىم تىلىپ كەتتى.

يۈرەكلىرىم گۆپۈلدەپ كەتتى.

پۇتلىرىم يىپ-يىڭنىك بولۇپ قاپتۇ.

بۇلاردىن باشقا، سۈپەت، سان، رەۋىش ۋە ئىملىقلار ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا، ئۇلارغىمۇ كوپلۇك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ياخشىلار، قىزىللار، يامانلار؛ بىرلەر خانىسى، ئونلار خانىسى؛ نەتىجىسى يۇقۇرىلار، سەۋىيىسى تۆۋەنلەر؛ تاراق-تۇرۇقلار دىگەنگە

ئوخشاش.

## §4 ئىسمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى

ئىسمنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىرام-ماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

تەۋەلىك كاتېگورىيىسى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادى-لىنىدۇ. مەسىلەن، "ئىدىيە، ۋەتەن" دېگەن ئىسىملارغا "م"، "ئىم" قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ "ئىدىيەم، ۋەتىنىم" دەپ ئېيتساق، ئۇنىڭ I شەخس (سۆزلىگۈچى)كە تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر "ڭ"، "ىڭ" قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ "ئىدىيەڭ، ۋەتىنىڭ" دەپ ئېيتساق، ئۇنىڭ II شەخس (ئاڭلىغۇچى)كە تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر "سى"، "ى" قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ "ئىدىيىسى، ۋەتىنى" دەپ ئېيتساق، ئۇنىڭ III شەخس (ئۆزگە)كە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

ئىسىملارنىڭ قايسى شەخسكە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىلىگۈچى شەيئىلەرنىڭ I، II، III شەخسلەردە كېلىشىگە قاراپ، تەۋەلەنگۈچى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىمۇ ئۈچ يۈرۈش بولىدۇ.

(1) I شەخس بىرلىك ئۈچۈن، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا "ىم، ۇم (um)، ۈم (üm)"قوشۇمچىلىرى، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا "م" قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ؛ I شەخس كۆپلۈك ئۈچۈن "مىز، ىمىز" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىرادە + م = ئىرادەم



ئىش + ىم = ئىشىم

يول + ۇم = يولۇم

كۆز + ۈم = كۆزۈم

بالا + مىز = بالىمىز

قول + ىمىز = قولىمىز

(2) II شەخس بىرلىك ئۈچۈن ئادەتتە "ڭ، ىڭ، ۇڭ (ung)، ۈڭ (üng) قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك ئۈچۈن "ڭلار، ىڭلار" قوشۇم-چىلىرى ئۇلىنىدۇ. II شەخستىكى ئىسىملارنىڭ ھۆرمەت تۈرى ئۈچۈن "ڭىز، ىڭىز، لىرى" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىرادە + ڭ = ئىرادەڭ

ئىش + ىڭ = ئىشىڭ

يول + ۇڭ = يولۇڭ

كۆز + ۈڭ = كۆزۈڭ

بالا + ڭلار = بالاڭلار

دەۋر + ىڭلار = دەۋرىڭلار

بالا + ڭىز = بالىڭىز

كۆز + ىڭىز = كۆزىڭىز

قاش + لىرى = قاشلىرى

(3) III شەخس ئۈچۈن، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا "سى"، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا "ى" قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىرادە + سى = ئىرادىسى          بالا + سى = بالىسى

ۋەتەن + ى = ۋەتىنى          چىراي + ى = چىرايى

بەزىدە I، II شەخسلەردە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا تەۋەلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلمەيمۇ تەۋەلىك مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بىزنىڭ سىنىپ                سىلەرنىڭ ياتاق

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى جەدۋىلى

| شەخسلەر | تۈرى | | قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك | | م، ىم، ۇم، ۈم (üm) | بالام، ئىشىم، يولۇم، كوزۈم |
| | كۆپلۈك | | مىز، ىمىز | بالىمىز، كوزىمىز، ئىشىمىز |
| II شەخس | ئاددى تۈرى | بىرلىك | ڭ، ىڭ، ۇڭ، ۈڭ (üng) | بالاڭ، ئىشىڭ، يولۇڭ، كوزۈڭ |
| | | كۆپلۈك | ڭلار، ىڭلار | بالاڭلار، ئىشىڭلار، يولۇڭلار |
| | ھۆرمەت تۈرى | | ڭىز، ىڭىز، لىرى | بالىڭىز، كوزىڭىز، كوزلىرى |
| III شەخس | | | ى، سى | بالىسى، كوزى، ئىشى |

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇنىڭ قايسى شەخس، قانداق ساندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئانىجان، تۇققان ئېلىم جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.



قىبلىگاھىم پارتىيەم — يولچىم مېنىڭ، رولچىم مېنىڭ،
توي بىلىپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭدە مەن.
شۇ قىزىل دەۋرىم — زامانەم شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
ئىپتىخارىم: شۇ زامانغا كۈيچىمەن، سازەندى مەن.
ئانا تۇپراق تۇپىسى گويا كوزۈمگە تۇتىيا،
چولدە يۇرسەم ئوزەمنى سېزىمەن گۈلشەندە مەن.
سۇلىرى ئابى ھايات، كەۋسەر ئاڭا تۇرسا خۇمار،
نە ئۈچۈن مۇھتاج بولۇپ، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.

— ت. ئېلىيوپ.

## §5 ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى

جۇملىدە ئىسىمنىڭ باشقا سوز تۇركۇملىرى بىلەن بولغان تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىسىملارنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز.
بىزنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگو.
بىز — ۋەتەننىڭ گۈل - غۇنچىلىرى.
بىز ۋەتەننى سۆيىمىز.
بىز ۋەتەنگە سادىق بولىمىز.
ۋەتەندىن يۇز ئورۇش — جىنايەت.
بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە 900 مىليون كىشى بار.

بۇ جۇملىلەردىكى "ۋەتەن" دىگەن ئىسىم ھەر خىل كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق باشقا سوزلەر بىلەن باغلىنىپ

كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ھەرقاچان كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، كېلىش كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ كېلىش كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن جۈملىلەردىكى "ۋەتەن" دىگەن ئىسىمغا ئۇلىنىپ كەلگەن "نىڭ، نى، گە، دىن، دە" دىگەن قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بولۇپ، ھەر بىر كېلىش مەلۇم مەنىگە ئىگە ھەم ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلارغا (باش كېلىشتىن باشقىسى) ئىگە، شۇنداقلا بەلگىلىك سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

## 1. باش كېلىش

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەركەتنى ئورۇنلىغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىمغا كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان بولىدۇ، يەنى باش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى بولمايدۇ. ئىسىملارغا تەۋەلىك ھەم كوپلۇك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندىمۇ باش كېلىش بولىۋېرىدۇ. ئىسىمنىڭ باش كېلىشتە كەلگەن بىرلىك شەكلى ئىسىمنىڭ ئەسلى شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە كوپىنچە ئىگە، خەۋەر، بەزىدە قاراتما سوز بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئاساسەن "كىم؟ نىمە؟" دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ



ئىلغار قوشۇنى.

ماركسىزىم — ئىلمىي ھەقىقەت.

يولداشلىرىمىز قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇتۇقلارنى كورۇشى كېرەك.

ۋەتىنىمىز گۈللەنمەكتە.

مۇئەللىم، مېنىڭ بىر سوئالىم بار.

## 2. ئىگىلىك كېلىش

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار باشقا بىر شەيئىنى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئاساسەن "كىمنىڭ، نىمىنىڭ" دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ماۋجۇشىنىڭ كىتاۋى، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسى، پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى، ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى، خەلقنىڭ ئۈمىدى، تۇرسۇننىڭ دادىسى دىگەنگە ئوخشاش.

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بەزىدە يوشۇرۇن كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ ئىگىلىك كېلىش ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

شىنجاڭ ياشلىرى، زاۋۇت ئىشچىلىرى، خەلق تۇرمۇشى، تاغ سۇلىرى، ئىنقىلاپ غەلىبىسى دىگەنگە ئوخشاش.

تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن شۇ ئىسىمنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن:

توختى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاپ بەرمەي، تۇرسۇننىڭكىگە (تۇرسۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ سوئالىغا) جاۋاپ بەردى.

مۇئەللىمنىڭ كىتاۋى مېنىڭ سومكامدا ئەمەس، سەمەتنىڭكىدە (سەمەتنىڭ سومكىسىدا).

ئىنقىلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قىسقارتىلىپ، ئىگىلىك مۇناسىۋەت پەقەت ئىنقىلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلى ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىنقىلىغۇچى بىلەن ئىنقىلانغۇچى زىچ بىرىكىپ مەلۇم شەيئىنى ياكى مۇرەككەپرەك ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بىرىكمىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى، خەلق قۇرۇلتىيى، دەرس ۋاقتى، تۇرپان ئۈزۈمى، غۇلجا ئالمىسى، ئۆگىنىش ماتىرىيالى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى دېگەنگە ئوخشاش.

## 3. چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىش جۈملىدىكى پېئىلدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىمغا ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە "كىمنى؟ نېمىنى؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

يىللار مەيدەڭنى تۆتۈپ قاقاخلاپ كۈلمە.
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كورىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كوڭۈل بولمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

— ل. مۇتەللىپ.



كوز يېشىڭنى تازىلاپ،
چاڭ-تۇماننى پۈلىگەن.
تىلەكلەرنى ھەل قىلغان —
دوستلىرىڭنى ئۇنۇتما!

— نىم شېھىت.

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار پېئىل بىلەن زىچ بىرىكىپ بەلگىسىز شەيئىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن:

ئوما ئوردۇق.
كىتاپ ئوقۇدۇق.
كىنو كوردۇق.
دوكلات ئاڭلىدۇق.

## 4. بېرىش كېلىش

بېرىش كېلىش ئاساسەن جۈملىدىكى پېئىلدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ يونىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئاساسەن ئۇلىنىدۇ، يەنى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا "غا، قا"، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن قۇرۇلغان بوغۇملارغا "گە، قە، كە" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

بېرىش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن ئادەم ۋە نەرسىنى بىلدۈرىدىغانلىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى، ئورۇن-جاينى بىلدۈرىدىغانلىرى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. بېرىش كېلىشتىكى ئىسىملار "كىمگە؟ نېمىگە؟ قەيەرگە؟ نەگە؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

دوستلارغا توھپە، دۇشمەنگە خەنجەر،
بۇ دىلغا ئارام، ئۇ دىلغا نەشتەر.

ــنىم شىھىت.

يولداشلارغا باھاردەك ئىللىق بول.
بىز بېيجىڭغا باردۇق.

بىرىش كېلىشتىكى ئىسىملارغا "چە" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىپ، بەلگىلىك مەنە قوشۇلۇشى مۇمكىن، بۇ ئەھۋالدىمۇ شۇ ئىسىمنىڭ ۋەزىپىسىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

شاڭخەيگىچە باردۇق دېگەنگە ئوخشاش.

## 5. چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىش ئاساسەن جۈملىدىكى پېئىلدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەركەتنىڭ چىقىش ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ھالەت ياكى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، يەنى ئورۇن-جاي ئىسىملىرى ھالەت، ئادەم ۋە نەرسە ئىسىملىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار"كىمدىن؟ نىمىدىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئاكامدىن خەت ئالدىم.
بىز زاۋۇتتىن كەلدۇق.
ئالمىنى باغدىن ئالدۇق.

## 6. ئورۇن-پەيت كېلىش

ئورۇن-پەيت كېلىش ئاساسەن جۈملىدىكى پېئىلدىن ئۇقۇلغان



ئىش-ھەركەتنىڭ ئورنىنى، پەيتىنى بىلدۈرىدۇ ۋە بىرەر نەرسىنىڭ كىمدە ياكى نىمىدە ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. ئورۇن-پەيت كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

ئورۇن-پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئاساسەن ئۇلىنىدۇ، يەنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سوزلەرگە"دا، دە"، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سوزلەرگە "تا، تە" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ (تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا "دە، تە"، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا تا، دا" ئۇلىنىدۇ). مەسىلەن:

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.
قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كوڭۇل قويغان ئادەمگە.
مەكتىۋىمىزدە ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار كۈندىن-كۈنگە كوپەيمەكتە.
ئەمەتتە ياخشى كىتاپلار بار.

ئورۇن-پەيت كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەكتىۋىمىزدىكى، كىتاپتىكى، ئۆيدىكى دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى جەدۋىلى

| № | كېلىش نامى | قوشۇمچىسى | بىرلىدىغان سوئاللار | | | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئادەم | نەرسە | ئورۇن ـ ۋاقىت | |
| 1 | باش كېلىش | — | كىم؟ | نىمە؟ | قەيەر؟ | ياسىن، كىتاپ، شەھەر |
| 2 | ئىگىلىك كېلىش | نىڭ | كىمنىڭ؟ | نىمىنىڭ؟ | قەيەرنىڭ؟ | ياسىننىڭ، كىتاپـ نىڭ، شەھەرنىڭ |
| 3 | چۈشۈم كېلىش | نى | كىمنى؟ | نىمىنى؟ | قەيەرنى؟ | ياسىننى، كىتاپنى، شەھەرنى |
| 4 | بېرىش كېلىش | غا، قا، گە، كە، قە | كىمگە؟ | نىمىگە؟ | قەيەرگە؟ | ياسىنغا، كىتاپقا، شەھەرگە |
| 5 | چىقىش كېلىش | دىن، تىن | كىمدىن؟ | نىمىدىن؟ | قەيەردىن؟ | ياسىندىن، كىتاپـ تىن، شەھەردىن |
| 6 | ئورۇن ـ پەيت كېلىش | دا، دە، تا، تە | كىمدە؟ | نىمىدە؟ | قەيەردە؟ قاچان؟ | ياسىندا، كىتاپتا، شەھەردە، قىشتا |

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن ئىسىملارنى تېپىپ چىقىپ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە شۇ ئىسىمنىڭ قايسى كېلىشتە، قانداق ساندا، قايسى شەخستە كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئومۇمى ئىسىم ياكى خاس ئىسىم، تۈپ ئىسىم ياكى ياسالما ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مەن يازدا باغدا ئىشلىدىم.

ئۇنىڭ ئاكىسى دوختۇر.

مەن كىتاپخانىدىن لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرىنى سېتىۋالدىم.

شەھەرنىڭ كوچىلىرى كېڭەيدى.

مەن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئاكامغا خەت يازدىم.

سېنىڭ داداڭ باغۋەن.



# ئۈچىنچى باپ سۈپەت

## §1 سۈپەت ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى، تەمىنى، سۈپىتىنى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتـلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

قىزىل، سېرىق، ئاق، كۆك، يېشىل، قارا، ئەگرى، تۈز، ئىنچىكە، توم، تاتلىق، ئاچچىق، چۈچۈمەل، مەزىلىك، تېتىك، ھورۇن، ئەقىلـلىق، چوڭ، كىچىك، كەڭ، تار، ئېغىر، يېنىك، ئىگىز، پەس، سېمىز، ئورۇق، ياخشى، يامان، ناچار، ئەلا، قاتتىق، يۇمشاق، چېچەن ۋە باشقىلار.

سۈپەت تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) سۈپەت ئىسىمغا باغلىنىپ كېلىپ، ئىسىمنى ئېنىقلاپ، جۈمـلىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىچىك بالىلار سۈزۈك سۇدا چۆمۈلمەكتە.

كۈزلۈك تېرىلغۇ باشلاندى.

سۈپەت بەزى ھاللاردا ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىپ، ئىسىم ئۆتەيـدىغان ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەيدۇ، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە خەۋەر ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى.

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ.

ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز.

سۇپەت بەزىدە پېئىلغا باغلىنىپ كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنىمۇ ئوتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ياخشى ئوقۇدى.

ئايشەم خەنزۇچىنى چىرايلىق سوزلەيدۇ.

(2) سۇپەت ئوزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

يېڭى ئوي، يېڭىراق ئوي، يېپ-يېڭى ئوي؛
ياخشى بالا، ياخشىراق بالا، بەك ياخشى بالا؛
كىچىك بالا، كىچىكرەك بالا، كىچىككىنە بالا؛
سېرىق يىپ، ساغۇچ يىپ ۋە باشقىلار.

(3) سۇپەت ئوزىگە خاس سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. مەسىلەن:

لىق، لىك، لۇق، لۇك (ئەقىللىق بالا، شەھەرلىك كىشى، تۇزلۇق سۇ، كۇزلۇك تېرىلغۇ دىگەنگە ئوخشاش)؛

سىز، چان، چەك (قانۇنسىز ھەركەت، سۇسىز چول، ئىشچان بالا، كوڭۇلچەك ئادەم دىگەنگە ئوخشاش)؛

دەك، تەك (پولاتتەك جەڭچى، پاختىدەك يۇمشاق دىگەنگە ئوخشاش)؛

غى، قى، گى، كى (يازغى بۇغداي، كۇزگى شال، ئاخشامقى كىنو، ئوتكەنكى ۋەقە دىگەنگە ئوخشاش)؛

ئىي، ۋى، چىل (ئىلمىي مۇنازىرە، ئىدىيۋى كۇرەش، خەلقچىل زات دىگەنگە ئوخشاش)؛

نا، بى، بەت، خور (نامۇۋاپىق گەپ، بىگۇنا ئادەم، قانخورجالات، بەتقىلىق بالا دىگەنگە ئوخشاش)؛



ئۇق، ئۇك، كۇر، گۇر، ما، مە، ق، ئاڭ، ئاڭغۇ، ئەڭگۇ، سىمان (ئوتكۇر بالا، سوزۇق تاۋۇش، ئۇزۇك يىپ، سەزگۇر نەرسە، قايناق سۇ، بوشاڭ ئادەم، ياسىما گەپ، ئەزمە بالا، قاراڭغۇ كېچە، كوتىرەڭگۇ روھ، ئادەمسىمان مايمۇن دىگەنگە ئوخشاش) ۋە باشقىلار.

## §2 ئەسلى سۇپەت ۋە نىسبى سۇپەت

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۇپەتلەر ئوزلىرىنىڭ مەنە ئاڭلىتىش جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئەسلى سۇپەت ۋە نىسبى سۇپەت دەپ ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىۋاستە بىلدۇرۇپ كېلىدىغان تۇپ سۇپەتلەر ئەسلى سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسلى سۇپەتلەر سۇپەت دەرىجىلىرى شەكىللىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلەۋېرىدۇ. ئەسلى سۇپەتلەرنىڭ تولىسى كونكرېتراق بولىدۇ ۋە ئادەمنىڭ سەزگۇ ئەزالىرى سېزەلەيدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى بىۋاستە بىلدۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاق، قارا، قىزىل، يېشىل، كوك، سېرىق، ئالا، ئۇزۇن، قىسقا، ئېگىز، پەس، يوغان، كىچىك، ئورۇق، سېمىز، ئاسان، قىيىن، ياخشى، يامان، ئىسسىق، سوغۇق، ئىتتىك، ئاستا، ئىنچىكە، توم ۋە باشقىلار.

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىۋاستە ئەمەس، باشقا شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەلۇم شەكىلگە تايىنىش ئارقىلىق كورسىتىپ كېلىدىغان ياسالما سۇپەتلەر نىسبى سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

نىسبى سۇپەتلەرنىڭ بەزىلىرى سۇپەت دەرىجىلىرى شەكىللىرى

بىلەن تۇرلەنمەيدۇ. نىسبى سۈپەتلەر ئاساسەن ئىسىم، سان، پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈچ — كۈچلۈك ئادەم، كۈچسىز شامال
ئەقىل — ئەقىللىق بالا، ئەقلىي ئەمگەك
ئىدىيە — ئىدىيىۋى كۈرەش
كۈز — كۈزگى بۇغداي
ئون — ئونلۇق كەسىر
ئىككى — ئىككىلىك خەت
سۇز — سۇزۇك سۇ
ياز — يازما دوكلات
باشقۇر — باشقۇرما بومبا
قالدۇر — قالدۇرۇق يەر

## §3 سۈپەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بولۇنۇشى

تىلىمىزدىكى سۈپەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، تۈپ سۈپەت، قوشما سۈپەت ۋە ياسالما سۈپەت دەپ 3 تۈرگە بولۇنىدۇ.

مەنىلىك بۆلەكلەرگە بولۇنمەيدىغان، بىرلا سۆز تومۇرىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئاق، كوك، چوڭ، ياخشى، توم، ئېگىز ۋە باشقىلار.

تۈپ سۈپەتنىڭ تەكرار كېلىشىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەر قوشما سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.



مەسىلەن، چوڭ-كىچىك، ئالا-يېشىل، ياخشى-يامان، ئېگىز-پەس دېگەنگە ئوخشاش.

باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەر ياسالما سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ئىشچان، ئەقىللىق، چىرايلىق، تۇزسىز، بۇرۇنقى، كوكۇلچەك، ئونلۇق، تىرىشچاق، سويۇملۇك، قورقچاق ۋە باشقىلار.

## §4 سۈپەت دەرىجىلىرى

شەيئىلەرنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرما ياكى كېمەيتمە، ئاددىي ياكى سېلىشتۇرما دەرىجىدە پەرقلەندۇرۇپ كۆرسىتىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمىلىيەتتە شەيئىلەرنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ. مەسىلەن، "قىزىل" دېگەن سۈپەتنى تۇرلەندۇرۇپ "قىزىلراق، قىپ-قىزىل، قىزغۇچ، قىزىلغىنە......" دەپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ بىلدۇرگەن مەنىلىرى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك، شەيئىلەرنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيىتىنى دەرىجە جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلەندۇرۇپ كورسىتىپ بېرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە "سۈپەت دەرىجىلىرى" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرى ئاددىي دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە، كېمەيتمە دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە دەپ 5 خىل بولىدۇ.

### 1. ئاددىي دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرماي ياكى كېمەيتمەي، ئادەت-

تىكىچە كورسىتىپ بېرىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسى مەخسۇس گىراماتىكىلىق قوشۇمچە بىلەن ئەمەس، سۈپەتلەرنىڭ سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۇرلەنمەي تۇرغان چاغدىكى ئەسلى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن، ئاق، قىزىل، كۈچلۈك، ياخشى، چىرايلىق، ئۇلۇغ، ئېگىز، تۆۋەن، ئەگرى، يوغان ۋە باشقىلار.

سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسى باشقا سۈپەت دەرىجىلىرىنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ.

## 2. سېلىشتۇرما دەرىجە

شەيئىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ كورسىتىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئاددىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا "راق، رەك" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاقراق، قىزىلراق، كەڭرەك، چوڭراق، ئىنچىكىرەك، يېقىنراق، ياخشىراق، ئاجىزراق ۋە باشقىلار.

## 3. ئاشۇرما دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى كورسىتىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى دەپ



ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ياسىلىدۇ.

(1) سۈپەتلەر (بولۇپمۇ رەڭ-تۈس سۈپەتلىرى)نى يېرىم تەكرارلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قىپ-قىزىل، ئاپپاق، قاپ-قارا، ياپ-يېشىل، ساپ-سېرىق، يۇپ-يۇمۇلاق، دۇپ-دۇگىلەك دىگەنگە ئوخشاش.

(2) سۈپەتلەرنىڭ ئاددىي دەرىجىسىنىڭ ئالدىغا "ئەڭ، بەك، ئىنتايىن، ئەجەپ، ناھايىتى، تېخىمۇ" دىگەنگە ئوخشاش كۈچەيتىش رەۋىشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەڭ ياخشى، بەك ئوبدان، ناھايىتى چوڭ، ئەجەپ چىرايلىق، تېخىمۇ ئېگىز، ئىنتايىن گۈزەل ۋە باشقىلار.

## 4. كېمەيتمە دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىدىن بىرئاز كېمەيتىپ، كەمسىتىپ كورسىتىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى پەقەت ئاز ساندىكى رەڭ-تۈس سۈپەتلىرىگىلا خاس بولۇپ، ئۇ، ئاددىي دەرىجىدىكى رەڭ-تۈس سۈپەتلىرىنىڭ ئاخىرىغا "ئىش، ئۇش، ئۈش (üx)، مىتۇل" دىگەنگە ئوخشاش قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئاقۇش، كوكۇش، ساغۇچ، قىزغۇچ، قارامتۇل دىگەنگە ئوخشاش.

### 5. ئەركىلەتمە دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ شەخسكە يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى ئاددىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا "غىنا، قىنا، گىنە، كىنە" دېگەنگە ئوخشاش قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىگىزگىنە بىر كىشى، سېمىزغىنە بىر بالا، كىچىككىنە بىر قىزچاق، يۇمشاققىنە بىر نەرسە دېگەنگە ئوخشاش.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن سۈپەتلەرنى تېپىپ چىقىپ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق سۈپەت (ئەسلى سۈپەت ياكى نىسبىي سۈپەت، تۈپ سۈپەت ياكى قوشما سۈپەت ۋە ياكى ياسالما سۈپەت) ئىكەنلىكىنى، قايسى دەرىجىدە ۋە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

خوتەندىكى يىپەكچىلىك فابرىكىسىدا ئالا، يېشىل، قىزىل، كۆك، سېرىق ۋە باشقا رەڭلەردىكى شايىلار توقۇلىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر ئۇكىسى بار ئىكەن.

ۋەتىنىمىزنىڭ خەلقى ناھايىتى كۆپ، زېمىنى بەك كەڭ.

يېقىملىق باھار كېلىش بىلەن، دەل-دەرەخلەر كۆپ-كۆك يوپۇرماق چىقاردى.

سىز خەتنى مەندىن چىرايلىقراق يازىدىكەنسىز.

ئۇ بازاردىن قىزىل، كوكۇش، ساغۇچ بوياقلارنى ئېلىپ كەلدى.



# توققۇزىنچى باب سان

## §1 سان ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە سان جەھەتتىكى تەرتىۋىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: 4، 10، 20، 100، 1000، بىر مىليون، 11-قۇرۇلتاي، 2-سىنىپ، 6-مەكتەپ ۋە باشقىلار.

سان تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) سانلار جۈملىدە ئاساسەن ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئىسىملارنى ئېنىقلاپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئۆزى ھېچقانداق ئېنىقلىغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن:

20 ماشىنا، 5 ئوقۇغۇچى، 8 كىتاب، ئىككى ئادەم، 2-گۇرۇپپا، 7-دادۈي، 6-مەسىلە دېگەنگە ئوخشاش.

(2) سانلارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئارقىلىق سان ياسايدىغان ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلىرى يوق.

(3) سانلارمۇ مەنە جەھەتتىن بىرقانچە تۈرگە بولۇنىدۇ.

## §2 ساننىڭ تۈرلىرى

سانلار ئۆزلىرىنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە ۋە ھېساپلىنىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ، ساناق سان، تەرتىپ سان، مولچەر سان، ئۆملۈك سان،

كەسىر سان دەپ 5 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ساناق سان

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ساناق سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ساناق سانلار "قانچە؟ نەچچە؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ساناق سانلار سانلارنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ، يېزىقتا ئاساسەن رەقەم بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

1، 2، 4، 8، 10، 20، 40، 60، 90، 100، 120، 1000، 1250، بىر مىليون، 5 مىليارت ۋە باشقىلار.

ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا "لار، لەر" قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، سانلارنىڭ خانىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىرلەر خانىسى، ئونلار خانىسى، يۈزلەر خانىسى دېگەنگە ئوخشاش.

"بىر" دېگەن ساناق سان سان مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، باشقا قوشۇمچە مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىر چاغلاردا، ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر، بىر ئاز، بىردىنلا، بىرقىسما دېگەنگە ئوخشاش.

## 2. تەرتىپ سان

شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى تەرتىۋىنى ياكى دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار تەرتىپ سان دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرتىپ سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا "نچى، ىنچى" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، جۈملىدە "قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:



بىرىنچى مەسىلە، 11-قۇرۇلتاي، 1982-يىل، 5-ئاي، 6-ياتاق، 3-سىنىپ دېگەنگە ئوخشاش.

تەرتىپ سانلار چىقىش كېلىشتە كەلگەندە، ئوي-پىكىرنىڭ ياكى ئىش-ھەركەتنىڭ تەرتىۋى ياكى باسقۇچىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن دېگەنگە ئوخشاش.

تەرتىپ سانلارغا "لەر، لىك" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىسىم ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچىلىك، ئىككىنچىلىك، بىرىنچىلەر، ئىككىنچىلەر دېگەنگە ئوخشاش.

## 3. مولچەر سان

شەيئىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى ئەمەس، تەخمىنەن سانىنى كۆرسىتىدىغان سانلار مولچەر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

مولچەر سانلار جۈملىدە "قانچىلىك؟ نەچچىلىك؟ قانچىلىغان؟ نەچچىلىگەن؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

بەشچە كىشى، مىڭلىغان ئادەم، ئوندەك ئوقۇغۇچى، ئالتە-يەتتە قوي ۋە باشقىلار.

مولچەر سانلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ.

(1) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا "لار، لەر، لاپ، لەپ" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئونلاپ، يۈزلەپ، مىڭلاپ، مىليونلاپ، سائەت بەشلەردە، يىگىرمىلەردە باردۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا "لىغان، لىگەن" دېگەن قوشۇمچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مىڭلىغان ئادەملەر، يۈزلىگەن ماشىنىلار، مىليونلىغان ياشلار دېگەنگە ئوخشاش.

(3) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا "دەك، تەك، چە" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوندەك ئات، ئوتتۇزدەك ئوقۇغۇچى، بەشچە كىتاب دېگەنگە ئوخشاش.

(4) ئىككى ساناق ساننى يانمۇ-يان كەلتۈرۈش ئارقىلىقمۇ مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەش-ئالتە ماشىنا، ئون-يىگىرمە ئات دېگەنگە ئوخشاش.

## 4. ئۆملۈك سان

كىشى ئىسىملىرى، شەخس ئالماشلىرى ۋە كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن كېيىن كېلىپ، شۇ شەخسلەرنىڭ ساننى بىلدۈرىدىغان سانلار ئۆملۈك سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆملۈك سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا "يلەن، ئەيلەن" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچەيلەن، ئىككىيلەن، ئالتەيلەن، بەشەيلەن دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆملۈك سانلار باشقا سانلارغا ئوخشاش جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلمەي، كۆپىنچە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئىككىيلەن ئوقۇشقا بارىمىز. (ئىگە)

سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەر مۇنۇ ئىككىيلەن. (خەۋەر)

ئوقۇتقۇچى بىز ئۈچەيلەندىن سوئال سورىدى. (تولدۇرغۇچى)



بىز بەشەيلەننىڭ پىكرى بىر. (ئېنىقلىغۇچى)

## 5. كەسىر سان

پۈتۈن سانىنىڭ پارچىلىرى، بۆلەكلىرى ياكى ئۈلۈشلىرىنى كۆرسىتىدىغان سان كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ھېساپ ئەمىلىدە مەخرەج سىزىقىنىڭ ئاستىغا، سۈرەت سىزىقىنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

$\frac{1}{2}$، $\frac{7}{10}$، $\frac{5}{8}$، $\frac{2}{6}$ دېگەنگە ئوخشاش.

يېزىق تىلى بىلەن جانلىق تىلدا مەخرەج چىقىش كېلىشتە، سۈرەت باش كېلىش ۋە باشقا كېلىشلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز دۇنيا خەلقىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىمىز.

ئۈچتىن ئىككىنى سەككىزدىن بەشكە قوشۇڭ.

ئون ئالتىنىڭ تۆتتىن بىرى — تۆت.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ سانلارنى تېپىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق سان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇ يىل يۈزلىگەن گوڭشې، دۈيلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

ئوستەڭ قۇرۇلۇشىغا بىزنىڭ سىنىپتىن 46 ئوقۇغۇچى قاتناشتى، پەقەت بىر ئوقۇغۇچى كېسەل سەۋەبى بىلەن قاتنىشالمىدى.

ئاخشامقى كىنونى بىز ئىككىيلەن بىرلىكتە كۆردۇق.

60 — 70 ياشلاردىكى بوۋاي-موماينلارمۇ تولۇپ تاشقان غەزەپ-نەپرىتى بىلەن "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نى پىپەن قىلدى.

# بەشىنچى باپ    ئالماش

## §1 ئالماش ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىش ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

بىز ئىلغارلاردىن ئۆگىنىمىز، ئۇلارغا يېتىشىۋالىمىز.

ئۆتكەن يىلى مەكتىۋىمىزگە 300 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان ئىدى، بۇ يىلمۇ شۇنچىلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

مۇنداق مەسىلىلەر دائىم كورۇلۇپ تۇرىدۇ.

ئومىغا ھەممەيلەن قاتناشتى.

بۈگۈن كىم سوزگە چىقتى؟

دەرسكە ھېچكىم كېچىكمىدى.

بۇ سوئالغا ھەركىم جاۋاپ بېرەلەيدۇ.

ئالماشلارنىڭ سانى ئانچە كوپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىلىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، تۈرلۈك مەنىلەرنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. ئالماشلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئالماشلار تىلىمىزدا ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىش ۋە باشقىلار سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە سوراقنى بىلدۈرىدۇ.



(2) ئالماشلاردىن ئۇقۇلغان مەنە ئىسىم، سۈپەت، سان ۋە باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن ئۇقۇلغان مەنىدەك كونكرېت، روشەن بولمايدۇ، كوپىنچە ئومۇمىراق ۋە ئابستراكتىراق بولىدۇ. ئالماشلارنىڭ قايسى سوز تۈركۈمى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىۋاتقانلىقى كونكرېت تىل شارائىتىدا بىلىنىدۇ.

(3) ئالماشلار ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار جۈملىدە قايسى سوز تۈركۈمى ئورنىغا ئالمىشىپ كەلسە، شۇ سوز تۈركۈمىگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ، شۇ سوز تۈركۈمى ئورۇنلىغان ۋەزىپىنى ئورۇنلايدۇ.

مەسىلەن:

تۈردى ئاخۇن ئىلغار ئىشچى، ئۇنى ھەممىمىز ياخشى كورىمىز.

ئۇنداق ئىشچىلار زاۋۇتتا خېلى كوپ.

## §2 ئالماشنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى ئالماشلار ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدە ئوتەيدىغان ۋەزىپىلىرىگە ۋە ئۇقتۇرىدىغان مەنىلىرىگە قاراپ، كىشىلىك ئالماش (شەخس ئالماشلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كورسىتىش ئالماش، سوراق ئالماش، ئېنىقلاش ئالماش (بەلگىلەش ئالماشلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۆزلۈك ئالماش، ئوملۇك ئالماش، بەلگىسىز ئالماش (گۇمان ئالماشلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بولۇشسىز ئالماش (ئىنكار ئالماشلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىگەن 8 تۈرگە بولۇنىدۇ.

### 1. كىشىلىك ئالماش

شەخسلەرنى كورسىتىپ كېلىدىغان ئالماشلار كىشىلىك ئالماش دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ.

كىشىلىك ئالماش سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى ۋە بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئۈچىنچى شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلاردۇر.

كىشىلىك ئالماشلار بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ. جۈملىدە "كىم؟ كىملەر؟" دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ.

كىشلىك ئالماشلار تۆۋەندىكىچە:

I شەخس بىرلىك ئۈچۈن مەن؛ كۆپلۈك ئۈچۈن بىز، بىزلەر؛

II شەخس بىرلىك ئۈچۈن سەن، سىز، سىلى؛ كۆپلۈك ئۈچۈن سىزلەر، سىلەر؛

III شەخس بىرلىك ئۈچۈن ئۇ؛ كۆپلۈك ئۈچۈن ئۇلار.

كىشلىك ئالماشلار ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، پەقەت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەنلا تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

I شەخس: مەن، مېنىڭ، مېنى، مەندىن، مەندە، ماڭا؛

II شەخس: سەن، سېنىڭ، سېنى، سەندىن، سەندە، ساڭا؛

III شەخس: ئۇ، ئۇنىڭ، ئۇنى، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭدا، ئۇنىڭغا.

## 2. كۆرسىتىش ئالماش

ئادەم ياكى شەيئىلەرنى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، سان-مىقدارىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرسىتىش ئالماشلار تۆۋەندىكىچە:

ئۇ، بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئاۋۇ، ئاشۇ، ئەنە، مانا.....

ئۇنداق، مۇنداق، بۇنداق، شۇنداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق...

ئانچە، مۇنچە، شۇنچە، ئۇنچىلىك، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك



مۇشۇنچىلىك...

كۆرسىتىش ئالماشلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، جۈملىدە ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئورنىدا كەلگەندە، كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ باشقا ۋەزىپىلەردىمۇ كېلىدۇ، "قايسى؟ قانداق؟ قانچىلىك؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىتاپنى مەن ئوقۇغان. (ئېنىقلىغۇچى)

بۇ، ئوبدان پىكىر. (ئىسىم)

بۇنى مەن كۆرگەن. (تولدۇرغۇچى)

III شەخس كىشلىك ئالماش "ئۇ" بىلەن كۆرسىتىش ئالماش "ئۇ" شەكىل جەھەتتە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇلارنى جۈملىدىكى مەنىسىگە ھەم ۋەزىپىسىگە قاراپ ئايرىۋالىمىز. مەسىلەن:

ئۇ ئەسەرنى مەنمۇ ئوقۇدۇم. (كۆرسىتىش)

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. (كىشلىك).

## 3. سوراق ئالماش

ئادەم ياكى نەرسە، بەلگە ياكى خۇسۇسىيەت، سان-مىقدار ياكى ۋاقىت-پەسىل ھەققىدە سوراقنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار سوراق ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

سوراق ئالماشلار تۆۋەندىكىچە:

كىم؟ نىمە؟ قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىك؟ نەچچىلىك؟ قانداق؟ قايسى؟ قاچان؟ قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟ قەيەردە؟ قېنى؟.....

"كىم؟" دېگەن ئالماش ئادەم ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

"نىمە؟" دېگەن ئالماش ئادەمدىن باشقا شەيئىلەر توغرىسىدىكى

سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

"قانداق؟" دېگەن ئالماش شەيئىلەرنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

"قاچان؟" دېگەن ئالماش ۋاقىت-پەسىل ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

"نە؟ قەيەر؟" دېگەن ئالماشلار ئورۇن-جاي ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

"قايسى؟ قېنى؟" دېگەن ئالماشلار شەيئىلەر ئىچىدىن ئاجرىتىپ كۆرسىتىشكە تېگىشلىك بولغان شەيئى ۋە خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— كىم كەلدى؟

— يالقۇن كەلدى.

— قولىڭىزدىكى نىمە؟

— كىتاپ.

— قاچان ئالدىڭىز؟

— تۈنۈگۈن ئالدىم.

— قەيەردىن ئالدىڭىز؟

— كىتاپخانىدىن.

— قانچىنى ئالدىڭىز؟

— بەشنى ئالدىم.

— قايسى كىتاپ؟

— 4-توم.

سوراق ئالماشلار كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:



كىم كەلدى؟ (ئېگە)

تۈنۈگۈن كەلگەن كىم؟ (خەۋەر)

سىز قاچان كەلدىڭىز؟ (ھالەت)

قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز. (ئېنىقلىغۇچى)

نىمىنى ياخشى كۆرىسىز؟ (تولدۇرغۇچى)

## 4. ئېنىقلاش ئالماشلىرى

ئادەم ياكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سان-مىقدارىنى ئاجرىتىپ ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكىتلەپ كۆرسىتىدىغان ئالماشلار ئېنىقلاش ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىقلاش ئالماشلىرى تۆۋەندىكىچە:

ھەرقانچە، ھەرقانداق، ھەركىم، ھەرنىمە، ھەربىر، ھەرقاچان، ھەرقايسى......

ئېنىقلاش ئالماشلىرى "ھەر" دېگەن تۈپكى ئېنىقلاش ئالمىشىغا سوراق ئالماشلىرىنىڭ ياكى "بىر" دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىسى بار.

ئوقۇتقۇچى ھەر بىرىمىزگە بەشتىن دەپتەر تارقىتىپ بەردى.

ھەرقانچە دېگەن بىلەن، دۈشمەن بەربىر دۈشمەن.

## 5. ئۆزلۈك ئالماش

ئادەم ياكى شەيئىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ۋە ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدىغان ئالماش ئۆزلۈك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزلۈك ئالماش "ئۆز" دېگەن بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوپىنچە تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ھالدا قوللىنىلىدۇ ۋە كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ ھەر خىل بولىكى بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئۆزەم، ئۆزەمنىڭ، ئۆزەمنى، ئۆزەمدە، ئۆزەمگە، ئۆزەمدىن.

ئۆزەمنىڭ ئىشى، ئۆزەڭنىڭ ئىشى، ئۆزىنىڭ ئىشى.

بۇ ئىشنى ئۆزىمىز ئىشلەيمىز. (ئىگە)

بۇ ئىشنى قىلغان ئۆزىمىز. (خەۋەر)

ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شەر چاغلا. (تولدۇرغۇچى)

## 6. ئۇملۇك ئالماش

ئادەم ياكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سان ـ مىقدارىنى جەملەپ كورسىتىدىغان ئالماشلار ئۇملۇك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ھەممە، جەمى، بارلىق، بارچە“ دېگەن سوزلەر ئۇملۇك ئالماشلار بولۇپ، بۇلار تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەندە شەخسلەرنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن:

ھەممىمىز، بارلىغىمىز (I شەخس)

ھەممەڭلار، بارلىغىڭلار (II شەخس)

ھەممىسى، بارلىغى (III شەخس)

ئۇملۇك ئالماشلارمۇ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە تۈرلۈك ۋەزىپىلەردە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەممىمىز خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتىمىز. (ئىگە)

بارلىغىمىزنى پارتىيىگە بېغىشلايمىز. (تولدۇرغۇچى)

بارلىق يولداشلار تىرىشىڭلار. (ئېنىقلىغۇچى)

ھەممىمىزنىڭ مەقسىدى بىر. (ئېنىقلىغۇچى)



## 7. بەلگىسىز ئالماش

ئادەم ياكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرى، ئورۇن ـ جاي ۋە ۋاقىت ـ پەسىل توغرىسىدا ئېنىقسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بەلگىسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللىقاچان، ئاللىقانداق، كىمدۇ، نىمىدۇ، قانداقتۇ، قاچاندۇ، بەزىبىر، قايسىبىر، گايىبىر، بىرمۇنچە، بىرقانچە، بەزى، گايى، بىراق قاتارلىق سوزلەر بەلگىسىز ئالماش جۈملىسىگە كىرىدۇ.

بەلگىسىز ئالماشلار ئاساسەن سوراق ئالماشلىرىغا ”ئاللا، بىر، دۇ، تۇ“ قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئاللىقاچان تۈگەپ بولغان ئىش. (رەۋىش)

بۇ يەردە ئاللىقانداق ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن.

كىمدۇ بىرى شۇ ئارىدا سوز قىستۇردى. (ئېنىقلىغۇچى)

## 8. بولۇشسىز ئالماش

ئادەم ياكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سان ـ مىقدارى، ۋاقىت ـ پەسىل توغرىسىدا يوقلۇق (ئىنكار) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بولۇشسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

بولۇشسىز ئالماشلار ”ھېچ“ دېگەن تۈپكى بولۇشسىز ئالماشقا سوراق ئالماشلىرى ۋە بەزى ئىسىملارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچكىم، ھېچنىمە، ھېچقايسى، ھېچقانداق، ھېچقاچان، ھېچقانچە، ھېچنەرسە، ھېچبىر دېگەنگە ئوخشاش.

بولۇشسىز ئالماشلار جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ يوقلۇق شەكلىدە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، جۈملىدە كوپىنچە ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئېنىق-

لىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر ۋە ھالەت بولۇپ كېلىشىمۇ
مۇمكىن. مەسىلەن:

مەجلىسكە تېخى ھېچكىم كەلمىدى. (ئىگە)

ئۇ كېچىدە ھېچنىمىنى كورەلمىدى. (تولدۇرغۇچى)

ھېچانداق قارا كۈچ تېچلىقنى بۇزالمايدۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

”ھېچ“ دىگەن بولۇشسىز ئالماش بەزى سوزلەرنىڭ ۋە بەزى
بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئىنكار مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە
ئۆزى شۇ سوزنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچ گەپ، ھېچ كىشى، ھېچ ئىش، ھېچ چىدىيالمىدى، ھېچ
كەلمىدى دىگەنگە ئوخشاش.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ ئالماشلارنى تېپىڭلار ۋە ئۇنىڭ
قانداق ئالماش ئىكەنلىگىنى، قايسى ۋەزىپىدە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

پاراخوتتىكى 15 ياشلىق ئەسكەر يېنىدىكى 70 ياشلىق قېرى دېھ بوۋايدىن
سوراپ قالدى:

— ئاكا، نىمىشقا بىزنىڭ بايرىغىمىزنىڭ بەلگىسى قىزىل ھەم دۈگلەك؟

— كىم بىلىدۇ دەيسەن، ئۇكام، ئۇنى!......

— سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بىلمەيدىغان ئوخشايسەن؟

— مەن كىتاپ ئوقۇشنىمۇ بىلمەيمەن، — دىدى بىر پەس ئويلىنىۋالغان-
دىن كېيىن قېرى، — شۇنداق بولسىمۇ پەرەز قىلىمەنكى، ئۇنىڭ قىپ-قىزىل
بولۇشى قان بولۇپ، دۈگلەك بولۇشى داغ — يەنى قىزىل داغ دىگەن سوزمى-
كىن دەيمەن.

— ئەمىسە، بىزنىڭ لىيەنىنىڭ سىياسى رەھبىرى بىزگە ”ئۇ نۇرىنى چېچىپ
تۇرغان قىزىل كۈن“ دەپ چۈشەندۈردىغۇ؟

— بەلكى قىزىل قان چاچىدىغان دۈگلەك كۈندۈر. مەن تۇغۇلۇپ بۇ
يېشىمغا كەپتىمەن، بۇ بايراقنىڭ ئۇرۇش ھەم قان چاچقىنىنى كوردۇم، نۇر
چاچقىنى يادىمدا يوق، — دىدى قېرى ئۇنىڭ سوزىنى كېسىپ.



# ئالتىنچى باپ پېئىل

## 1§ پېئىل ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئىش-ھەركىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈر-
دىغان سوز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلقنى بىز تەشكىللەيمىز، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى بىز خەلقنى
تەشكىللەش بىلەن يوقىتىمىز. ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل نەرسە يوقاتى-
مىساڭ، يوقالمايدۇ. بۇمۇ يەر سۈپۈرگەنگە ئوخشاش، سۈپۈرگە
تەگمىگىچە، ئەخلەت ھامان ئۆزى چىقىپ كەتمەيدۇ.

بۇ ئۆزۈندىدىكى ”تەشكىللەيمىز، يوقىتىمىز، يوقاتمىساڭ، يوقال-
مايدۇ، سۈپۈرگەن، ئوخشاش، تەگمىگىچە، چىقىپ كەتمەيدۇ“
دىگەن سوزلەر ئادەم ياكى شەيئىنىڭ ئىش-ھەركىتى ۋە ھالىتىنى
بىلدۈرۈپ كەلگەن.

پېئىللار ”نىمە قىلدى؟ نىمە قىلىدۇ؟ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ نىمە
بولدى؟ نىمە بولىدۇ؟ نىمە بولىۋاتىدۇ؟ نىمە قىلغان؟ نىمە قىلىندى؟“
دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

### 1. پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق
خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

(1) پېئىللار بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن:

ماڭدى، ماڭمىدى، ئىشلەۋاتىدۇ، ئىشلىمەيۋاتىدۇ، ئوقۇيدۇ، ئوقۇمايدۇ...

(2) پېئىللار راي (مەيىل) كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئوقۇ، ئوقۇما (بۇيرۇق)

ئوقۇسا، ئوقۇمىسا (شەرت)

ئوقۇدى، ئوقۇمىدى (خەۋەر)

(3) پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

يازدى، يازمىدى (ئۆتكەن زامان)

يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋاتماقتا (ھازىرقى زامان)

يازىدۇ، يازماقچى (كېلىدىغان زامان)

(4) پېئىللار شەخس ھەم سان كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

باردىم، باردۇق (I شەخس)

باردىڭ، باردىڭلار (II شەخس)

باردى، بېرىشتى (III شەخس)

(5) پېئىللار دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئوقۇدى، يازدى (ئېنىق دەرىجە)

ئوقۇلدى، يېزىلدى (مەجھۇل دەرىجە)

ئوقۇتتى، يازدۇردى (مەجبۇر دەرىجە)

ئوقۇشتى، يېزىشتى (ئۆملۈك دەرىجە)

ياساندى، كورۇندى (ئۆزلۈك دەرىجە)

(6) پېئىللار ئۆزىگە خاس پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق پېئىل ياساش مۇمكىن. شۇنداقلا پېئىللارغا، ئاساسەن بۇيرۇق پېئىللارغا تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرنى ياساشمۇ مۇمكىن.



| | قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|---|
| باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پېئىللار ياسىلىدۇ | لا، لە (لاش، لەش، لان، لەن) | ئىشلە، باشلا (ماشىنىلاشتۇر، سانائەتلەشتۇر، خوشالالان) |
| | دا، دە، داش، دەش | ئورۇندا، ئىزدە، مۇڭداش، نەمدەش |
| | ر، ئار، ئەر | قىسقار، ياشار، كوكەر |
| | ي، ئاي، ئەي | قاراي تاراي، كوپەي |
| | غار، قۇر | سۇغار، باشقۇر |
| | ئا، ئە، را، رە | ياشا، تۈنە، شاقىرا، مەرە |
| | سىت، سىرا، سىرە | كەمسىت، ئۈيقۇسىرا، كۆلۈمسىرە |
| | ئىلدا، ئىلدە، ئۇلدا، ئۈلدە (üldə) | ۋىژىلدا، لەپىلدە، غۇيۇلدا، گۈرۈلدە |
| پېئىللاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەر ياسىلىدۇ | ما، مە، ماق، مەك | ئۆيۈشما، بىرلەشمە، تېپىشماق، ئىلمەك |
| | ئىق، ئىك، ئۇق، ئۈك (ük) | تىزىق، كېچىك، ئۈتۈق، كويۈك |
| | قا، گە، كە | سوقا، سۈپۈرگە، تۈرتكە |
| | غاق، قاق، گەك، كەك | ئوغاق، قورقاق، ئىلگەك، تەپكەك |
| | غىن، قىن، گىن، كىن | قىرغىن، تاشقىن، تىزگىن، كەسكىن |
| | غۇ، قۇ، گۈ، كۈ | ئۈرگۇ، ئاچقۇ، سەزگۈ، كەسكۈ |
| | غۇن، قۇن، گۈن، كۈن | تۇرغۇن، توسقۇن، سۈرگۈن، كەلكۈن |
| | غۇچ، قۇچ، گۈچ، كۈچ | سىزغۇچ، باسقۇچ، سۈزگۈچ، كورسەتكۈچ |
| | غۇچى، قۇچى، گۈچى، كۈچى | ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، سوزلىگۈچى، كۆتكۈچى |
| | چاق، چەك، چۇق | ماختانچاق، ئىرىنچەك، ياسانچۇق |
| | ئاق، ئەك، داق | ياتاق، بولەك، قونداق |
| | مىش، مۇش، مۈش | قىلمىش، تۇرمۇش، ئوتمۇش |
| | ئىن، ئۈن، ئىم | ئېقىن، ئۆكۈن، يىغىم |
| | قىە، ك، چ | بوياق، يوگەك، ئىشەنچ |
| | ئار، ئەر، مۇر، كۈر | ئۆچار، كېمەر، ئوسمۇر، ئوتكۇر |

شقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى دە كورۇلۇپ قالىدۇ، لېكىن پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق ورىيىلىرى باشقا سوز تۇركۇملىرىدە ئاساسەن كورۇلمەيدۇ. ەسىلەن:

”كىتاپنى، ياخشىنى، بەشنى، ئۇنى، كوپنى“ دىسەك، ئىسىملارنىڭ چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى باشقا سوزلەرگىمۇ قوشۇلغان. ئەمما ”ئوقۇدى“ دىگەن پېئىلدىكى ”دى“ دىگەن قوشۇمچىسىنى باشقا سوز تۇركۇملىرىگە قوشقىلى بولمايدۇ.

(8) پېئىللار جۇملىدە ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىپ، شۇ جۇملىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

”مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن“ دىگەن جۇملىدە ”ئوقۇۋاتىمەن“ دىگەن پېئىل بولمىسا، بۇ جۇملە جۇملە بولالمايدۇ.

## 2. شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل

پېئىللار ئوزلىرى ئىپادىلىگەن ئىش-ھەركەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كېلىش-كېلەلمەسلىكىگە قاراپ، شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دەپ ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

### 1) شەخسلىك پېئىل

ئىش-ھەركەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كېلىدىغان، باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ رولىدا كەلمەيدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز تىلىمىزدىكى پېئىللارنى شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل



دەپ ئىككى تۇرگە ئايرىشتا، ئاساسەن، پېئىلنىڭ ئوزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىمىز. شەخسلىك پېئىللاردا پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ، ئىش-ھەركەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. شەخسلىك پېئىللار، ئومۇمەن، باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ رولىدا كەلمەيدۇ. بىز پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى دىگەندە، ئاساسەن، شەخسلىك پېئىللارنى كوزدە تۇتىمىز.

مەسىلەن، ”ئال“ دىگەن پېئىلنى تۇرلەپ،“ ئالدىم، ئالمىدىم، ئالاي، ئالمەن، ئېلىۋاتىمەن، ئالىمىز، ئالساق، ئېلىڭ، ئالسىڭىز، ئالساڭلار، ئېلىڭلار، ئالدىڭلار، ئالمىدىڭىز، ئالمىدىڭلار، ئالىدۇ، ئالمايدۇ، ئالسۇن، ئالدى، ئالمىدى......“ دەپ ئېيتساق، بۇنىڭدىن پېئىلغا خاس تۇرلۇك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

### 2) شەخسسىز پېئىل

بەزى پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ، باشقا سوز تۇركۇمىگە يۇز تۇتقان پېئىللار شەخسسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخسسىز پېئىللار پېئىلغا خاس بولغان زامان ۋە راي كاتېگورىيىلىرىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ، يەنى شەخسسىز پېئىللاردا پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق كورۇلمەيدۇ. ئىش-ھەركەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. شەخسسىز پېئىللار باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگەللەپ، شۇ سوز تۇركۇمىنىڭ رولىدا كېلىۋېرىدۇ. تىلىمىزدىكى ھەركەتنامى، سۇپەتداش ۋە رەۋىشداشلار شەخسسىز پېئىل جۇملىسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(7) باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىر بىرىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ، لېكىن پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدە ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ.

مەسىلەن:

"كىتاپنى، ياخشىنى، بەشنى، ئۇنى، كۆپنى" دېسەك، ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى باشقا سۆزلەرگىمۇ قوشۇلغان. ئەمما "ئوقۇدى" دېگەن پېئىلدىكى "دى" دېگەن قوشۇمچىنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشقىلى بولمايدۇ.

(8) پېئىللار جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئېلىپ، شۇ جۈملىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى تەشكىللىگۈچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

مەسىلەن:

"مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن" دېگەن جۈملىدە "ئوقۇۋاتىمەن" دېگەن پېئىل بولمىسا، بۇ جۈملە جۈملە بولالمايدۇ.

## 2. شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل

پېئىللار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىش-كېلەلمەسلىكىگە قاراپ، شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) شەخسلىك پېئىل

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان، باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كەلمەيدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز تىلىمىزدىكى پېئىللارنى شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل



دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشتا، ئاساسەن، پېئىلنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىمىز. شەخسلىك پېئىللاردا پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. شەخسلىك پېئىللار، ئومۇمەن، باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كەلمەيدۇ. بىز پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى دېگەندە، ئاساسەن، شەخسلىك پېئىللارنى كۆزدە تۇتىمىز.

مەسىلەن، "ئال" دېگەن پېئىلنى تۈرلەپ،" ئالدىم، ئالمىدىم، ئالاي، ئالىمەن، ئېلىۋاتىمەن، ئالىمىز، ئالساق، ئېلىڭ، ئالسىڭىز، ئالساڭلار، ئېلىڭلار، ئالدىڭلار، ئالمىدىڭىز، ئالمىدىڭلار، ئالىدۇ، ئالمايدۇ، ئالسۇن، ئالدى، ئالمىدى....." دەپ ئېيتساق، بۇنىڭدىن پېئىلغا خاس تۈرلۈك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

### 2) شەخسسىز پېئىل

بەزى پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ، باشقا سۆز تۈركۈمىگە يۈز تۇتقان پېئىللار شەخسسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخسسىز پېئىللار پېئىلغا خاس بولغان زامان ۋە راي كاتېگورىيىلىرىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ، يەنى شەخسسىز پېئىللاردا پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق كۆرۈلمەيدۇ. ئىش-ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. شەخسسىز پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ رولىدا كېلىۋېرىدۇ. تىلىمىزدىكى ھەرىكەتنامى، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداشلار شەخسسىز پېئىل جۈملىسىگە كىرىدۇ.

(7) باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلىرى بىر بىرىدە كورۇلۇپ قالىدۇ، لېكىن پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلىرى باشقا سوز تۇركۇملىرىدە ئاساسەن كورۇلمەيدۇ.
مەسىلەن:

"كىتاپنى، ياخشىنى، بەشنى، ئۇنى، كوپنى" دېسەك، ئىسىملارنىڭ چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى باشقا سوزلەرگىمۇ قوشۇلغان. ئەمما "ئوقۇدى" دېگەن پېئىلدىكى "دى" دېگەن قوشۇمچىنى باشقا سوز تۇركۇملىرىگە قوشقىلى بولمايدۇ.

(8) پېئىللار جۇملىدە ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىپ، شۇ جۇملىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى تەشكىللاتچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.
مەسىلەن:

"مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن" دېگەن جۇملىدە "ئوقۇۋاتىمەن" دېگەن پېئىل بولمىسا، بۇ جۇملە جۇملە بولالمايدۇ.

## 2. شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل

پېئىللار ئوزلىرى ئىپادىلىگەن ئىش-ھەركەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كېلىش-كېلەلمەسلىكىگە قاراپ، شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دەپ ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

### 1) شەخسلىك پېئىل

ئىش-ھەركەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كېلىدىغان، باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ رولىدا كەلمەيدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز تىلىمىزدىكى پېئىللارنى شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل



دەپ ئىككى تۇرگە ئايرىشتا، ئاساسەن، پېئىلنىڭ ئوزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىمىز. شەخسلىك پېئىللاردا پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلىرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ، ئىش-ھەركەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. شەخسلىك پېئىللار، ئومۇمەن، باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ رولىدا كەلمەيدۇ. بىز پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلىرى دېگەندە، ئاساسەن، شەخسلىك پېئىللارنى كوزدە تۇتىمىز.

مەسىلەن، "ئال" دېگەن پېئىلنى تۇرلەپ،" ئالدىم، ئالمىدىم، ئالاي، ئالمەن، ئېلىۋاتىمەن، ئالىمىز، ئالساق، ئېلىڭ، ئالسىڭىز، ئالساڭلار، ئېلىڭلار، ئالدىڭلار، ئالمىدىڭىز، ئالمىدىڭلار، ئالىدۇ، ئالمايدۇ، ئالسۇن، ئالدى، ئالمىدى......" دەپ ئېيتساق، بۇنىڭدىن پېئىلغا خاس تۇرلۇك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

### 2) شەخسسىز پېئىل

بەزى پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ، باشقا سوز تۇركۇمىگە يۇز تۇتقان پېئىللار شەخسسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخسسىز پېئىللار پېئىلغا خاس بولغان زامان ۋە راي كاتىگورىيىلىرىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ، يەنى شەخسسىز پېئىللاردا پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق كورۇلمەيدۇ. ئىش-ھەركەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. شەخسسىز پېئىللار باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگەللەپ، شۇ سوز تۇركۇمىنىڭ رولىدا كېلىۋېرىدۇ. تىلىمىزدىكى ھەركەتنامى، سۇپەتداش ۋە رەۋىشداشلار شەخسسىز پېئىل جۇملىسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسلەن، ”ئوقۇ“ دېگەن پېئىلنى ”ئوقۇش، ئوقۇماق، ئوقۇغان، ئوقۇغىلى، ئوقۇپ، ئوقۇغىچە، ئوقۇغاچ“ دېگەن شەكىللەردە ئالساق، ئۇلاردىن نە شەخس، نە زامان مەنىسى ئۇقۇلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار جۈملىدە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ. بۇ ھەقتە كېيىن يەنە ئايرىم توختىلىمىز.

### 3. ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بەزىلىرى ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا بىۋاسىتە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، بەزىلىرى بولسا ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىرەر ئوبيېكتقا ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەنە شۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە بىلدۈرىدىغانلىقىغا قاراپ، پېئىللارنى ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. پېئىللارنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتى پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ يەردە ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

#### 1) ئۆتۈملۈك پېئىل

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆتۈملۈك پېئىللار جۈملىدە ئۆز ئوبيېكتىنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز سىنىپنى تازىلىدۇق.

مەن كىتاب ئوقۇدۇم.



ئۇلار تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدى.

جۈملىدە ئاساسەن چۈشۈم كېلىشتە كېلىدىغان ”ياز، ئوقۇ، كور، ئىشلە، قىل، بىل، ئال، تاشلا، تازىلا، سانا، توقۇ، ئىچ، سال، ئاچ“ دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىللار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

#### 2) ئۆتۈمسىز پېئىل

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆتۈمسىز پېئىللار جۈملىدە ئۆز ئوبيېكتىنىڭ بىرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشلەردە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپكە كەتتى.

ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق.

ئىشتىن قايتتىم دېگەنگە ئوخشاش.

جۈملىدە كۆپىنچە چۈشۈم كېلىشتە كېلىشنى تەلەپ قىلمايدىغان ”تۇر، ئولتۇر، يات، ماڭ، كەت، كەل، چىق، بول، قايت، بار، ئۆچ“ دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىللار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئىككى خىل پېئىللارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپمۇ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

كىتاپنى ئوقۇدۇم، مەكتەپتە ئوقۇدۇم دېگەنگە ئوخشاش.

## §2 پېئىلنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ھەر دائىم بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ، شەخس ھەم سان

ئۇقۇمنى بىلدۇرىدۇ، ۋاقىت ـ زامان مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ، تۇرلۇك دەرىجىدە تۇرلىنىپ كېلىدۇ، ھەر خىل راي (مەيىل) تۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. دىمەك، پېئىللار بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق كاتىگورىيىسى، شەخس ھەم سان كاتىگورىيىسى، زامان كاتىگورىيىسى ۋە راي (مەيىل) كاتىگورىيىسىدىن ئىبارەت 5 تۇرلۇك گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىگە ئىگە.

## 1. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق كاتىگورىيىسى

ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئىشقا ئاشىدىغان ياكى ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدۇرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق كاتىگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ھېچقانداق گىراماتىكىلىق فورمىسىز (شەخس، زامان، دەرىجە كاتىگورىيىلىرىنىڭ فورمىلىرىسىز) كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ؛ بولۇشسىز شەكلى بولسا ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق فورما (ما، مە) ئارقىلىق كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

بار ـــ بارما، باردىم، بارمىدىم.
كەل ـــ كەلمە، كەلدىم، كەلمىدىم.

ئۇ مېنى كۈتەلمەيدۇ،
نەزىرىمدىن ئۆتەلمەيدۇ،
ئۇلپەتلىك قىلالمايدۇ،
كوڭلۇم باشقىنى تارتار.

ـــ نىم شېھىت.



سوزلىسەڭ ئۇقۇپ سوزلە، ئالدىراپ كەتمە،
سوزۇڭنى يوشۇر، كېيىن بېشىڭنى يوشۇرۇپ يۇرمە،
مىڭ ئادەم (ساڭا) دوست بولسا، ئۇنى كوپ دىمە،
بىر ئادەم (ساڭا) دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز دىمە.

ئومەر ھەييام.

## 2. پېئىلنىڭ شەخس ھەم سان كاتىگورىيىسى

ئىش ـ ھەركەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى كورسىتىدىغان گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە پېئىلنىڭ شەخس كاتىگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەركەتكە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى شەخسلەر سوزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى ۋە ئۆزگىلەردىن ئىبارەت 3 شەخستۇر.

ھەركەتنى قىلغان شەخسنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ياكى بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كورسىتىدىغان گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە پېئىللارنىڭ سان كاتىگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ شەخس ھەم سان كاتىگورىيىلىرى ئۆزئارا زىچ باغلانغان بولىدۇ، يەنى ئۇلار مەنە ۋە فورما جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە ئوز ئالدىغا ئايرىم فورمىلار بىلەن ئەمەس، بىر خىل فورمىلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پېئىللارنىڭ شەخس ھەم سان كاتىگورىيىلىرى تىلىمىزدا تۆۋەندىكى فورمىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

I شەخس بىرلىكتە ”دىم، تىم، دۇم، تۇم، مەن، يمەن“،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فورمىلىرى؛ كوپلۇكتە "دۇق، تۇق، ىمىز، يىمىز" فورمىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بار—باردىم، بارىمەن، باردۇق، بارىمىز؛

ئىشلە—ئىشلەيمەن، ئىشلىدۇق، ئىشلەيمىز؛

كەت—كەتتىم، كەتتۇق، كېتىمىز؛

ئوقۇ—ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇق، ئوقۇيمىز؛

تۇت—تۇتتۇم، تۇتتۇق، تۇتىمىز ۋە باشقىلار.

II شەخس بىرلىكتە "دىڭ، تىڭ، دۇڭ، تۇڭ، سەن، يسەن"، سىپايى تۈرى ئۈچۈن "دىڭىز، تىڭىز، سىز، ىلا، يلا، ڭ، ىڭ، ئۇڭ، سلا، سلە" فورمىلىرى؛ كوپلۇكتە "سىلەر، يسىلەر، ڭلار، ىڭلار، ئۇڭلار، دىڭلار، تىڭلار، دۇڭلار" فورمىلىرى قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

ياز—يازدىڭ، يازىسەن، يازىسىز، يازىلا، يازدىڭىز، يېزىڭلار؛

ئىشلە—ئىشلەيسەن، ئىشلەيلا، ئىشلەيسىلەر، ئىشلەڭلار؛

تۇت—تۇتتۇڭ، تۇتتىڭىز، تۇتتىلا، تۇتتۇڭلار؛

بار—باردىڭ، بېرىڭ، بارسىلا، باردىڭلار، بېرىڭلار؛

كور—كوردۇڭ، كورۇڭ، كورۇڭلار، كوردۇڭلار؛

كەل—كەلدىڭ، كەلدىڭىز، كەلسلە، كەلدىڭلار، كېلىڭلار؛

كەت—كەتتىڭ، كەتتىڭىز، كېتىڭلار، كەتتىڭلار ۋە باشقىلار.

III شەخس ئۈچۈن "دى، تى، ىدۇ، يدۇ" فورمىلىرى قوللىنىدۇ.

مەسىلەن:

كەل—كەلدى، كېلىدۇ؛

يەت—يەتتى، يېتىدۇ؛

ئوقۇ—ئوقۇدى، ئوقۇيدۇ؛



ئىشلە—ئىشلىدى، ئىشلەيدۇ ۋە باشقىلار.

III شەخسنىڭ بىرلىك ياكى كوپلۇك شەكلى ئايرىم فورما بىلەن ئىپادىلەنمەي، پەقەت جۇملىنىڭ ئىگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇ كەلدي، ئۇلار كەلدى؛ ئۇ كېلىدۇ، ئۇلار كېلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش.

## 3. پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى كورسىتىپ بېرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۇملىدە ئىش-ھەركەت بىلەن ئۇنى ئورۇنلىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈرلۈك دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. مانا شۇنداق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان پېئىل شەكلى پېئىل دەرىجىلىرى دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئىشچىلار يوللارنى ياسىدى.

يوللار ياسالدى.

ئۇ ئوبدان ياساندى.

تەشكىل يوللارنى ياساتتى.

ئۇلار يوللارنى ياساشتى.

مانا بۇ مىساللاردىن ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئېنىق دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئوزلۇك دەرىجە، ئومۇلۇك دەرىجە ۋە مەجبۇر دەرىجە دېگەن 5 خىل شەكىلدە كېلىدىغانلىغىنى بىلىش مۇمكىن.

### 1) ئېنىق دەرىجە

جۇملىدە ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ كېلىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئېنىق دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىق دەرىجىدە كەلگەن پېئىللارغا دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانمىغان بولىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق فورمىسى بولمايدۇ، ئۇلار پېئىللارنىڭ باشقا گىراماتىكىلىق فورمىلىرىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

يازدىم، ئوقۇدۇڭ، ئىشلىدى، يىغىن ئاچتۇق، قىشلار كەتتى، گۈللەر ئېچىلدى دېگەنگە ئوخشاش.

### 2) مەجھۇل دەرىجە

ئىش-ھەرىكەتنىڭ جۇملىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇندالماي، باشقا بىر شەخس ياكى شەيئى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجھۇل دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەجھۇل دەرىجىنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلىرى بولىدۇ، مەجھۇل دەرىجىدە كەلگەن پېئىلدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىغا "كىم تەرىپىدىن؟ نىمە تەرىپىدىن؟" دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىۋىمىزنىڭ ئەتراپىغا كوچەت تىكىلدى.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ"نى پىپەن قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

مەجھۇل دەرىجىنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلار كۆپىنچە ئوتتۇملۇك پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلە + ن = ئىشلەندى　　　　قىل + ىن = قىلىندى



ياسا + ل = ياسالدى　　　　تاپ + ىل = تېپىلدى

يۇ + يۇل = يۇيۇلدى　　　　قۇر + ۇل = قۇرۇلدى

دە + يىل = دېيىلدى　　　　كور + ۇل = كورۇلدى

ئوتتۇملۇك پېئىللار مەجھۇل دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەندە ئوتتۇمسىز پېئىللارغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆينى تازىلىدى، ئۆي تازىلاندى؛

ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك ئېچىلدى.

### 3) ئۆزلۈك دەرىجە

ئىش-ھەرىكەتنى جۇملىنىڭ ئىگىسى ئۆزى ئورۇنداپ، يەنە ئۆزى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆزلۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى "ن، ىن، ئۇن، ئۈن (ün)، ل، ىل، ئۇل" قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ئۇ دوختۇرغا كورۇندى.

ئاتما قوزغالدى.

ھاۋا ئېچىلدى.

ئۇلار بىزگە قوشۇلدى.

مەن سىلەردىن تارتىندىم.

بۇ جۇملىلەردە ھەرىكەتنى قىلغۇچىمۇ جۇملىنىڭ ئىگىسى، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ جۇملىنىڭ ئىگىسى.

ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللار پۈتۈنلەي ئوتتۇمسىز پېئىلغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ شەكلى ئوخشاپ كېتىدۇ،

لېكىن ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇ پەرقلەر كونكرېت جۈملىدە ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئەمگەك قورالى تەييارلاندى. (مەجھۇل)

ئۇ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. (ئۆزلۈك)

### 4) ئۆملۈك دەرىجە

ئىش-ھەرىكەتنى بىرلا شەخس ئەمەس، بىرنەچچە شەخس ئورتاق ئىشلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆملۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆملۈك دەرىجە ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلار ئارقىلىق، ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆملۈك دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى "ش، ىش، ۇش، ۈش (üx)، يىش، يۇش" قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار قارىماققا ھەرىكەتنامىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرىغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئوقۇ + ش = ئوقۇشتى | ياز + ىش = يېزىشتى |
| كور + ۇش = كورۇشتى | قوي + ۇش = قويۇشتى |
| دە + يىش = دېيىشتى | يۇ + يۇش = يۇيۇشتى |

### 5) مەجبۇر دەرىجە

ئىش-ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئۆزى بېجىرمەي، باشقا بىر شەخسنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق بېجىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجبۇر دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەجبۇر دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى "ت، غۇز، قۇز، گۈز، كۈز،



دۇر، تۇر، دۈر، (dür)، تۈر (tür)، ئار، ئۇر" دىگەنلەردىن ئىبارەت. تىلىمىزدىكى ئۆتۈملۈك پېئىللارمۇ، ئۆتۈمسىز پېئىللارمۇ مەجبۇر دەرىجىدە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ياسا + ت = ياسات | چىق + ئار = چىقار |
| ياز + دۇر = يازدۇر | ياز + غۇز = يازغۇز |
| كەي + دۈر = كەيدۈر | كەي + گۈز = كەيگۈز |
| تىك + تۈر = تىكتۈر | تىك + كۈز = تىككۈز |
| ياپ + تۇر = ياپتۇر | ياپ + قۇز = ياپقۇز |
| قايت + ئۇر = قايتۇر | ئۇچ + ئار = ئۇچار |

مەن ئوقۇغۇچىلارغا ماقالا يازدۇردۇم.

ئۇ ئاپىسىغا كىيىم تىكتۈردى.

يارامىلىق يىمىگىنى باشقىلارغا يىگۈز،

يارامىلىق ئىگىن تاپساڭ، يالىڭاچلارغا كەيگۈز.

بىز يۇقۇرىدا پېئىل دەرىجىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئالاقە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، يۇقۇرىدا سوزلەنگەن پېئىل دەرىجىلىرى بىر پېئىلغا ئارقىمۇ-ئارقا ئۇلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاپام مېنى چىرايلىق كىيىندۈردى. (ئۆزلۈك + مەجبۇر)

ئۇلار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. (مەجبۇر + مەجھۇل)

ئۇنىڭغا كارۋات ئايىغى ئىشلەتكۈزدۇم. (مەجبۇر + مەجبۇر)

باللار پاكىز كىيىندۈرۈلدى. (ئۆزلۈك + مەجبۇر + مەجھۇل)

ئۇلار ئات چاپتۇرۇشتى. (مەجبۇر + ئۆملۈك)

سايمانلار يىغىشتۇرۇلدى. (مەجبۇر + مەجھۇل)

## 4. پېلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى

ئىش-ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كورسىتىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېلىلار ئاساسەن ھازىرقى زامان، ئوتكەن زامان ۋە كېلىدىغان زاماندىن ئىبارەت ئۈچ زاماندا كېلىدۇ.

### 1) ھازىرقى زامان

ئىش-ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان زامان شەكلى ھازىرقى زامان دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋاتقىنىم يوق، يازمايۋاتىسەن، يازمايۋاتىدۇ ۋە باشقىلار.

### 2) كېلىدىغان زامان

ئىش-ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان زامان شەكلى كېلىدىغان زامان دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇيمەن، ئوقۇيسەن، ئوقۇيدۇ، ئوقۇمايمەن، ئوقۇمايسەن، ئوقۇمايدۇ ۋە باشقىلار.

### 3) ئوتكەن زامان

ئىش-ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغان ياكى



بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان زامان شەكلى ئوتكەن زامان دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىشلىدىم، ئىشلىدىڭ، ئىشلىدى، ئىشلىمىدىم، ئىشلىمىدىڭ، ئىشلىمىدى ۋە باشقىلار.

پېلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئاساسەن خەۋەر رايىدا كەلگەن پېلىلاردا كورۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە پېلىلارنىڭ راي (مەيل) كاتېگورىيىسىنىڭ بىرى بولغان خەۋەر رايىنى سوزلىگەندە تەپسىلىي توختىلىمىز.

## 5. پېلنىڭ راي (مەيل) كاتېگورىيىسى

ئىش-ھەركەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇل-يوسۇنلىرى ھەققىدە سوزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېلىلارنىڭ راي (مەيل) كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېلىلارنىڭ راي كاتېگورىيىسى ئىش-ھەركەتنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتە سوزلىگۈچىنىڭ كوزقارىشى، چۈشەنچىسى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ، گىراماتىكا جەھەتتە ئوزىگە خاس مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلىرى ۋە فورمىلىرى بولىدۇ.

مەسىلەن: “ياز، ئوقۇ، ماڭ، تۇر” دېگەن پېلىلارنى ئالساق، ئۇلار تۇزۇلۇش جەھەتتىن پېلنىڭ يىلتىز شەكلى ھېساپلىنىدۇ، مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار سوزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەركەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر شەخسكە بۇيرۇق بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىش-ھەركەتنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار ئىش-ھەركەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، سوزلىگۈچىنىڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

پۈزىتسىيىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

"يازسا، ئوقۇسا، ئىشلىسە، كورسە، تۇرسا" دېگەن پېئىللاردىن ئىش-ھەرىكەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇپ، ئىككىنچى بىر شەخسكە شەرت قويۇش پۈزىتسىيىسىدە بولۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنە "سا، سە" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

"يازمىدى، ئوقۇدۇق، كەلمەيدۇ، ئۇگىنىۋاتىدۇ، ئىشلەيمىز" دېگەن پېئىللاردىن ئىش-ھەرىكەتنىڭ قايسى تەخلىتتە كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر بېرىۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى، شەرت رايى ۋە خەۋەر رايىدىن ئىبارەت 3 رايىدا كېلىدىغانلىقىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

## 1) بۇيرۇق رايى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش-ئورۇندالماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق-تەلىۋىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل رايى بۇيرۇق رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار ئاساسەن سۆزلىگۈچىنىڭ تەلەپ-ئىلتىماسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ، ئوقۇما، يازسا، بارمىسا، ئاۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە، تومۇرنى قىزىغىدا سوق دېگەنگە ئوخشاش.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ I شەخس بىرلىكى سۆزلىگۈچىنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلىسە، كوپلۇك شەكلى چاقىرىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:



ئوقۇي، ئىشلەي، بارماي، يازماي، ئوقۇيلى، ئىشلەيلى، بارمايلى، يازمايلى دېگەنگە ئوخشاش.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار سۆزلىگۈچىنىڭ III شەخسكە قارىتا بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بارسۇن، كەلسۇن، يازسۇن دېگەنگە ئوخشاش.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئەمەس، پەقەت شەخس ھەم سان، بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق ۋە دەرىجە كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئوقۇ (II شەخس، بىرلىك، بولۇشلۇق)

ئوقۇمايلى (I شەخس، كوپلۇك، بولۇشسىز)

ئوقۇت (II شەخس، بىرلىك، بولۇشلۇق، مەجبۇر دەرىجە)

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلىرى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بولمايدۇ. بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە يوللار بىلەن ياسىلىدۇ.

(1) بۇيرۇق رايىنىڭ 1 شەخس شەكلى پېئىل يىلتىزىغا، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز پېئىللارغا، پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا بىرلىكتە "ئاي، ئەي، ي" قوشۇمچىلىرى، كوپلۇكتە "ئايلى، ئەيلى، يلى" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار ـــ باراي، بارايلى، بارماي، بارمايلى؛

كەلتۈر ـــ كەلتۈرەي، كەلتۈرەيلى، كەلتۈرمەي، كەلتۈرمەيلى؛

ئىشلە ـــ ئىشلەي، ئىشلەيلى، ئىشلىمەيلى ۋە باشقىلار.

(2) بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ II شەخس شەكلى پېئىللارنىڭ يىلتىز شەكلىنى، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلىنى، پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىنى ئۆز ئېچىگە ئالغاندىن تاشقىرى،

بۇلارغا "غىن، قىن، گىن، كىن" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ياسىلىدۇ، شۇنداقلا II شەخس بىرلىك ھەم كوپلۇك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال، ئېلىڭ، ئېلىڭلار، ئالما، ئالغىن، ئالماڭ، ئالماڭلار؛

كور، كورۇڭ، كورۇڭلار، كورمە، كورمىگىن، كورمەڭلار؛

ياسا، ياساڭ، ياسان، ياساندۇر دىگەنگە ئوخشاش.

(3) بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ III شەخس شەكلى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پېئىل شەكىللىرىگە "سۇن، غاي، قاي، گەي، كەي" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارسۇن، بارغاي، بارمىسۇن، بارمىغاي؛

ياسانسۇن، ياسانمىغاي، ياساندۇرسۇن؛

چىققاي، چىقارسۇن، چىقارمىغاي؛

كەلگەي، كەلتۇرسۇن دىگەنگە ئوخشاش.

كونۇكمە:

توۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئانىڭىزنىڭ بەرگەن سۇتى ھالال بولسۇن،
ھاياتلىقنىڭ غەزنىسى جامغا تولسۇن.

* * *

دولەت ـ راھەت كورۇپ ئۇنىڭ كوزى تويغاي،
ئىچكىرى ئويىنىڭ تورىگىلا "خېنىم" بولغاي.

* * *

مەن يېتىپ بارغىچە، ئۇندا سەنمۇ مەيۇس ياتمىغىن،
مېنى "كەلمەس"دەپ، ئۇمىتسىزلىك لېيىغا پاتمىغىن،
تاقىتىڭ بارىچە تەۋرەن، كۇرىشىڭ توختاتمىغىن،
ئالدىنىپ دۇشمەن سوزىگە نومۇسنى سەن يوقاتمىغىن،
ئىلىنۇر قاپقانغا ئاخىر تۇلكە سەيياد ئالدىدا.

ـــ نىم شېھىت.



## 2) شەرت رايى

مەلۇم ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئىككىنچى بىر ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنـ ـلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىغىغا شەرت بولىدىغانلىغىنى بىلدۇرىدىغان پېئىل رايى شەرت رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرت رايىدىكى پېئىللار مەنە جەھەتتىن مەلۇم ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىش ـ ئورۇنلانماسلىغىغا شەرت بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۇملىدە ئوزى شەرت بولىدىغان پېئىللار بىلەن باغلانغان ھالدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلىسەڭ، چىشلەيسەن.
يەر ھەيدىسەڭ، كۇز ھەيدە،
كۇز ھەيدىمىسەڭ، يۇز ھەيدە. (ماقال)

شەرت رايىدىكى پېئىللار پېئىل يىلتىزىغا، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز پېئىللارغا، پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۇرلەنگەن پېئىللارغا "سا، سە" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، شۇنداقلا شەخس ھەم سان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئال ـــ ئالسام، ئالساڭ، ئالسا؛

بەر ـــ بەرسەڭ، بەرسەڭلار، بەرسە؛

ئوقۇما ـــ ئوقۇمىسام، ئوقۇمىساڭ، ئوقۇمىسا؛

يازما ـــ يازمىساق، يازمىساڭلار، يازمىسا دىگەنگە ئوخشاش.

قەھرىمان ياشلار ئەمدى تەييار تۇرسا،
قەھرىمانلارچە ھەر بىر ئىشتا ھوشيار بولسا،
قاراڭغۇ بولۇڭلارغىمۇ چىراقلار يېقىلسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۇلۇم ئېچىلاتتى.

ـــ ل. مۇتەللىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرت رايىدا كەلگەن پېئىللار تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

(1) شەرت رايىدىكى پېئىللار ئاساسەن ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ـ ئاشماسلىقى ئۈچۈن شەرت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ، ئۆزەڭ قوغدىلىسەن.

كىم كەڭ قوساق بولسا، شۇنى ئادەم دېگىن.

كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ.

(2) شەرت رايىدىكى پېئىللارغا "مۇ" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەركەتكە قارىتا قارشىلىق مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ،

بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

يامغۇر قاتتىق ياققان بولسىمۇ، بىز ئىشنى توختاتمىدۇق.

(3) شەرت رايىدىكى پېئىللار بەزىدە ئارزۇ ـ ئۈمىت مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل مەنە بەزى ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن كۈچىيىدۇ. مەسىلەن:

بېيجىڭنى بىر كورسەم ئىدىم.

ئۇ بىر كەلسە ئىدى.

ماڭا ئىككى سائەتلىك رۇخسەت بېرىلسە ئىكەن.

ھاۋا ئېچىلىپ كەتسە ئىدى.

قېنىدۇ شۇ ناۋايى، قېنى بىر كورسەم،

مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنىڭ بىر سويسەم.

— ل. مۇتەللىپ.



(4) شەرت رايىدىكى پېئىللار بەزىدە ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن كېتىۋاتسام، ئەمەت ئېتىزدا ئىشلەۋاتىدىكەن.

مەن بارسام، سەن يوق ئىكەنسەن.

(5) شەرت رايىدىكى پېئىللار بەزىدە خالاش، ئىختىيار قىلىش مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ تومۇرى پېئىلنىڭ باشقا كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ تەكرار ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

بارسام باراي، يازساڭ ياز، كەلسە كەلسۇن، ئالسىڭىز ئېلىڭ دېگەنگە ئوخشاش.

شەرت رايىدىكى پېئىللار يۇقۇرقىلاردىن باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈن كەلسە كېرەك. (مولچەر)

ئۇ ياخشى ئوقۇسا بولىدۇ. (زورۇرىيەت)

ئۇ ياخشى ئوقۇمىسا، بولمايدۇ. (زورۇرىيەت كۈچەيگەن)

ئۇ تىرىشىپ ئۆگەنسە بولىدىكەن. (زورۇرىيەت)

بارسام بوپتىكەن. (پۇشايمان)

مەنمۇ بارسامچۇ. (پۇشايمان)

### 3) خەۋەر رايى

مەلۇم ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورۇنـدىلىش ياكى ئورۇنـدالماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بايانىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل رايى خەۋەر رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

خەۋەر رايىدىكى پېئىللار سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە خەۋەر قىلىش پوزىتسىيىسىدە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنى خەۋەر تەرىقىسىدە بايان قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەۋەر رايىدىكى پېئىللار شەخس ھەم سان، بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق ۋە دەرىجە كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى، زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە. شۇڭا زامان كاتېگورىيىسى ئاساسەن پېئىللارنىڭ خەۋەر رايىغا خاس كاتېگورىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

پارتىيىمىز بىزنى غەلىبىدىن غەلىبىگە يېتەكلىمەكتە.
ۋەتىنىمىز كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىۋاتىدۇ.
بىرلا گۈل ئېچىلغان بىلەن، بولمايدۇ باھار،
ھەممە گۈل تەڭ ئېچىلسا، بولىدۇ باھار.

بۇ مىساللاردىكى "يېتەكلىمەكتە، گۈللىنىۋاتىدۇ، بولمايدۇ، بولىدۇ" دېگەن پېئىللار خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردۇر.

خەۋەر رايىدىكى پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى، ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى ۋە كېلىدىغان زامان خەۋەر پېئىلى دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان پېئىللار ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى تۆۋەندىكىچە يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) "پ، ىپ، ئۈپ (üp)" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى



ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداشلارغا ئاۋال "يات" ياردەمچى پېئىلىنىڭ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ("يات" قوشۇمچىسى جانلىق تىلدا "ۋات" بولۇپ ئۆزگىرىدۇ). مەسىلەن:

ياز + ىپ + يات + ىمەن = يېزىۋاتىمەن
ئىشلە + پ + يات + ىمىز = ئىشلەۋاتىمىز
كۆر + ئۈپ + يات + ىدۇ = كۆرۈۋاتىدۇ
قوش + ئۇپ + يات + سەن = قوشۇۋاتىسەن

ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى "ماي، مەي" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ماي + يات + ىمەن = بارمايۋاتىمەن
كەل + مەي + يات + ىسەن = كەلمەيۋاتىسەن
كۆر + مەي + يات + ىمىز = كۆرمەيۋاتىمىز

(2) "ماق، مەك" بىلەن ياسالغان ھەرىكەت ناملىرىغا "تا، تە" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + ماق + تا = ئوقۇماقتا
ئىشلە + مەك + تە = ئىشلىمەكتە
كۈل + مەك + تە = كۈلمەكتە

ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلىنىڭ بىرىنچى خىل شەكلى ئەدەبىي يېزىق تىلىمىزدا ھەم جانلىق تىلىمىزدا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ، ئىككىنچى خىل شەكلى تولاراق يېزىق تىلىمىزدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

چۈنكى توت يۈز ئەللىك مىليون خەلق ئەنە،
قىن-قىنىغا پاتماي، شۇ توينى ئويناۋاتىدۇ.
يېڭى جۇڭگو بىلەن ئازات گۈلنى جۈپلەشكە،

www.uyghurkitap.com

ياۋنى تىترىتىپ، جۇڭگو خەلقى قايناۋاتىدۇ.

— ل. مۇتەللىپ.

**2. ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى**

ئىش-ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئورۇندالغان ياكى ئورۇندالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېيىللار ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيىللىرى مەنە جەھەتتىن ۋە ياسىلىش جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى، ئۆتكەن زامان ھېكايە پېيلى، ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر پېيلى، ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر پېيلى، ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى ۋە ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر پېيلى دەپ 6 تۈرگە بولۇنىدۇ.

1) ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان پېيىللار ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئالدىم، ئالدۇق، ئالمىدىم، ئالمىدۇق، ئوقۇدۇڭ، ئوقۇدۇڭلار، ئوقۇمىدىڭ، ئوقۇمىدىڭلار، كوردى، كورمىدى دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۆتكەن زامان ھېكايە پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ھېكايە تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان پېيىللار ئۆتكەن زامان ھېكايە پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.



مەسىلەن: يېزىپتىمەن، يېزىپتىمىز، كورۇپسەن، كورۇپسىلەر، كورۇپتۇ، بارماپتىمەن، ماڭماپسىلەر، ئىشلىمەپتۇ دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ تەكرار بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېيىللار ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: باراتتىم، باراتتىڭ، باراتتى؛ بارمايتتىم، بارمايتتىڭ، بارمايتتى دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېيىللار ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: كورۇۋاتاتتىم، يېزىۋاتاتتىڭ، ئوقۇۋاتاتتى دېگەنگە ئوخشاش.

5) ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقى سۆزلىگۈچىگە بىرئاز ئېنىقسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدىغان پېيىللار ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: كورگەن ئىكەنمەن، كورمىگەن ئىكەنسەن، كورگەندۇ، بارغانمىش دېگەنگە ئوخشاش.

6) ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر پېيلى

مەلۇم ئىش-ھەركەتنىڭ سۆزلىگۈچى بايان قىلماقچى بولغان ئاساسىي ئىش-ھەركەتكە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان

پېللار ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن سىزنى چاقىرغىلى كېلىۋىدىم.

ئۇ سىزنى كورۇشكە بېرىۋى.

بىز ئۇگىنىشكە كېلىۋىدۇق.

**3. كېلىدىغان زامان خەۋەر پېيلى**

ئىش-ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېللار كېلىدىغان زامان خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

كېلىدىغان زامان خەۋەر پېيللىرىمۇ ئىش-ھەركەتنىڭ سوز-لىگۇچىگە ئېنىق ياكى ئېنىقسىز بولۇشىغا ۋە ياكى مەنە جەھەتتىكى پەرقلىرىگە قاراپ، كېلىدىغان زامان ئېنىق خەۋەر پېيلى، كېلىدىغان زامان ئېنىقسىز خەۋەر پېيلى ۋە كېلىدىغان زامان مەقسەت خەۋەر پېيلى دەپ 3 تۇرگە بولۇنىدۇ.

1) كېلىدىغان زامان ئېنىق خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقى ھەققىدە سوزلىگۇچىنىڭ ئېنىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پېللار كېلىدىغان زامان ئېنىق خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: بارىمەن، بارىسەن، بارىدۇ، بارىمىز، بارىسىلەر، بارمايمەن، بارمايسەن، بارمايدۇ، بارمايمىز، بارمايسىلەر دىگەنگە ئوخشاش.

2) كېلىدىغان زامان ئېنىقسىز خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقى ھەققىدە سوز-لىگۇچىنىڭ ئېنىق خەۋىرى يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان پېللار كېلىدىغان



زامان ئېنىقسىز خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: بارارمەن، بارارسەن، بارار، بارىدىغاندىمىز، بارارسىلەر، بارىدىغاندۇ، بارماسمەن، بارماسسەن، بارماس دىگەنگە ئوخشاش.

3) كېلىدىغان زامان مەقسەت خەۋەر پېيلى

ئىش-ھەركەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقى ھەققىدە سوزلىگۇچىنىڭ مەقسىدىنى ئىپادىلەيدىغان پېللار كېلىدىغان زامان مەقسەت خەۋەر پېيلى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇماقچى، كەلمەكچى، كەتمەكچىمەن، قايتماقچىمەن، ئوقۇماقچىمەن، بارماقچى ئىدىم، بارماقچى ئىدىڭ، بارماقچى ئىكەن، بارماقچى ئىدى دىگەنگە ئوخشاش.

ئەسكەرتىش

پېللارنىڭ زامان شەكىللىرى كوپ ھاللاردا ئوز مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، بەزىدە ئوز مەنىسىدە قوللىنىلماي، بىر زامان يەنە بىر زامان مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

بۇ جەھەتتىكى كونكرىت ئەھۋال توۋەندىكىچە:

(1) پېللارنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلى بولۇپ ئوتكەن ئىش-ھەركەت ۋە ۋەقە-ھادىسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىش ئۇچۇنمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئوتكەن زاماندا بولغان ۋەقە-ھادىسىلەر ھىكايە تەرىقىسىدە سوزلەپ بېرىلگەندە، ياكى بىرەر كىشىنىڭ تەرجىمھالى بايان قىلىپ بېرىلگەندە كوپرەك ئۇچرايدۇ.

(2) پېللارنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلى ئىش-ھەركەتنىڭ كەل-گۇسىدە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۇرگەندىن تاشقىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىزچىللىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ، يەنى شۇ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرىمۇ بولغانلىقى، ھازىرمۇ بولۇۋاتقانلىقى، كەلگۈسىدىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

(3) كېلىدىغان زامان پېئىل شەكلى تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئىش-ھەرىكەتنى (بولۇپ ئۆتكەن ئىش-ھەرىكەتنى) بايان قىلىپ بېرىش تۈگرا كەلگەندىمۇ قوللىنىلىدۇ.

(4) ھازىرقى زامان پېئىل شەكلى بولۇپ ئۆتكەن ئىش-ھەرىكەتنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە بۇ تەرىقىدە بايان قىلىنسا، خۇددى ھازىرمۇ بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

(5) ھازىرقى زامان پېئىل شەكلى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىزچىللىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ، ئۇ ئادەتتە باشقا زامانلار ئۈچۈن قوللىنىلمايدۇ.

## §3 پېئىلنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ، تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل، ئاددىي پېئىل ۋە قوشما پېئىل، ياردەمچى پېئىل دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە پېئىللارنىڭ مۇشۇ تۈرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

### 1. تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل

مەنە جەھەتتىن ئەسلى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، تۈزۈلۈش



جەھەتتىن ھېچقانداق قوشۇمچىسىز كەلگەن پېئىللار تۈپ پېئىل ياكى پېئىل تومۇرى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: "بىل، كەت، كەل، تۇر، ماڭ، ئوقۇ، سال، ئال" دىگەن پېئىللار تۈپ پېئىل ياكى پېئىل تومۇرى ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى "بىلدىم، بىلمەن، بىلمەك، بىلگەن، بىلدى، بىلىم، بىلىش، بىلمەكچى، بىلىدۇ" دىگەن پېئىللارنىڭ تومۇرى — بىل.

باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ياتىدىغان سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان پېئىللار ياسالما پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئاق + لا = ئاقلا　　　ئىش + لە = ئىشلە

سۆز + لە = سۆزلە　　　ياخشى + لا = ياخشىلا

قىش + لا = قىشلا　　　كۆز + لە = كۆزلە

### 2. ئاددىي پېئىل ۋە قوشما پېئىل

بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن پېئىللار ئاددىي پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: "ئوقۇ، ئىشلە، باشلا، ماڭ، سۆزلە، ياز" دىگەنگە ئوخشاش.

تۈپ پېئىللار بىلەن ياسالما پېئىللار ئاددىي پېئىل جۈملىسىگە كىرىدۇ، چۈنكى تۈپ پېئىلمۇ، ياسالما پېئىلمۇ بىرلا سۆزدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ.

مەسىلەن: "ئوقۇ، ماڭ، تۇر، كەت" دىگەنگە ئوخشاش تۈپ پېئىللارمۇ بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن؛ "ئىشلە، سۆزلە، ئاقلا، باشلا،

ئۇرۇنلا“ دىگەنگە ئوخشاش ياسالما پېئىللارمۇ بىرلا سوزدىن تۈزۈلگەن. شۇڭلاشقا بۇلار ئاددى پېئىل ھسابلىنىدۇ.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېئىللارنىڭ، ياكى باشقا سوز تۈركۈملىرىگە كىرىدىغان سوزلەر بىلەن پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان پېئىللار قوشما پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: يېزىۋالدىم، كۆرۈۋالدىم، كورگەن ئىكەن، كېسەل بولۇپ قالدىم، بارغان ئىكەن، قارشى ئالىمىز، قاراپ تۇردۇم، قۇلاق سالدى، سەمىرىپ كەتتى دىگەنگە ئوخشاش.

قوشما پېئىللار ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، جۈملىدە بىر پۈتۈن سىنتاكسىسلىق مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە بىر پۈتۈن گىراماتىكىلىق ۋەزىپە ئوتەيدۇ (قوشما پېئىللار تەركىۋىدىكى ياردەمچى پېئىللارنىڭ رولى توۋەندە سوزلىنىدۇ). مەسىلەن:

ئۇ قەلىمىنى ماڭا بېرىپ تۇردى.

مەن خەت يېزىۋالدىم.

ئۇ مىنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالدى.

قوشما پېئىللار پېئىل بىلەن پېئىلنىڭ، ياكى باشقا سوز تۈركۈملىرىگە خاس سوزلەر بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. پېئىل بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما پېئىللار رەۋىشداش قوشۇمچىسىنىڭ يارىدىمى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ. قوشما پېئىل تەركىۋىدىكى پېئىللارنىڭ ئالدىنقىسى ئاساسلىق مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەرنى قوشىدۇ.

مەسىلەن: ”بەردى“ دىگەن پېئىلغا تۈرلۈك ياردەمچى پېئىللارنى



قوشۇپ، ”بېرىپ تۇردى“، ”بېرىپ قويدۇم“، ”بېرىپ قويساڭ“، ”بېرىپ كەتتى“، ”بېرىپ قويۇپتىمەن“، ”بېرىپ بوپتۇ“، ”بېرىپ بولدۇم“ دەپ تۈرلەندۈرۈپ ئېيتساق، ”بەردى“ دىگەن پېئىلدا رەڭ-تۈس ۋە ئۇرغۇ-مەنە جەھەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم.

## 3. ياردەمچى پېئىل

ئۇيغۇر تىلىدا ”ئىدى، ئىكەن، ئىمىش“ دىگەنگە ئوخشاش پېئىللار بار، بۇلار ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدۇ ۋە مەنە ئاڭلىتالمايدۇ، جۈملىدە باشقا پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەرنى قوشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ”ئال، بەر، كەت، چىق، ئەت، بول“ دىگەنگە ئوخشاش پېئىللار بولسا ئۆز ئالدىغا قوللىنىلىدۇ ۋە مەنە ئاڭلىتالايدۇ. ئەمما بۇ پېئىللار باشقا سوزلەرگە (تولاراق پېئىللارغا) ياندىشىپ كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ تۈپ مەنىسىنى تامامەن ياكى يېرىم-ياتا يوقىتىپ، ئۆزى ياندىشىپ كەلگەن شۇ سوزنىڭ مەنىسىگە رەڭ-تۈس جەھەتتە تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەرنى قوشىدۇ.

مەسىلەن: ”ئۆگىنىش باشلىنىپ كەتتى“ دىسەك، بۇ جۈملىدىكى ”كەتتى“ دىگەن پېئىل ئۆزىنىڭ تۈپ مەنىسىنى يوقىتىپ، ”باشلىنىش“ دىگەن پېئىلنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىپ كەلگەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى تۈرلۈك ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللارنى ئەسلى ياردەمچى پېئىل ۋە نىسبى ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە ئاجرىتىش مۇمكىن.

**1) ئەسلى ياردەمچى پېئىل**

ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدىغان ۋە مەنە بىلدۈرمەيدىغان، ھەرقاچان ياردەمچى بولۇپ كېلىدىغان پېئىللار ئەسلى ياردەمچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسلى ياردەمچى پېئىلغا "ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، دۇر، تۇر" قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلار ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدۇ ۋە ئۇقتۇرىدىغان مەنىسى تولىمۇ بەلگىسىز بولىدۇ. بۇلار باشقا سۆزلەر ياكى پېئىللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، شۇلارغا ياردەمچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بېيجىڭگە بارغان ئىدى.
تيەنئەنمېن بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئىكەن.
ئۇ خەتنى چىرايلىق يازارمىش.
جاھانگىرلىك ئۇرۇش دىمەكتۇر.

ياردەمچى پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرگە يانداشىپ كېلىپ، جۈملىدە شۇ سۆز بىلەن بىللە قوشما خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈنكى كىنو بەك قىزىق ئىكەن.
ئۇ باقىا چىققان ئىكەن.
ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى ساقلاپ تۇرماقچى ئىدى.

**2) نىسبى ياردەمچى پېئىل**

ئۆز ئالدىغا قوللىنىلىدىغان ھەم مەنە ئاڭلىتىدىغان، ئەمما باشقا سۆزلەرگە (كۆپىنچە پېئىللارغا) يانداشىپ كەلگەندە تۈپ مەنىسىنى يوقىتىپ، ياكى قىسمەن يوقىتىپ قوشۇلىدىغان پېئىللار نىسبى ياردەمچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

بول (يېزىپ بولدۇم)، ئال (يېزىۋال)، قال (ئاغرىپ قالدى)، سال (قولاق سالدىم)، بەر (ئوقۇپ بەردىم)، قوي (يېزىپ قوي)، كەل (كۆرۈپ كەل)، كۆر (ئوقۇپ كۆرۈڭ)، تۇر (تۇرۇپتۇر)، يات (ئوقۇۋاتىدۇ)، ئەت (يېزىۋەت)، يۈر (مېڭىپ يۈرىدۇ)، باشلا (يىغلاشقا باشلىدى)، تاشلا (كۆلۈپ تاشلىدى)، چىق (كۆرۈپ چىق)، قوي (ئاڭلاپ قوي)، باق (كۆرۈپباق) دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار نىسبى ياردەمچى پېئىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نىسبى ياردەمچى پېئىللار ئاساسىي پېئىلغا، رەۋىشداشلارغا ياكى باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئىمكانىيەت، ئىزچىللىق، تاسادىپىلىق، تەدرىجىلىك، تېز-ئاستىلىق، تەكرارلىق، توختىغانلىق، تاماملانغانلىق قاتارلىق قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ياردەمچى پېئىللار قوشما پېئىللارنى ياساشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ياردەمچى پېئىللار ئومۇمەن پېئىلغا خاس بولغان شەخس، سان، زامان كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىدىم، ئىدۇق، ئىكەنمىز (I شەخس)
ئىدىڭ، ئىدىڭلار، ئىكەنسىلەر (II شەخس)
ئىدى، ئىكەن (III شەخس)
يېزىپ بولدۇم، يېزىپ بولدۇق (I شەخس)
يېزىپ بولدۇڭ، يېزىپ بولدۇڭلار (II شەخس)
يېزىپ بولدى (III شەخس)

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

قانداق پېئىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى لاگېزى كەنتىدىكى ئورتاقچىمىز قەھەتچىلىكتىن قېچىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ئاكامغا كەنتىمىزدە بىر زالىمنى خەلق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىرنەچچە كىشى يۈرىكىمىز يوغىنايدۇ دەپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ ئېلىپ، ياغدا قورۇپ يېدى، دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. مەنمۇ پاراڭغا ئارىلىشىپ، بىر-ئىككى ئېغىز سوز قاتقان ئىدىم، ئورتاقچىمىز بىلەن ئاكام ماڭا ھومىيىپ قويغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭمۇ تالادىكى ھېلىقى ئادەملەر بىلەن تامامەن بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. بۇنى ئويلىسام، پۈتۈن ئەزايىم غۇژۇلداپ كېتىدۇ.

ئۇلار ئادەم يېيىشى مۇمكىن، مېنى يەپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ.

(لۇشۈن: «سەۋدايى خاتىرىسى»دىن)

## §4 شەخسسىز پېئىلنىڭ تۈرلىرى

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى قىسمەن يوقىتىپ قويۇپ، باشقا سوز تۈركۈمىگە قاراپ يۈز تۇتقان ۋە شۇ سوز تۈركۈمىنىڭ رولىدا كېلىدىغان پېئىل شەكىللىرىمۇ بار. بۇنداق پېئىل شەكىللىرىدە پېئىللىق خۇسۇسىيەتمۇ، باشقا سوز تۈركۈملىرىگە خاس خۇسۇسىيەتمۇ بولىدۇ. بۇنداق پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا پېئىلغا خاس بولغان شەخس ۋە راي كاتېگورىيىلىرى ئىپادىلەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار شەخسسىز پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. تىلىمىزدىكى "ئوقۇش، ئوقۇماق، ئوقۇغان، ئوقۇيدىغان، ئوقۇپ، ئوقۇغاچ، ئوقۇغىلى، ئوقۇغىچە" دېگەنگە ئوخشاش پېئىل شەكىللىرى شەخسسىز پېئىل جۈملىسىگە كىرىدۇ.

شەخسسىز پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ھەركەتنامى، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداش دەپ 3 تۈرگە بولۇنىدۇ.



### 1. ھەركەتنامى

زامان، شەخس ۋە سان كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە بولمىغان، جۈملىدە ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىدىغان پېئىل شەكلى ھەركەتنامى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەركەتنامى پېئىل يىلتىزىغا، پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا "ماق، مەك، ش، ىش، ئۇش، ئۈش (üx)" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ماق = بارماق　　　كەل + مەك = كەلمەك

ئوقۇ + ش = ئوقۇش　　　ياز + ىش = يېزىش

ئوقۇت + ئۇش = ئوقۇتۇش　　　كور + ئۈش = كورۈش

ھەركەتنامىلىرى ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش، ئوقۇشنىڭ، ئوقۇشنى، ئوقۇشقا، ئوقۇشۇم، ئوقۇشۇڭ، ئوقۇشى، ئوقۇشلار دېگەنگە ئوخشاش.

ھەركەتنامىلىرى ئىش-ھەركەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئۇلار ھەم پېئىللىق، ھەم ئىسىملىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ھەركەتنامىلىرىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى:

(1) ھەركەت ۋە ھالەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش، ئولتۇرۇش، ئۆگىنىش دېگەنگە ئوخشاش.

(2) پېئىلنىڭ ئوتۇملۇك ۋە ئوتۇمسىز شەكلىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىش، بېيجىڭگە بېرىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش دېگەنگە ئوخشاش.

(3) پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش، ئوقۇتۇش، ئوقۇلۇش دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتناملىرىنىڭ ئىسىملىق خۇسۇسىيىتى:

(1) ئىسىمنىڭ كېلىش ۋە تەۋەلىك كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆگىنىش، ئۆگىنىشنىڭ، ئۆگىنىشنى، ئۆگىنىشكە، ئۆگىنىشىم، ئۆگىنىشىڭ، ئۆگىنىشى دېگەنگە ئوخشاش.

(2) جۈملىدە ئىسىم ئۆتىگەن ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۆگىنىش باشلاندى؛ مېنىڭ ۋەزىپەم — ئۆگىنىش؛ بىز ئۆگىنىشنى باشلىدۇق؛ ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى كۆپ؛ مەن ئۆگىنىشكە بارىمەن دېگەنگە ئوخشاش.

## 2. سۈپەتداش

ھەم پېئىل، ھەم سۈپەتكە خاس گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، جۈملىدە ھەم پېئىل، ھەم سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىدىغان پېئىل شەكلى سۈپەتداش دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتداشلار سۈپەتكە قاراپ يۈز تۇتقان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئۇلار ھەم سۈپەتكە، ھەم پېئىلغا خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

سۈپەتداشلارنىڭ سۈپەتكە خاس خۇسۇسىيىتى:

(1) مەنە جەھەتتىن بىرەر پېئىلدىن ئۇقۇلغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغان بالا، ئوقۇيدىغان بالا، ئوقۇۋاتقان بالا، تۇرار جاي، ئاقار سۇ دېگەنگە ئوخشاش.

(2) سۈپەتكە ئوخشاشلا، سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى بىلىدىغانراق كىشىدىن سورايلى.



بۇ ئىشنى تازا بىلىدىغان كىشىدىن سورايلى.

(3) سۈپەتكە ئوخشاشلا، ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

ياشانغان كىشى، ئوقۇغان بالا، كەلگەن ئادەم، كېتىۋاتقان ماشىنا دېگەنگە ئوخشاش.

(4) سۈپەتكە ئوخشاشلا، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ ۋە ئىسىملارغا خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىگە ئىگە بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. (ماقال)

كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى.

كۆرگىنىمنى سۆزلەيمۇ، ئاڭلىغىنىمنىمۇ؟

يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

ئىشلىگەننىڭ پايدىسى تولا دېگەنگە ئوخشاش.

سۈپەتداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى:

(1) پېئىللارنىڭ زامان، بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق ۋە دەرىجە كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئىشلىگەن، ئىشلەۋاتقان، ئىشلەيدىغان، ئىشلىمىگەن، ئىشلىمەيۋاتقان، ئىشلىمەيدىغان، كۆرگەن، كۆرۈنگەن، كۆرۈلگەن، كۆرۈشكەن دېگەنگە ئوخشاش.

(2) پېئىلنىڭ ئۆتۈملۈك، ئۆتۈمسىز شەكلىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب (نى) ئوقۇغان بالا، مەكتەپ (نى) پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى خوتەنگە ماڭغان كىشى دېگەنگە ئوخشاش.

(3) جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

يولداش بېتيۇن كانادادىن جۇڭگوغا كەلگەن.

ئۇ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.
مېنىڭ ئۇكام بېيجىڭدە ئوقۇغان.
ئۇنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن.

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) پېئىل يىلتىزىغا، ياكى زامان، دەرىجە، بولۇش-بولۇشسىزلىق فورمىلىرىدا كەلگەن پېئىللارغا "غان، قان، گەن، كەن" قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال — ئالغان، ئېلىۋاتقان، ئالىدىغان، ئېلىنغان، ئالدۇرغان، ئېلىشقان، ئالمىغان، ئالدۇرۇلمىغان، ئالمايدىغان دىگەنگە ئوخشاش.

(2) پېئىل يىلتىزىغا "ئار، ئەر" ۋە يوقلۇقتا "ماس، مەس" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارار جايىم، كورەر كوزۇم، كېتەر، كەتمەس، بولار-بولماس دىگەنگە ئوخشاش.

## 3. رەۋىشداش

ھەم پېئىللىق، ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، پېئىلنىڭ شەخس، سان ۋە زامان كاتىگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدىغان، پېئىلدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەركەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى رەۋىشداش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشداشلار رەۋىشكە قاراپ يۈز تۇتقان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئۇ ھەم پېئىللىق، ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

رەۋىشداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى:

(1) پېئىلنىڭ ئۆتۈملۈك ھەم ئۆتۈمسىز شەكلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا تولدۇرغۇچى بولۇپ



كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەر بىر سوزۇڭنى ئويلاپ سوزلە.
دەرسنى تۈگىتىپ دەم ئالىمىز.
كىتاپخانىغا بېرىپ كەلدۇق.

(2) قوشما پېئىللارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇۋالدىم، ئوقۇۋالايلى، ئوقۇۋالدۇق، يېزىۋەتتىم، كورۇپ باقەن، يېزىپ بولدۇم دىگەنگە ئوخشاش.

(3) پېئىلغا ئوخشاشلا، دەرىجە، بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىزلىق كاتىگورىيىلىرىگە ئىگە. مەسىلەن:

ياساپ، ياسىنىپ، ياسىلىپ، ياسىشىپ، ياساشتۇرۇپ، ئوقۇپ، ئوقۇماي، كېلىپ، كەلمەي دىگەنگە ئوخشاش.

(4) بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

زىمىستان قىش ئاياقلىشىپ، يېقىملىق باھار يېتىپ كەلدى.

رەۋىشداشلارنىڭ رەۋىشلىك خۇسۇسىيىتى:

(1) رەۋىشكە ئوخشاشلا، شەخسلىك پېئىلدىن ئۇقۇلغان ئىش-ھەركەتنىڭ سەۋەبى، مەقسىدى، ۋاقتى قاتارلىق ھالەتلەرنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئويناپ سوزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سوزلە.
تۇرسۇن يۈگۈرۈپ كەپتۇ.
مەن كېلىپلا ئىشقا چۈشتۈم.
بىز ئوقۇغىلى كەلدۇق.
ئۇ، يامغۇر يېغىپ قېلىپ كېلەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

(2) هالەت رەۋىشلىرىگە ئوخشاشلا، سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

چىرايىڭنى ئېچىپىراق سىزىلىگىن.

ئۇ تارتىنىپىراق سىزىلدى.

سەن تازا ۋاقىراپ سىزىلدىڭ.

مەن بەك ئالدىراپ كەلدىم.

(3) رەۋىشكە ئوخشاشلا، ئاددىي جۈملىلەردە هالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئالدىراپ كەلدى. (رەۋىشداش)

ئۇ چاپسان كەلدى. (رەۋىش)

ئۇ هازىر كەلدى. (رەۋىش)

ئۇ تامىقىنى يەپلا كەلدى. (رەۋىشداش)

ئۇ ئاتايىن كەلدى. (رەۋىش)

ئۇ ئۇگەنگىلى كەلدى. (رەۋىشداش)

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) پېئىل يىلتىزىغا ۋە پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا "پ، ىپ، ئۇپ (üp)" قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلە + پ = ئىشلەپ — ياز + ىپ = يېزىپ

تۈر + ئۈپ = تۈرۈپ — كور + ئۇپ = كورۇپ

بۇ خىل قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-هەرىكەتنىڭ هالىتى ياكى سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئولتۇرۇپ سىزىلدى.



يامغۇر يېغىپ قېلىپ بارالمىدىم.

(2) "ئا، ئە، ي" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭا-ماڭا، كۈلە-كۈلە، بارا-بارماي دېگەنگە ئوخشاش.

(3) "غىچە، قىچە، گىچە، كىچە" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-هەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش- ئورۇنلانماسلىقىغا شەرت بولۇپ، ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سەن يېزىپ بولغىچە، مەن كېلىمەن.

ۋاقىت توشمىغىچە ئىشتىن چۈشمەيمەن.

ئۇ كەلگىچە ئىشلەپ تۇرغىن.

سەن كەلمىگىچە ئۆيدىن چىقمايمەن.

(4) "غاچ، قاچ، گەچ، كەچ" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-هەرىكەت بىلەن بىر مەزگىلدە بولىدىغان ياكى بولمايدىغان قوشۇمچە هەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، بەزىدە سەۋەبىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىتاۋىمنى ئالغاچ كەلدىم.

خەتنى بەرگەچ كېلىمەن.

قاسىمغا يولۇققاچ كەل.

(5) "غاچقا، قاچقا، گەچكە، كەچكە" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-هەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

"پات هەل قىلىش" پىلانى ئالىلقاچان بىتچىت بولغاچقا،

"پات سۇلهی یاساش" زەهەرلىرىنىمۇ چىچىپ باقتى.
جۇڭخۇا خەلقى كۆن ساناپ ئورلەپ ئوسۇۋاتقاچقا،
ئۇ پىلانلارنىمۇ پاچاق-پاچاق قىلىپ چاقتى.
—ل. مۇتەللىپ.

(6) "غىلى، قىلى، گىلى، كىلى" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئىككىنچى بىر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوقۇغىلى كەلدىم.
دادام مېنى كۆرگىلى كەپتۇ.
ئاكام ئۇن تارتقىلى كەتتى.
بىز كۆچەت تىككىلى بارىمىز.

كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ پېئىللارنى تېپىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق پېئىل ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە نېمە ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىز كونا دۇنيا بىلەن كۆرەشۋاتىمىز،
ھەر بىر ئىشتا،
ھەر قەدەمدە
چېپىش ياساپ،
بىر-بىرىمىزنى سۈرەشۋاتىمىز.
ئالدىمىز پولاتتەك قاتقان،
بولغاچقا خۇددى ۋولقان
كۆيدۈرىدۇ ئەسكىنى —
قىلىپ كۈكۈم تالقان؛
قاراڭلار كەينىمىزگە!
رەڭمۇ-رەڭ، چىپ-چىرايلىق



يېڭىشتىن گۈللەر ئېچىلغان.
قاراڭغۇ، قاڭسىق بۇلۇڭلارغا —
خۇشبۇي چېچىلغان.
مانا!
كونا دۇنيا بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز،
خۇراپات بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز،
ھەر قەدەمدە سىلىشىۋاتىمىز.
شۇڭلاشقا،
ئۆلكىمىزدە ئىستىقبال چېچەكلىدى،
بىز بۇلبۇللىرى
سايراۋاتىمىز،
ھاياتقا ئىشقى-شەۋقىمىز بىلەن قاراۋاتىمىز،
خەلق خىزمىتىگە ياراۋاتىمىز،
نادانلارنىڭ سەت چاچلىرىنى تاراۋاتىمىز،
ئەسكىلىكلەر ئورنىغا يېڭىلىقلار،
كۆرۈۋاتىسىلەر، قاداۋاتىمىز.
(ل. مۇتەللىپ: «كۆرەشۋاتىمىز»دىن)

# يەتتىنچى باپ رەۋىش

## §1 رەۋىش ھەققىدە ئۇمۇمى چۈشەنچە

رەۋىش ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرىدۇر. رەۋىش پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئورنى، ۋاقتى، ھالىتى، مەقسىدى، مىقدارى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

دىمەك، پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشمۇ باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاشلا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر رەۋىشنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. رەۋىشنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) رەۋىش جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ ھەمدە پېئىل ۋە سۈپەتكىلا باغلىنىپ، ئۇلارنى ئىنقىلاپ كېلىدۇ، ئۆزى سۈپەت تەرىپىدىن ئىنقىلانمايدۇ. مەسىلەن:

ئارمىيىمىز قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى.

جۇزۇڭلى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

خىزمەتلەر بارغانسېرى ياخشىلانماقتا.



ئەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالدۇق.

(2) رەۋىشنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق، شۇڭا رەۋىش جۈملىدە قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ رولىدا كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمىگە خاس گىراماتىكىلىق فورمىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە چۈشتى.

تۇرمۇشىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا.

كۆپنى كۆرگەن كوپ بىلىدۇ.

گەپنى ئازراق قىلىپ، ئىشنى كۆپرەك قىلايلى.

بىز ھەر كۈنى سەھەردە يۈگۈرىمىز.

(3) رەۋىش ئۆزىگە خاس رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. بۇ قوشۇمچىلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، تۈرلۈك مەنىلەرنى ئۇقتۇرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاساسەن، ئومۇمەن، قەستەن، خۇسۇسەن، مەجبۇرەن، قەھرىمانانە، جەسۇرانە، قىسقىچە، مەرتىلەرچە، بولەكچە، بارغانسېرى، كونسېرى، يازغىچە، قىشقىچە، كۈزگىچە دىگەنگە ئوخشاش.

## §2 رەۋىشنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بولۇنۇشى

تىلىمىزدىكى رەۋىشلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددى رەۋىش، قوشما رەۋىش ۋە ياسالما رەۋىش دەپ 3 تۈرگە بولۇنىدۇ.

### 1. ئاددى رەۋىش

بىرلا سۆز تومۇرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن رەۋىشلەر ئاددى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: چاپسان، ئاستا، ھازىر، كېچە، ئاز، نۇرغۇن، ئەتە،

ئەتەي، ئاران، تەس، دائىم، تېخى، ھېلى، بۇرۇن، كېيىن، ئاۋال، بايا، ئەمدى، نېرى، بېرى، سەل، ھامان، بەك، ناھايىتى، ئەڭ، يۇقۇرى، توۋەن، دەررۇ، دەرھال دىگەنگە ئوخشاش.

## 2. قوشما رەۋىش

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ياكى ئىككى سوزنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە قاتارلىشىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر قوشما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: نېرى-بېرى، ئالدى-كەينى، ئالمان-تالمان، ئۇپۇل-توپۇل، سەل-پەل، يانمۇ-يان، ئەپچىللىك بىلەن، بىردەمدە، بىر يولى، بىر تالاي، شۇ يەردە، ئاز-ئازدىن، قولمۇ-قول، بىكار-دىن-بىكار، ئىلگىر-كېيىن، يۇقۇرى-توۋەن، پىداكارلىق بىلەن، چاققانلىق بىلەن، توغرىدىن-توغرا، مۇقەررەر ھالدا، غەلىبە بىلەن، ئوچۇقتىن-ئوچۇق، ئەتە-ئاخشىمى، كۈن بويى دىگەنگە ئوخشاش.

## 3. ياسالما رەۋىش

تۈپ سوزلەرگە تۈرلۈك سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ياسالما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئومۇمەن، مەجبۇرەن، ئاساسەن، خۇسۇسەن، يازىچە، قىشچە، قىسقىچە، باشقىچە، ئوقتەك، ئاقسىغاندەك، ئىچكىرى، تاشقىرى، قىسمەن، پۈتۈنلەي، ھېلىغىچە، يېقىنغىچە، چۈشكىچە، ئەتىگىچە دىگەنگە ئوخشاش.

تۈپ سوزلەرگە ئۇلىنىپ ياسالما رەۋىشلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار ”ئەن، چە، ىچە، غىچە، قىچە، گىچە، كىچە، سىرى، دەك، تەك، كىرى،



فىرى، لەي“ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا، ياسالما رەۋىشلەر بەزى سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تىلىمىزدىكى بىر قىسىم كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۆزىنىڭ سوز تۈرلىگۈچى خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ رەۋىش ياسىغۇچى (سوز ياسىغۇچى) قوشۇمچە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالغا، ئارقىغا، كۈنىگە، بەزىدە، كۈندە، ئەزەلدىن، توساتتىن، ئىلاجىسىزلىقتىن، بۇ ياققا، يىراقتىن، ھەر يەردىن، توۋەندىن، يۇقۇرىغا، چۈشتە، ئۇ يەردە، ئۈستىدە، يېقىندا، بىكاردىن-بىكارغا دىگەنگە ئوخشاش.

## §3 رەۋىشنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى رەۋىشلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسىگە ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ، ھالەت رەۋىشلىرى، ئورۇن رەۋىشلىرى، ۋاقىت رەۋىشلىرى، مەقسەت رەۋىشلىرى، كۈچەيتىش رەۋىشلىرى ۋە مىقدار رەۋىشلىرى دەپ 6 تۈرگە بولۇنىدۇ.

## 1. ھالەت رەۋىشلىرى

ئىش-ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھالەت رەۋىشلىرى جۈملىدە ”قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداق ھالدا؟ قانداق يوسۇندا؟ قانداقچە؟“ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ، ئىش-ھەركەتنىڭ قانداق يوسۇندا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

ئەتەي، ئاران، تەس، دائىم، تېخى، ھېلى، بۇرۇن، كېيىن، ئاۋال، بايا، ئەمدى، نېرى، بېرى، سەل، ھامان، بەك، ناھايىتى، ئەڭ، يۇقۇرى، تۆۋەن، دەررۇ، دەرھال دېگەنگە ئوخشاش.

## 2. قوشما رەۋىش

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ياكى ئىككى سوزنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە قاتارلىشىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن رەۋىشلەر قوشما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: نېرى-بېرى، ئالدى-كەينى، ئالمان-تالمان، ئوپۇل-توپۇل، سەل-پەل، يانمۇ-يان، ئەپچىللىك بىلەن، بىردەمدە، بىر يولى، بىر تالاي، شۇ يەردە، ئاز-ئازدىن، قولمۇ-قول، بىكاردىن-بىكار، ئىلگىر-كېيىن، يۇقۇرى-تۆۋەن، پىداكارلىق بىلەن، چاققانلىق بىلەن، توغرىدىن-توغرا، مۇقەررەر ھالدا، غەلىبە بىلەن، ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق، ئەتە-ئاخشىمى، كۈن بويى دېگەنگە ئوخشاش.

## 3. ياسالما رەۋىش

تۈپ سوزلەرگە تۈرلۈك سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ياسالما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇمۇمەن، مەجبۇرەن، ئاساسەن، خۇسۇسەن، يازىچە، قىشچە، قىسقىچە، باشقىچە، ئۇقتەك، ئاقسىغاندەك، ئىچكىرى، تاشقىرى، قىسمەن، پۈتۈنلەي، ھېلىغىچە، يېقىنغىچە، چۈشكىچە، ئەتىگىچە دېگەنگە ئوخشاش.

تۈپ سوزلەرگە ئۇلىنىپ ياسالما رەۋىشلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار "ئەن، چە، ىچە، غىچە؛ قىچە، گىچە، كىچە، سىرى، دەك، تەك، كىرى،



فىرى، لەي" قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا، ياسالما رەۋىشلەر بەزى سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تىلىمىزدىكى بىر قىسىم كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۆزىنىڭ سوز تۈرلىگۈچى خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ رەۋىش ياسىغۇچى (سوز ياسىغۇچى) قوشۇمچە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالغا، ئارقىغا، كۈنگە، بەزىدە، كۈندە، ئەزەلدىن، تۇساتتىن، ئىلاجىسىزلىقتىن، بۇ ياقتا، يىراقتىن، ھەر يەردىن، تۆۋەندىن، يۇقۇرىغا، چۈشتە، ئۇ يەردە، ئۈستىدە، يېقىندا، بىكاردىن-بىكارغا دېگەنگە ئوخشاش.

## §3 رەۋىشنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى رەۋىشلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسىگە ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ، ھالەت رەۋىشلىرى، ئورۇن رەۋىشلىرى، ۋاقىت رەۋىشلىرى، مەقسەت رەۋىشلىرى، كۈچەيتىش رەۋىشلىرى ۋە مىقدار رەۋىشلىرى دەپ 6 تۈرگە بولۇنىدۇ.

## 1. ھالەت رەۋىشلىرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھالەت رەۋىشلىرى جۈملىدە "قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداق ھالدا؟ قانداق يوسۇندا؟ قانداقچە؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق يوسۇندا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇزۇل-كېسىل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيمىز.
ئۇ چاپسان قايتىپ كەپتۇ.

تىلىمىزدىكى "ئۇزۇل-كېسىل، چاپسان، ئىزچىل، ئۇزلۇكسىدىن، ئەستايىدىل، بىۋاستە، قولمۇ-قول، توغرىدىن-توغرا، ئالمان-تالمان، باتۇرلارچە، مۇقەررەر ھالدا، غەلىبە بىلەن، پۇختا، چاققانلىق بىلەن، ھە دەپ، بىللە، دادىل، ئوچۇقتىن-ئوچۇق، بىكاردىن-بىكار، تەستە، تېز، ئاستا، ئاران، ئىلدام، تۇيۇقسىز، ئەپچىللىك بىلەن، مەرتلەرچە، پىيادە، ئۇزلۇكسىز، قەھرىمانلارچە، تېجەشلىك بىلەن، مەجبۇرەن، دەل" قاتارلىق رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرىدۇر.

ھالەت رەۋىشلىرى جۈملىدە ئاساسەن پېئىللارغا باغلىنىپ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئورنىدىن ئاران تۇردى.
ئۇ مەرتلەرچە قۇربان بولدى.
دۈشمەن ئۇزلۇكسىدىن يوقالمايدۇ.

ئاز ساندىكى ھالەت رەۋىشلىرى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ قالسا خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز چاپسان:
ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى بەك ئاستا.
ئۇنىڭ ئايىغى ئىتتىك.

## 2. ئورۇن رەۋىشلىرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنى ياكى يۆنىلىشىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر ئورۇن رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورۇن رەۋىشلىرى "قەيەر؟ نە؟ قەيەردە؟ نەدە؟ نەدىن؟ قەيەر-



گە؟ نەگە؟" دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

تىلىمىزدىكى "نېرى، بېرى، ئالدى، ئارقا، ئالغا، ئاستى، يان، يانمۇ-يان، يېقىن، يىراق، ئىچكىرى، تاشقىرى، يۇقۇرى، تۆۋەن، كەينى، پەستە، ھەر تەرەپتىن، ئۇزاق، ئۇزاقتىن، شۇ يەردە" دىگەنگە ئوخشاش رەۋىشلەر ئورۇن رەۋىشلىرىدۇر.

ئورۇن رەۋىشلىرى كوپىنچە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىدۇ، جۈملىدە ئاساسەن ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىلەر نېرى كەتمەي، بېرى كېلىڭلار.
بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارايلى.
يىراقتىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
ئۇلار ئالدىمىزدا ماڭدى، بىز كەينىدە ماڭدۇق.

## 3. ۋاقىت رەۋىشلىرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئومۇمى ياكى كونكرىت ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى "بۈگۈن، ئەتە، ئەتىگەنچە، ئۆگۈن، تۈنۈگۈن، بۇ يىل، بۇلتۇر، كېلەر يىل، ئاخىر، ئاخىرغىچە، ئاخشام، كېچە، مەڭگۈ، ھەمىشە، ئەبەدى، ئەتىگەن، چۈشتە، چۈشكىچە، كۈندۈز، ھامان، ھازىر، ھېلى، ھېلىغىچە، دائىم، بايا، بەزىدە، دەسلەپتە، ئەمدى، كۈن بويى، گايىدا، ئاۋال، ئاخىر، بۇرۇن، سەھەر، ئىلگىرى، كېيىن، قىشىچە، تېخى، تېخىچە، ئۇلۇشكۈن، ئەزەلدىن، كەچقۇرۇن، كەچ، يېقىنغىچە، دەرھال، بارغانسېرى" دىگەنگە ئوخشاش رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋاقت رەۋشلىرى جۇملىدە پېئىللارغا باغلىنىپ ۋاقت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە "قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۇرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپباق ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن —
تۈنۈگۈن ئومۇلەپ، ھە.....بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

— ل. مۇتەللىپ

### 4. مەقسەت رەۋشلىرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن بولغان ياكى بولمىغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان رەۋشلەر مەقسەت رەۋشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى، "ئەتەي، قەستەن، زورمۇ-زور، دۈشمەنلىك بىلەن، توساتتىن، ئاتايىن، ئىلاجىسىزلىقتىن، سۈيىقەست بىلەن، مەقسەتلىك ھالدا" دېگەنگە ئوخشاش رەۋشلەر مەقسەت رەۋشلىرى جۇملىسىگە كىرىدۇ.

مەقسەت رەۋشلىرى جۇملىدە پېئىللارغا باغلىنىپ مەقسەت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە "نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە مەقسەت بىلەن؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈن ئەتەي كەلمىدى.
سەن مېنىڭ كوزقارشىمنى قەستەن بۇرمىلاۋاتىسەن.
ئۇلار ئۆزىنىڭ كوزقارشىنى بىزگە زورمۇ-زور تاڭماقچى.
مەن ئاتايىن سىزنى چاقىرغىلى كەلدىم.



### 5. كۈچەيتىش رەۋشلىرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولىدىغان-بولمايدىغانلىغىنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەيدىغان ياكى سۈپەتنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان رەۋشلەر كۈچەيتىش رەۋشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى "ئەڭ، ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، خويما، بەك، ئاجايىپ، راسا، تولىمۇ، جەزمەن، چوقۇم، ھەرگىز، تېخىمۇ، بەكمۇ، پەقەت، زادى، قەتئىي، كارامەت، تامامەن" دېگەنگە ئوخشاش رەۋشلەر كۈچەيتىش رەۋشلىرى جۇملىسىدىندۇر.

كۈچەيتىش رەۋشلىرى جۇملىدە پېئىلغىمۇ، سۈپەتكىمۇ باغلىنىپ كېلىدىغان رەۋش بولۇپ، پېئىلغا باغلانغاندا شۇ پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ياكى ئاشمايدىغانلىغىنى جەزمەلەشتۈرۈش، ئىش-ھەرىكەتنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىگىنى كۈچەيتىپ كورسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، سۈپەتكە باغلانغاندا سۈپەتنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆگىنىشكە بەك تىرىشىدۇ.
مەن يىغىنغا جەزمەن قاتنىشىمەن.
ئۇلار خەنزۇچە گەپنى ناھايىتى ياخشى سوزلەيدۇ.
سەن خەتنى تولىمۇ چىرايلىق يازىسەن.

بۇ مىساللاردىكى "بەك، جەزمەن" دېگەن رەۋشلەر پېئىلغا باغلىنىپ كېلىپ، ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن؛ "ناھايىتى"، "تولىمۇ" دېگەن رەۋشلەر سۈپەتكە باغلىنىپ كېلىپ، شۇ سۈپەت بىلەن بىللە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

كۈچەيتىش رەۋشلىرىنىڭ بەزىلىرى سۈپەتكە باغلانماي، پېئىلغىلا

باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "جەزمەن، ھەرگىز، پەقەت، زادى، قەتئىي" دېگەنگە ئوخشاش رەۋىشلەر ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

كۈچەيتىش رەۋىشلىرى جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتكە باغلىنىپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە رەۋىشكە باغلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

ناھايىتى ئاستا، بەك چاپسان، تولىمۇ تۆۋەن، ناھايىتى بۇرۇن، ئىنتايىن كۆپ، تېخىمۇ ئاز دېگەنگە ئوخشاش.

## 6. مىقدار رەۋىشلىرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى مۆلچەر تەرىقىسىدە كۆرسىتىپ كېلىدىغان رەۋىشلەر مىقدار رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى "ئاز، كۆپ، نۇرغۇن، جىق، بىرئاز، ئاز-ئازدىن، ئازغىنە، بىر تالاي، ئانچە-مۇنچە، شۇنچە، ئومۇمەن، ئاساسەن، تامامەن، قىسقىچە" دېگەنگە ئوخشاش رەۋىشلەر مىقدار رەۋىشلىرىدۇر.

مىقدار رەۋىشلىرى جۈملىدە ئاساسەن پېئىلغا باغلىنىپ كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، بەزىدە ئىسىمغا باغلىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى مۇمكىن، بەزى مىقدار رەۋىشلىرى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ قالسا خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتىشىمۇ مۇمكىن. مىقدار رەۋىشلىرى "قانچە؟ قانچىلىك؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاز سۆزلەپ، كۆپ تىڭشا. (ھالەت)
ئۇ قىسقىچە سۆزلىدى. (ھالەت)
تېپىلىقنىڭ تەرەپدارلىرى كۆپ. (خەۋەر)



بىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق. (ئېنىقلىغۇچى)

كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ رەۋىشلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئۇ شۇنچە يىراق يەردىن چاپسان قايتىپ كەلدى.
ئوسمان بۇ جايدا كۆپ تۇرمىدى.
يىغىنغا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم كەلدى.
يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى تېز بولدى.
ئۈچ كۈندىن بېرى يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتىدۇ.
تۈنۈگۈن ھاۋا تۇيۇقسىز تۇتۇلۇپ قالدى.
ئۇ دۈشمەنگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى.
ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە دەپتەرنى بەشتىن تارقاتتى.
مەن توپ ئويناشنى ئانچە-مۇنچە بىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باپ   مىقدار سۆز

## §1 مىقدار سۆز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆزلەر بار. بۇنداق سۆزلەر ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى، بەش دانە ئالما، ئون كىلو ماي، توت قۇتا سىيا، ئۈچ قاپ بور، ئالتە مېتىر خەسە، بىر چىشلەم نان، ئىككى تىلىم قوغۇن، يەتتە ئورۇم ساماق، ئۈچ قېتىم كوردۇم، ئىككى نۆۋەت باردىم دېگەنگە ئوخشاش.

دېمەك، شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى مىقدار سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مىقدار سۆزلەر تىلىمىزدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بىر سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە ئۆگىنىلمەي كەلدى. بىرىنچىدىن، مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى سۆز بىرىكمىلىرى سان بىلەن ئىسمىنىڭ، ياكى سان بىلەن پېيىلنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا مىقدارنىلا ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، مىقدار سۆزلەر مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى ھېساپلانمايۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇنداق قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. مىقدار سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىگى سان بىلەن ئىسىمنىڭ، ياكى سان بىلەن



پېيىلنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن ئىسىم، پېيىل ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىقدار سۆزنى مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## §2 ئەسلى مىقدار سۆز ۋە نىسبى مىقدار سۆز

مىقدار سۆزلەر كېلىپ چىقىش مەنبەسى جەھەتتىن ئەسلى مىقدار سۆز ۋە نىسبى مىقدار سۆز دەپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ.

ئەسلى مىقدار سۆزلەر ئەزەلدىنلا مىقدارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان، باشقا سۆز تۈركۈمىگە كىرگۈزۈلمىگەن سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ھېلىمۇ مىقدارنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

نەپەر، دانە، كىلومېتىر، كىلوگىرام، تونىنا، مېتىر، چارەك، مىسقال، جىڭ، سەر دېگەنگە ئوخشاش.

نىسبى مىقدار سۆزلەر دېگەندە، ئەسلىدە مىقدار سۆز بولماستىن، ئىسىم ياكى پېيىلغا تەۋە سۆزلەرنىڭ سان بىلەن بىرىكىشى نەتىجىسىدە مىقدار سۆزگە ئايلانغان سۆزلەر كۆزدە تۇتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرمۇ شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

4 تاغار بۇغداي، 5 خالتا ئۇن، بىر ساندۇق كىتاپ، ئىككى ماشىنا كۆمۈر، ئىككى تەخسە ئاش، بىر پىيالە چاي، 4 باغ پالەك، ئىككى قېتىم يېپ، بىركاپام ئاش، 10 باغ بېدە، بىر چاقىرىم يول دېگەنگە ئوخشاش.

نىسبى مىقدار سۆزلەر ئىسىمدىن كېلىپ چىققان مىقدار سۆز ۋە پېئىلدىن كېلىپ چىققان مىقدار سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىسىمدىن كېلىپ چىققان مىقدار سۆز دېگىنىمىز ئىسىملار ئىچىدىكى مىقدارنى ئىپادىلەپ كېلەلەيدىغان ئىسىملارنىڭ سان بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىدۇر. بۇنداق سۆزلەر ئەسلىدە ئىسىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سان بىلەن بىرىككەندىن كېيىن مىقدارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى لىگەن ئاش، بىر قوشۇق چاي، بىر ھارۋا ئوتۇن، 4 چېلەك سۇ، ئىككى سېۋەت شاپتۇل، 3 باش پىياز دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ھەرقاندىقىلا سان بىلەن بىرىكىپ مىقدار سۆزنى ھاسىل قىلىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئۆلچەم بولۇپ كېلەلەيدىغان ئىسىملارلا سان بىلەن بىرىكىپ مىقدار سۆزنى ھاسىل قىلالايدۇ.

مەسىلەن، "بىر ساندۇق كىتاپ" دېگىلى بولىدۇ، لېكىن "بىر كىتاپ ساندۇق" دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، "شەھەر، مەكتەپ، ئەمەت، قەلەم" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىن مىقدار سۆز ياسالمايدۇ.

پېئىلدىن كېلىپ چىققان مىقدار سۆز دېگىنىمىز بۇيرۇق پېئىللارغا مىقدار سۆز ياسىغۇچى "م، ىم، ئۇم" قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان مىقدار سۆزلەردۇر. بۇنداق مىقدار سۆزلەرمۇ سان بىلەن بىرىكىپ مىقدارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوتلا + م = ئوتلام (بىر ئوتلام چاي)

تىل + ىم = تىلىم (ئىككى تىلىم تاۋۇز)



يۇت + ئۇم = يۇتۇم (بىر يۇتۇم سۇ)

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ھەرقاندىقىدىنمۇ مىقدار سۆز ياسىلىۋەرمەيدۇ، بۇنىڭدىنمۇ پەقەت ئۆلچەشكە بولىدىغان شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پېئىللارغىلا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق مىقدار سۆز ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

"بىر سىقىم توپا، ئىككى ماڭدام يەر، 4 باغلام شاك، بىر تۇتام پاختا، بىر يۈدۈم يانتاق" دەپ قوللىنىشقا بولىدۇ، لېكىن "ياز، ئىشلە، كەت، تۇر" دېگەنگە ئوخشاش پېئىللارغا ئاشۇنداق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ مىقدار سۆز ياسىغىلى بولمايدۇ.

## §3 مىقدار سۆزنىڭ قوللىنىلىشى

مىقدار سۆزلەرنى ئومۇمەن ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرگۈچى مىقدار سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرگۈچى مىقدار سۆز دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرگۈچى مىقدار سۆزلەر ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى ياكى مىقدار بىرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

5 نەپەر ئىشچى، 4 دانە قەلەم، بىر قاچا سۇ، ئىككى تاغار بۇغداي، 20 كىلو گۆش، ئىككى يوگەم تاماكا، 30 مېتىر چېپەرقۇت، ئۈچ بولاق قەنت، تۆت سەر ئالتۇن دېگەنگە ئوخشاش.

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرگۈچى مىقدار سۆزلەر ئىش-پائالىيەتلەرنىڭ مىقدارىنى ياكى مىقدار بىرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىككى قېتىم ئوقۇدۇم، تۆت قېتىم كۆردۈم، بىر قۇر قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقتىم، ئىككى نوۋەت باردىم، توت چامدام ماڭدىم دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سوزلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ھەركەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى قېتىم يىپ (نەرسە مىقدارى)، ئىككى قېتىم كوردۇم (ھەركەت مىقدارى)، بىر قۇر كىيىم (نەرسە مىقدارى)، بىر قۇر كوروپ چىقتىم (ھەركەت مىقدارى)، بىر چىشلەم نان (نەرسە مىقدارى)، بىر چىشلەم يېدى (ھەركەت مىقدارى) دېگەنگە ئوخشاش.

مىقدار سوزلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى جەھەتتە توۋەندىكى پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز.

(1) بىر قىسىم مىقدار سوزلەر ئۇزۇنلۇق جەھەتتىكى مىقدار بىرلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇزۇنلۇق ئولچىمى ھېساپلىنىدىغان "كىلومېتىر، مېتىر، سانتىمېتىر، چاقىرىم، پوتەي، گەز، غېرىچ" دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سوزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

بىر چاقىرىم يول، ئىككى پوتەي يول، 5 كىلومېتىر ئارىلىق، 10 مېتىر رەخت، 20 گەز خام، بىر غېرىچ يەر دېگەنگە ئوخشاش.

(2) بىر قىسىم مىقدار سوزلەر ئېغىرلىق جەھەتتىكى مىقدار بىرلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئېغىرلىق ئولچىمى ھېساپلىنىدىغان "توننا، كىلوگىرام، گىرام، چارەك، جىڭ، كۇرە، مىسقال، سەر" دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سوزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

4 توننا كومۇر، 100 كىلو گۇرۇچ، 500 گىرام سوت، 5 چارەك



قوناق، 10 جىڭ ماي، بىر مىسقال رەڭ، ئۈچ سەر ئالتۇن دېگەنگە ئوخشاش.

(3) بىر قىسىم مىقدار سوزلەر ھەجىم جەھەتتىكى مىقدارنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھەجىم جەھەتتىكى مىقدارنى ئىنىقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئولچەش ئەسۋاپلىرى ئىشلىتىلسە، بۇنىڭدا "كوپ، لېتىر" دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سوزلىرى قوللىنىلىدۇ؛ مەخسۇس ئولچەش سايمانلىرى ئىشلىتىلمىسە، بۇنىڭدا تەخمىنەن مىقدارنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار سوزلەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى لېتىر سوت، 5 كوپ شېغىل، بىر سىقىم توپا، بىر چېلەك سۇ، ئىككى خالتا ئۇن، بىر ماشىنا كومۇر، بىر ھارۋا ئوتۇن، بىر ئوتلام چاي دېگەنگە ئوخشاش.

(4) بىر قىسىم مىقدار سوزلەر ئۇزۇنلۇق، ئېغىرلىق ياكى ھەجىم جەھەتتىكى مىقدارنى بىلدۈرمەي، يەككىلىك، ئايرىملىق ۋە باشقا جەھەتتىكى مىقدارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق مىقدار سوزلەرگە "نەپەر، دانە، تال، پارچە، باش، ساپ، نۇسخا، باغ، باغلام، توپ، جۈپ، قېتىم" دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سوزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

30 نەپەر ئوقۇغۇچى، 10 دانە ئانار، 5 تال ياغاچ، 4 پارچە كېگىز، 6 باش پىياز، 3 باش قوناق، بىر ساپ ئۈزۈم، 7 نۇسخا گېزىت، 9 باغ پالەك، 8 باغلام ئوتۇن، ئىككى توپ ئۈجمە، بىر جۈپ پەلەي، 4 قېتىم يىپ، ئىككى قېتىم كوردۇم، توت نوۋەت باردىم، بىر قۇر كوزدىن كەچۈردۈم دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا، دائىرە ياكى مەيداننىڭ يۈزىنى، ۋاقىت بىرلىكلىرىنى، كۈچ-قۇۋۋەت بىرلىكلىرىنى، سۈرئەت-تېزلىك بىرلىكلىرىنى، بولۇپمۇ تەبىي پەن ساھەسىدىكى تۈرلۈك كۈچ بىرلىكلىرىنى ئىپادى-

لەپ بېرىدىغان مىقدار سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

كۋادرات-مېتىر، ۋات، كىلوۋات، مېتىر-سېكونت، ئېلېكترون-ۋولت، كالورىيە، ئات كۈچى، كىلومېتىر-سائەت، گرادۇس، سائەت دېگەنگە ئوخشاش.

## §4 مىقدار سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

مىقدار سۆزمۇ باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بۇ خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) مىقدار سۆزنىڭ ئەڭ مۇھىم گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى سۆز بىرىكمىلىرى سان بىلەن ئىسىمدىن ياكى سان بىلەن پېئىلدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، بۇنداق بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرغاندا ھېچقاچان مىقدارنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، مىقدار سۆزلەرنىڭ ئاساسلىق ئاملى بولغان "دانە، نەپەر، سىقىم" دېگەن ئامىللارمۇ يالغۇز تۇرۇپ مىقدارنى بىلدۈرەلمەيدۇ.

مەسىلەن، "دانە ئانار، نەپەر كىشى، مېتىر رەخت ياكى 5 ئانار، 3 كىشى، 4 رەخت" دەپ ئىشلىتىلمەيدۇ، "5 دانە ئانار، 3 نەپەر كىشى، 4 مېتىر رەخت، بىر ئوتلام سۇ" دېگەن شەكىلدە قوللىنىلغاندىلا مىقدار سۆز بولالايدۇ. "دانە، نەپەر، پارچە، تال" دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سۆزلەرنى قوللانماي، ساننىڭ ئۆزىنىلا قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ بار، بۇ چاغدا مىقدار سۆز شەكىللەنمىگەن ۋە سان ئۆزىنىڭ خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغان بولىدۇ. مەسىلەن:

5 نەپەر ئىشچى (مىقدار)، 5 ئىشچى (سان)، 10 دانە مانتا



(مىقدار)، 10 مانتا (سان)، ئىككى پارچە گىلەم (مىقدار)، ئىككى گىلەم (سان)، تۆت تال كوچەت (مىقدار)، تۆت كوچەت (سان) دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا، مىقدار سۆزنىڭ ئۆزىنى ساندىن ئايرىپ قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، "4 مېتىر رەخت، ئىككى ئوتلام چاي" دېگەن سۆزلەرنى "مېتىر رەخت، ئوتلام چاي" دەپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

(2) مىقدار سۆزلەر مەخسۇس مىقدار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە، بۇ قوشۇمچىلار پېئىللارغا ئۇلىنىپ مىقدار سۆز ياسايدۇ. مەسىلەن:

چىشلە + م = چىشلەم (بىر چىشلەم نان)
يۇت + ئۇم = يۇتۇم (بىر يۇتۇم سۇ)
يۇد + ئۇم = يۇدۇم (بىر يۇدۇم شاخ)
تۇت + ئام = تۇتام (ئىككى تۇتام يۇڭ)
چاقىر + ىم = چاقىرىم (ئىككى چاقىرىم يەر)

(3) مىقدار سۆزنىڭ تەركىبىدە سان بىلەن ئىسىم، ياكى سان بىلەن پېئىل بولىسىمۇ، بۇلار مىقدار سۆز تەركىبىدە تۇرۇپ ساننىڭ، ئىسىمنىڭ ياكى پېئىلنىڭ كاتېگورىيىلىرىگە مەنسۇپ بولغان قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، ئەگەر تۈرلەنسە، مىقدار سۆزلۈك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلغان بولىدۇ.

مەسىلەن، "5 تاغار ئاشلىق" دېگەننى "بەشىنچى تاغار ئاشلىق"، "5 تاغارنىڭ ئاشلىق"، "5 تاغىرىم ئاشلىق" قىلىپ تۈرلىگىلى بولمايدۇ. "بىر توغرام نان" دېگەننى "بىرىنچى توغرام نان"، "بىر توغرامدى نان" (توغرىدى دېگەندىكى "دى" دېگەن قوشۇمچىنى قوشۇپ) دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

مىقدار سوز شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىش-ھەركەتنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، جۈملىدە ئىسىم بىلەن پېيىللارغىلا باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىسىمغا باغلانغان مىقدار سوز بىر پۈتۈن بىرىكمە ھالەتتە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە ئۆزى ھېچقانداق ئېنىقلىغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ. پېيىللارغا باغلانغان مىقدار سوز جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

بىز بۇ يىل ئىككى توننا كومۇر سېتىۋالدۇق.

كىچىك ماشىنا سائەتتە 25 كىلومېتىر يول باسىدۇ.

ئاپام بازاردىن بەش مېتىر رەخت ئالدى.

دادام بەش جىڭ ماي سېتىۋالدى.

ئوي سالغىلى بەش تال ياغاچ سېتىۋالدۇق.

بۇ مىساللاردىكى مىقدار سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئىسىمنى مىقدار جەھەتتىن ئېنىقلاپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

مەن بۇ كىنونى ئىككى قېتىم كوردۇم.

مەن بۇ ماقالىنى بىر قۇر كورۇپ چىقتىم.

ئۇ ئاشتىن بىر كاپام يېدى.

لەغمەندىن بىر تەخسە يېدىم.

ئالدىڭلارغا بەش قەدەم مېڭىڭلار.

بۇ مىساللاردىكى مىقدار سوزلەر پېيىلغا باغلىنىپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، مىقدار سوز ئىسىم رولىدا كەلگەندە كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ باشقا ۋەزىپىلەردىمۇ كېلىشى، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بۇ رەختنىڭ ئىككى مېتىرىنى مەن ئالاي (تولدۇرغۇچى).



گوشنىڭ بىر كىلوسى بىر كوي 50 پۇڭدىن سېتىلدى (ئىگە).

ئانارنىڭ بىر دانىسىنىڭ باھاسى 50 پۇڭ بولدى (ئېنىقلىغۇچى).

قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1500 كىلومېتىر (خەۋەر).

(5) مىقدار سوز تەركىۋىگە قاتناشقان سان پەقەت ساناق ساندىن ئىبارەت بولىدۇ. ساناق سانلار مىقدارنىڭ ئاز-كوپلۇكىگە ئاساسەن، قانچە بولسا بولۇۋېرىدۇ. بەزىدە تەرتىپ سانلار ۋە مولچەر سانلارمۇ مىقدار سوز تەركىۋىگە قاتنىشىدۇ.

(6) مىقدار سوزلەر جۈملىدە "قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىك؟" دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. كوپ ھاللاردا بۇ سوئاللارغا مىقدار سوز قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

يۇقۇرىدا نىسبىي مىقدار سوزنىڭ سان بىلەن ئىسىمنىڭ، ياكى سان بىلەن پېيىلنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدىغانلىقى كورسىتىپ ئوتۇلدى. بۇ ئومۇمى ۋە ئاساسىي ئەھۋال. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز ساندىكى مىقدار سوزلەر سان بىلەن سۈپەتنىڭ (كوپىنچە ياسالما سۈپەتنىڭ) بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مۇنداق مىقدار سوز بىرىكمىسىنىمۇ تونۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىر يۇمۇلاق يىلىم، بىر ئاشلىق ئۇن، بىر باللىق ئائىلە، 4 كىشىلىك ئاياق، 100 كىشىلىك تاماق، 50 كىشىلىك ياتاق، 4 ئاتلىق ھارۋا، 6 چاقلىق ماشىنا، 4 چىشلىق توپاق، ئىككى بىسلىق گەپ دېگەنگە ئوخشاش.



www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باپ   ئىملىق سوز

## §1 ئىملىق سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

تىلىمىزدا تەبىەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرىغا ۋە ھەر خىل ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىپ ئېيتىلىدىغان ياكى شۇ خىل ئاۋاز ۋە شۇ خىل ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەر بار. مەسىلەن:

تاراق-تۇرۇق، شار-شۇر، جاراڭ-جۇرۇڭ، گۈلدۈر-گۈلدۈر، يالت-يۇلت، ۋال-ۋۇل، شاق-شۇق دىگەنگە ئوخشاش.

دىمەك، تەبىەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ئاۋازلىرىغا ۋە ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىپ ئېيتىلغان سوزلەر ئىملىق سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىملىق سوزلەر ئوزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گىراماتىكىلىق رولى جەھەتتىن باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇلارمۇ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىملىق سوز گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلەرگە ئىگە بولمىغان، يەنى تۈرلەنمەيدىغان سوز تۈركىمىدۇر.

(2) ئىملىق سوز جۈملىدە كوپىنچە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ ياكى ئوز ئالدىغا كېلىپ، خەۋەرنى ئېنىقلاپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بەزىدە قوشما خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:



ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى. (ھالەت)
يامغۇر شار-شۇر قۇيۇۋەتتى. (ھالەت)
ئۇنىڭ چىشلىرى غاراچ-غۇرۇچ قىلىپ كەتتى. (قوشما خەۋەر)
ئىشنى شاق-شۇق تۈگىتىۋەتتۇق. (ھالەت)
بىر نەرسە ئالدىمغا پوككىدە چۈشتى. (ھالەت)

(3) ئىملىق سوزلەرنىڭ ئوزىگە خاس ئىملىق سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى يوق، ئەمما ئىملىق سوزلەردىن بەزى پېئىل ۋە رەۋىشلەر، بەزىبىر ئىملىقلار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

شىلدىرلاش، ۋالىلداش، پاقىرىدى، تاراقلىدى،
جاراڭلاش، ۋاقىراش، لىڭشىش، لاپپىدە، پوككىدە،
مورىدى، مەرەش، تاك-تاكچى، دۇمباق دىگەنگە ئوخشاش.

(4) ئىملىق سوز بىلەن باشقا سوز تۈركۈملىرى ئوزئارا ئوتتۇشۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال يوق دىيەرلىك.

(5) ئىملىق سوزلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىن كوپىنچە جۈپ سوز شەكلىدە كېلىدۇ ۋە جۈملىدە ئاساسەن ھالەت ۋەزىپىسىنى ئوتەيدۇ. ئىملىق سوزلەر بەزىدە باشقا سوز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىپ، ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئىشىك غاچچىدە ئېچىلدى. (ھالەت)
بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ نىمىشقا توختىمايدۇ. (ئىگە)
ۋاراڭ-چۇرۇڭنى توختىتايلى. (تولدۇرغۇچى)
مىش-مىش گەپلەرگە ئىشەنمەيلى. (ئېنىقلىغۇچى)

(6) ئىملىق سوزگە تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ باشقا سوز تۈركۈملىرىگە خاس سوزلەر ياسىلىدۇ:

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باپ   ئىملىق سوز

## §1 ئىملىق سوز ھەققىدە ئومۇمى چۇشەنچە

تىلىمىزدا تەبەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرىغا ۋە ھەر خىل ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىپ ئىپتىلىدىغان ياكى شۇ خىل ئاۋاز ۋە شۇ خىل ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەر بار. مەسىلەن:

تاراق-تۇرۇق، شار-شۇر، جاراڭ-جۇرۇڭ، گۇلدۇر-گۇلدۇر، يالت-يۇلت، ۋال-ۋۇل، شاق-شۇق دىگەنگە ئوخشاش.

دىمەك، تەبەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ئاۋازلىرىغا ۋە ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىپ ئىپتىلغان سوزلەر ئىملىق سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىملىق سوزلەر ئۇزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گىراماتىكىلىق رولى جەھەتتىن باشقا سوز تۇركۇملىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇلارمۇ ئۇزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىملىق سوز گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلەرگە ئىگە بولمىغان، يەنى تۇرلەنمەيدىغان سوز تۇركىمىدۇر.

(2) ئىملىق سوز جۇملىدە كوپىنچە ياردەمچى پىيىللار بىلەن بىللە كىلىپ ياكى ئۇز ئالدىغا كىلىپ، خەۋەرنى ئىنىقلاپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كىلىدۇ، بەزىدە قوشما خەۋەر بولۇپ كىلىدۇ. مەسىلەن:



ئىشىك غىچ قىلىپ ئىچىلدى. (ھالەت)
يامغۇر شار-شۇر قۇيۇۋەتتى. (ھالەت)
ئۇنىڭ چىشلىرى غاراچ-غۇرۇچ قىلىپ كەتتى. (قوشما خەۋەر)
ئىشنى شاق-شۇق تۇگىتىۋەتتۇق. (ھالەت)
بىر نەرسە ئالدىمغا پوككىدە چۇشتى. (ھالەت)

(3) ئىملىق سوزلەرنىڭ ئۇزىگە خاس ئىملىق سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى يوق، ئەمما ئىملىق سوزلەردىن بەزى پىيىل ۋە رەۋىشلەر، بەزىبىر ئىملىقلار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

شىلدىرلاش، ۋالىلداش، پاقىرىدى، تاراقلىدى،
جاراڭلاش، ۋاقىراش، لىڭشىش، لاپپىدە، پوككىدە،
مورىدى، مەرەش، تاك-تاكچى، دۇمباق دىگەنگە ئوخشاش.

(4) ئىملىق سوز بىلەن باشقا سوز تۇركۇملىرى ئۇزئارا ئۇتتۇشۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال يوق دىيەرلىك.

(5) ئىملىق سوزلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىن كوپىنچە جۇپ سوز شەكلىدە كىلىدۇ ۋە جۇملىدە ئاساسەن ھالەت ۋەزىپىسىنى ئوتەيدۇ. ئىملىق سوزلەر بەزىدە باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ رولىدا كىلىپ، ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئىشىك غاچچىدە ئىچىلدى. (ھالەت)
بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ نىمىشقا توختىمايدۇ. (ئىگە)
ۋاراڭ-چۇرۇڭنى توختىتايلى. (تولدۇرغۇچى)
مىش-مىش گەپلەرگە ئىشەنمەيلى. (ئىنىقلىغۇچى)

(6) ئىملىق سوزگە تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ باشقا سوز تۇركۇملىرىگە خاس سوزلەر ياسىلىدۇ:

1) لا، له(شاراقلا، تاراقلا، گۈلدۈرله)؛

2) ئىلدا، ئىلدە، ئۇلدا، ئۇلدە (تاقىلدا، لەپىلدە، غۇيۇلدا، گۇرۇلدە)؛

3) قىرا، كىرە (ۋاقىرا، گۈكىرە، چىقىرا، پىقىرا، ھوكىرە)؛

4) را، رە (مەرە، ھاڭرا، مورە)؛

5) شى (لىڭشى).

يۇقۇرىدىكى قوشۇمچىلار ئىملىق سۆزلەردىن پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلاردۇر.

"ىدە" قوشۇمچىسى ئىملىق سۆزلەردىن رەۋىش ياسايدىغان قوشۇمچە بولۇپ، بۇنىڭدا ئىملىق سۆزنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشى بىر قېتىم تەكرارلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا "ىدە" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تاق + ق + ىدە = تاققىدە

پوك + ك + ىدە = پوككىدە

غاچ + چ + ىدە = غاچچىدە

پىل + ل + ىدە = پىللىدە

بۇنىڭدىن باشقا، ئىملىق سۆزلەردىن ئاز ساندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن:

"دۇم-دۇم" دېگەن ئىملىق سۆزگە "باق" قوشۇلۇپ "دۇمباق" دېگەن ئىسىم ياسىلىدۇ؛ "تاك-تاكچى" دىسەك، "چى" قوشۇلۇپ ئىسىم ياسىلىدۇ؛ "جاراڭلىق، جاراڭسىز" دىسەك، "لىق، سىز" قوشۇلۇپ بىر قىسىم سۈپەتلەر ياسىلىدۇ ۋە باشقىلار.

ئىملىق سۆزلەردىن باشقا سۆزلەر ياسالغاندا قوشۇمچىلار ئاساسەن



ئىملىق سۆزنىڭ جۈپ شەكلىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا قوشۇلىدۇ.

## §2 ئىملىق سۆزنىڭ تۈرلىرى

ئىملىق سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ لىكسىكىلىق مەنىسىگە ياكى نىمىگە تەقلىت قىلىپ ئېيتىلغانلىقىغا قاراپ، ئاۋاز ئىملىقلىرى ۋە ھالەت ئىملىقلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاۋاز ئىملىقلىرى

تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرىغا تەقلىت قىلىپ ئېيتىلغان ئىملىق سۆزلەر ئاۋاز ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل ئىملىقلار ئاڭلاش ئورگانلىرىنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەپەككۇرىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئەينى ئاۋازنىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇ ئاۋازنى نىسبى دوراش ئارقىلىق ھاسىل بولغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

غاچ-غۇچ، شىلدىر-شىلدىر، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، دۈپۈر-دۈپۈر، ۋاژ-ۋۇژ، پاژ-پۇژ، جالدۇر-جۇلدۇر، پاڭ-پۇڭ، گۈلدۈر-گۈلدۈر، مو-مو، مە-مە، قاق-قاق، قى-قى-قىق، شار-شۇر، غار-غۇر، غاراس-غۇرۇس، قاراس-قۇرۇس دېگەنگە ئوخشاش.

يېتىپ كەلسە تومۇر يورغام تاقۇر—تۇقۇر،
كېچە-كۈندۈز يۈرۈۋېرەر، ئەمەس سوقۇر.

—نىم شېھىت.

### 2. ھالەت ئىملىقلىرى

تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇلارنى دوراش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئىملىق سوزلەر ھالەت ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل ئىملىقلار كورۇش ئورگانلىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەبىەت ھادىسىلىرىنىڭ تەپەككۇرىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ۋال-ۋۇل، يالت- يۇلت، لەپ-لەپ، پىل-پىل، پاژ-پۇژ، يال-يۇل، غىپ-غىپ، چىم-چىم، لىك-لىك، لوم-لوم دىگەنگە ئوخشاش.



# ئونىنچى باب ياردەمچى سوز

## §1 ياردەمچى سوز ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۇيغۇر تىلىدا يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا بىر قىسىم سوزلەر بار، بۇنداق سوزلەر ئوز ئالدىغا لىكسىكىلىق مەنە ئۇقتۇرالمايدۇ ۋە ئايرىم قوللىنىلمايدۇ. بۇنداق سوزلەر پەقەت لىكسىكىلىق ھەم گىراماتىكىلىق مەنىلىرى ئېنىق بولغان سوزلەرنىڭ ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش ھەمدە جۈملە بولەكلىرىنى ياكى قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى ئوزئارا باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

دادام بىلەن ئاكام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

بوران قاتتىق چىققان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئاشلىقنى زىيانغا ئۇچراتمىدۇق.

ئادەم تۇغۇلىدۇ ھەم ئولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ سوزى قالىدۇ.

كىشى بىلەن كىشىنىڭ پەرقى زور بولىدۇ، بۇ پەرق پەقەت بىلىمدىلا، دەيدۇ بۇ تىلىم. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ سوزى)

بۇ مىساللاردىكى "بىلەن، ئۈچۈن، لېكىن، ھەم" دىگەن ياردەمچى سوزلەر سوزلەرنى، جۈملە بولەكلىرىنى ھەم ئاددى جۈملىلەرنى ئوزئارا باغلاپ كەلگەن.

دىمەك، ئوز ئالدىغا لىكسىكىلىق مەنە ئۇقتۇرالمايدىغان، ئەمما

سۆز-جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى ياردەمچى سۆزلەرمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بۇ خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

(1) ياردەمچى سۆزلەر باشقا سۆز تۈركۈملىرىدەك گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار تۈرلەنمەيدۇ، بىر خىل فورمىدىلا كېلىدۇ.

(2) ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ، بۇ مەنە كونكرېت جۈملىدە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدە ئېنىق بىلىنىدۇ.

(3) ياردەمچى سۆزلەرمۇ مۇستەقىل ئۇرغۇغا ئىگە بولۇپ، تىنىش ئارقىلىق ئايرىپ ئېيتىلىدۇ.

(4) بەزى ياردەمچى سۆزلەر قوشۇمچىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ئوخشاش ئەمەس. قوشۇمچىلار مەلۇم سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، تۈرلۈك گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ياردەمچى سۆزلەر بولسا مەلۇم سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزلەرگە باغلىنىپ كېلىپ، قوشۇمچە مەنە ئاڭلىتىدۇ، سۆز-جۈملىلەرگە بەلگىلىك تۈس قوشىدۇ ياكى ئۇلارنى ئۆزئارا باغلايدۇ.

## §2 ياردەمچى سۆزنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىم. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ياردەمچى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدە ئۆتەيدىغان



خىزمىتىگە قاراپ، سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى، باغلىغۇچىلار ۋە ئۇلانمىلار دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى

سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش، ھەرىكەتنامى ۋە سۈپەتداشلارغا يانداشىپ كېلىپ، مۇشۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن (تولاراق پېئىللار بىلەن) بولغان تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ئۆزى يانداشىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مەلۇم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇ سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەنىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار لوگىك ئۇلانما دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىم.

ئىنسانلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئارقىلىق كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە كىرىدۇ.

بىز ئۇنىڭ بىلەن سىز توغرىلىق سۆزلەشتۇق.

ياخشى بىلەن دوست بول، ياماندىن قاچ.

بەش بىلەن تۆتنى قوشۇڭ.

يۇقىرى بىلەن سۆزلىشەيلى.

بۇ مىساللاردىكى ”ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرىلىق، بىلەن“ دېگەن سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ھەرىكەتنامى، ئىسىم، ئالماش، سۈپەت، سان، رەۋىشكە يانداشىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن.

تىلىمىزدىكى سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ئۆزى يانداشىپ كەلگەن

www.uyghurkitap.com

سوزنىڭ مەلۇم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تۇۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

1. باش كېلىشتىكى سوزگە ياندىشىپ كېلىدىغانلار

(1) "ئۈچۈن"—بۇ، ئۇزى ياندىشىپ كەلگەن سوز بىلەن بىللە ئىش-ھەركەتنىڭ مەقسىدى ۋە سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

مەن ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن كەلدىم.

(2) "ئارقىلىق، بىلەن"—بۇلار، ئۇزى ياندىشىپ كەلگەن سوزنىڭ ۋاستە قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ كىتابنى پوچتا ئارقىلىق يوللىغان.

بۇ خەت سىيا بىلەن يېزىلدى.

(3) "كەبى"—بۇ، ئۇزى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىمغا ئىككىنچى بىر شەيئىنى ياكى شۇ شەيئىنىڭ ھەركىتىنى ئوخشىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

كەلدى كوكلەم تال-چىۋىقنى ئويىنىتىپ جەۋلان بىلەن،
تولدى جۇڭگو ئالتە يى ياۋ، شۇن كەبى پالۋان بىلەن.
—ماۋ زېدۇڭ.

ئىلىم-پەننى دىلىمنىڭ تورىدە يانغان چىراق دەيمەن،
نۇرىغا تەشنا پەرۋانە كەبى چەكسەم پىراق دەيمەن.
—ئا. سۇلايىمان.

(4) "توغرىلىق، توغرىسىدا، ھەققىدە، ھەقتە"—بۇلار، ئۇزى ياندىشىپ كەلگەن سوزنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ئىش-ھەركەت بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئۈگىنىش توغرىلىق يىغىن ئېچىلدى.



نۇۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىلدى.

ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش ھەققىدە پىكىر بەردۇق.

بۇ ھەقتە ئۇز پىكرىمىزنى بېرىپ كېلىۋاتىمىز.

2. بېرىش كېلىشتىكى سوزگە ياندىشىپ كېلىدىغانلار

(1) "قارشى، قارىتا"—بۇلار، ئۇزى ياندىشىپ كەلگەن سوزنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ئىش-ھەركەتنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتا قەتئى بولۇش كېرەك.

دەرسىمىزگە قارىتا پىكىر ئېلىندى.

(2) "دائىر، ئائىت"—بۇلار، ئۇزى ياندىشىپ كەلگەن سوزنىڭ ئىككىنچى بىر شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۈگىنىشكە دائىر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز.

مەن تىلغا ئائىت كىتابلارنى ئېلىپ كەلدىم.

3. چىقىش كېلىشتىكى سوزگە ياندىشىپ كېلىدىغانلار

(1) "كورە"—بۇ، ئۇزى ياندىشىپ كەلگەن سوزنىڭ ئىككىنچى بىر ئىش-ھەركەتكە سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىكار ئولتۇرغاندىن كورە، ئىشلىگەن ياخشى.

قەزت ئوينىغاندىن كورە، توپ ئوينىغان تۈزۈك.

يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتۇلگەن سوز ئارقا ياردەمچىلىرىدىن باشقا، لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان "نىسبەتەن، باشقا، قارىغاندا، ئىبارەت، قەدەر، ئاساسەن، ئوخشاش، كېيىن، قەتئىي نەزەر" دېگەنگە ئوخشاش باشقا سوز تۈركۈملىرىگە خاس سوزلەرمۇ بەزىدە سوز

ئارقا ياردەمچىلىرى رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۇ يەرگە كېيىن بارىمىز. (رەۋىش)

مەن بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىمەن. (ياردەمچى)

قانداق كىشى ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، كىم كۆرسىتىپ بەرسە بولۇۋېرىدۇ. (ياردەمچى)

بىز سىزنىڭ پىكرىڭىزگە ئاساسەن يىغىن ئاچتۇق. (ياردەمچى)

يولداشلار پىكرىڭىزگە ئاساسەن قوشۇلدى. (رەۋىش)

مەنمۇ ساڭا ئوخشاش تىرىشىپ ئۆگىنىمەن. (ياردەمچى)

بۇ ماتېرىيال پاكولتېتلارغا قەدەر يەتكۈزۈلدى. (ياردەمچى)

مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇلاردىن ئىبارەت. (ياردەمچى)

## 2. باغلىغۇچىلار

جۈملە بىلەن جۈملىنى ياكى جۈملىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئۆتەيدىغان خىزمىتى جەھەتتىن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزلەرنى ئۆزئارا بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلايدۇ، باغلىغۇچىلار بولسا سۆز-جۈملىلەرنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلايدۇ.

تىلىمىزدىكى باغلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار، قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار، كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار، سەۋەب باغلىغۇچىلىرى، شەرت باغلىغۇچىلىرى ۋە ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار دەپ 6 تۈرگە بولۇنىدۇ.

1. بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار

تىلىمىزدىكى "ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن، يەنە" دېگەنگە ئوخشاش



باغلىغۇچىلار بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار بولۇپ، بۇلار ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش بۆلەكلەر ياكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر-بىرىگە تەڭ دەرىجىدە باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ باتۇر ھەم زېرەك بالا ئىدى.

ئۇلار سوقا، ئورۇق چېچىش ماشىنىسى ھەم باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋالدى ھەمدە كونىلىرىنى رېمونت قىلدى، يەنە يېڭىدىن سۇ ئامبىرى ياسىدى.

2. قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار

تىلىمىزدىكى "ئەمما، بىراق، لېكىن" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىلار بولۇپ، بۇلار جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى (تەڭداش خەۋەرلەرنى)، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويۇپ باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىشى ئاخىر ئۆلىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

بىزنىڭ بىر كۈنمۇ ئۇرۇشقىمىز يوق، ئەمما ۋەزىيەت بىزنى ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدىكەن، بىز ئاخىرغىچە ئۇرۇشالايمىز.

ئاي يورىتىدۇ، بىراق ئىسسىتالمايدۇ.

ئۇ دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، لېكىن يېزىۋالمىدى.

ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ.

3. كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار

تىلىمىزدىكى "بەلكى، ھەتتا، ھەتتاكى" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرى قوشۇل-

www.uyghurkitap.com

غان سۆز ياكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

مەسىلىگە يىراقنى كۆزدە تۇتۇش نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ھەقىقى قۇدرەتلىك كۈچ ئەكسىيەتچىلەردە ئەمەس، بەلكى خەلقتە.

جەڭچىلەر ئوما ئۇرۇش بىلەنلا قالماي، ھەتتا باشقىلار ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى.

بىز يالغۇز كىتاپ ئوقۇشىلا كوڭۇل بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشكىمۇ كوڭۇل بولۇشىمىز كېرەك.

كوڭۈل ئاچاي دېگەن كىشىلەرگە بۇ جاينىڭ ھەتتا تىكەنلىرىدىنمۇ يېقىملىق گۈل پۇرىغى كېلىدۇ. (گۇمنام)

4. سەۋەپ باغلىغۇچىلىرى

تىلىمىزدىكى "شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈنكى" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار سەۋەپ باغلىغۇچىلىرى بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز ياكى جۈملىلەرنىڭ باشقا سۆز ياكى جۈملىدە ئىپادە قىلىنغان ئىش-ھەركەتنىڭ سەۋىۋى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىۋىمىزدە سىياسى-ئىدىيىۋى خىزمەت چىڭ تۇتۇلدى، شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىز تېز بولدى.

بىز ھېچقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز، چۈنكى بىز جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىغا ئىگە.

يالقۇن كەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ بارمىدىم.

بىز جەزمەن غەلىبە قىلىمىز، چۈنكى ھەقىقەت بىزنىڭ قولىمىزدا.

5. شەرت باغلىغۇچىلىرى

تىلىمىزدىكى "ئەگەر، گەرچە، مۇبادا" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار شەرت باغلىغۇچىلىرى بولۇپ، بۇلار بېقىندىلىق قوشما جۈملە



تەركىۋىدىكى شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى باش جۈملىگە باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

گەرچە بىز ھەر يەر-ھەر يەردىن كەلگەن بولساقمۇ، ئورتاق نىشانغا ئىگىمىز.

مۇبادا يىغىن ئېچىلماي قالسا، دەرسكە قاتنىشارسىز.

ئەگەر سەن مۇۋاپىق كۆرسەڭ، مەن بىللە باراي.

6. ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار

تىلىمىزدىكى "يا، ياكى، نە، خا" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار بولۇپ، بۇلار جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى ۋە قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى بىر بىرىگە باغلاپ، ئىككى خىل ئىش-ھەركەت ياكى نەرسىدىن بىرىنىڭ بولۇش ئېھتىمالىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ چاغدا مەن نە ئوقۇش، نە يېزىشنى بىلمەيتتىم.

ئۇلار يا بۈگۈن، يا ئەتە يولغا چىقىدۇ.

خا ئۇ كەلسۇن، خا مەن باراي، بەرىبىر ئوخشاش.

ئۇ ياكى دەپتىرىنى، ياكى قەلىمىنى ئالماي كەپتۇ.

يۇقۇرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن باغلىغۇچىلاردىن باشقا، تىلىمىزدا يەنە "كى، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى، تۇيۇقسىزدىن، يۈزىسىدىن، شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭدەك، گويا، خۇددى، سەۋۋىدىن" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلارمۇ بار. بۇلارمۇ قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ھەر خىل ئاددى جۈملىلەرنى بىر بىرىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## 3. ئۈندەشلەر

مۇستەقىل سۆز ياكى جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا

قوشۇمچە مەنە قوشىدىغان ياردەمچى سوزلەر ئۇلانمىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇلانمىلار جۇملىدە ئايرىم سوز ياكى پۇتۇن جۇملىگە سوراق، تەستىقلاش، ئاجرىتىش، تەكىتلەش، يېلىنىش، ئېنىقلاشقا ئوخشاش قوشۇمچە مەنىلەرنى قوشىدۇ. مەسلەن:

ئەمەلدارلارنىڭ ئوت قويۇشىغا رۇخسەتىيۇ، پۇقرالارنىڭ چىراق يېقىشىغا رۇخسەت يوقمۇ؟

ئېيتىڭلارچۇ، بىز قاچان سىلەردىن ئارقىدا قالدۇق؟

بۇنى ئوقۇتقۇچىمىز ئاللىقاچان دەپ بەرگەن ئىدىغۇ.

بۇ مىساللاردىكى "مۇ، ئۇ، چۇ، غۇ، يۇ" قاتارلىق ئۇلانمىلار ئوزى ئۇلىنىپ كەلگەن سوز ياكى جۇملىلەرگە سوراق، تەكىتلەش، ئوتۇنۇش قاتارلىق مەنىلەرنى قوشقان.

ئۇلانمىلارمۇ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇلار يۇقۇرىدا بىز سوزلەپ ئوتكەن ياردەمچى سوزلەردىن ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىگى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

(1) ئۇلانمىلار سوز ئارقا ياردەمچىلىرىگە ئوخشاش، ئوزى ئۇلىنىپ كېلىدىغان سوزنىڭ مەلۇم شەكلىدە كېلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.

(2) ئۇلانمىلار قوشۇمچىلارغا ئوخشاشتەك كورۇنىسىمۇ، لېكىن ئۇلار سوز ياسىغۇچى مەنىلىك بولەك ئەمەس. ئۇلار سوز تۇركۇمى تاللىماي، سوز تۇركۇملىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئۇلىنىۋېرىدۇ.

(3) ئۇلانمىلار ئوزىنىڭ جۇملىدە ئوينايدىغان رولى جەھەتتىن باغلىغۇچىلاردىنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. باغلىغۇچىلار سوز بىلەن سوزنى، جۇملە بىلەن جۇملىنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇلانمىلار بولسا سوز ياكى جۇملىگە قوشۇمچە مەنە قوشۇش رولىنى ئوينايدۇ.



ئۇلانمىلار ئوزى ئۇلىنىپ كەلگەن سوز ياكى جۇملىلەرگە قوشىدىغان مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۇرگە بولۇنىدۇ:

1. سوراق مەنىسىنى بىلدۇرىدىغان ئۇلانمىلار

تىلىمىزدىكى "ما، مۇ، چۇ (مى، م)" دېگەنگە ئوخشاش ئۇلانمىلارنىڭ "ما، مۇ" تۇرى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن سوزلەرنىڭ ئاخىرىغا ياكى قوشما خەۋەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۇلارغا سوراق مەنىسىنى قوشىدۇ. "چۇ" ئۇلانمىسى ئىسىم ياكى ئالماشلارغا ئۇلىنىپ كېلىپ سوراق مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. مەسلەن:

ئۇلار كەلدىمۇ؟ (ئۇلار كەلدىما؟)

ئۇ ئويدە بارمىكەن؟

سىز بۇگۇن بارامسىز؟

ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

سىزغۇ كەپسىز، دىلبەرچۇ؟

مەن ئوقۇشقا بارماقچىمەن، سىزچۇ؟

2. تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۇرىدىغان ئۇلانمىلار

تىلىمىزدىكى "غۇ، قۇ، لا" دېگەنگە ئوخشاش ئۇلانمىلار ئوزى ئۇلانغان سوز ياكى جۇملىگە تەكىتلەش ۋە كۇچەيتىش مەنىسىنى قوشىدۇ. مەسلەن:

تۇنۇگۇنكى يىغىنغا سىزمۇ قاتناشتىڭىزغۇ.

ھەسەنغۇ بارماپتۇ، سەن نېمىشقا بارمىدىڭ.

سەن بىرىپلا خەت يازغىن، مەنلا يېزىۋەرمەي.

3. تەنە، تەكىتلەش ۋە نارازىلىق مەنىلىرىنى بىلدۇرىدىغان ئۇلانمىلار

تىلىمىزدىكى "زە، يۇ، ئۇ" قاتارلىق ئۇلانمىلار ئوزى ئۇلىنىپ كەلگەن سوز ياكى جۇملىلەرگە تەنە قىلىش، تەكىتلەش ۋە نارازىلىق

مەنىلىرىنى قوشىدۇ. مەسىلەن:

سەنزە مېنىڭ سوزۇمنى چۈشەنمەيسەن.

سىلەر بارسىلەر، مەنزە قالىمەن.

ئۇ بىلىدۇيۇ، سىز نېمىشقا بىلمەيسىز؟

4. ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانمىلار

تىلىمىزدىكى "ئا، ئە، چۇ" دېگەن ئۇلانمىلار جۈملىدە پېئىللار-نىڭ (تولاراق بۇيرۇق پېئىللارنىڭ) ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ ئۆتۈ-نۈش، يېلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىتاۋىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرۇڭا!

ھېلىقى ھېكايىنى يەنە بىر سوزلەپ بەرگىنە.

قەلىمىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرسىڭىزچۇ.

5. ئەجەبلىنىش ۋە تاسادىپىلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانمىلار

تىلىمىزدىكى "دە، تە، ھە" دېگەنگە ئوخشاش ئۇلانمىلار ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سوز ۋە جۈملىلەرگە ئەجەبلىنىش، تېزلىك ۋە تاسا-دىپىلىق مەنىلىرىنى قوشىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بەكمۇ ئېغىر-بېسىق ئادەم ئىكەن-دە!

ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، تالاغا چىقىپ كەتتى.

بۇ يىل ئاشلىق تازىمۇ ئوخشاپتۇ-ھە!

ئۇلارنىڭ غەيرىتى نېمە دېگەن ئۇستۇن-ھە!

6. كۈچەيتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانمىلار

تىلىمىزدىكى "كى، مۇ" ئۇلانمىلىرى ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سوز ياكى جۈملىگە كۈچەيتىش مەنىسىنى قوشىدۇ. "كى" ئۇلانمىسى جۈملە بىلەن جۈملىنى بىر بىرىگە باغلاش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇلارمۇ كەلدى، بىز ئىشنى باشلىۋەتتۇق.



بۇ يىل ئالمىلار شۇنداق بولدىكى، شاخلىرىنى كوتىرەلمەي قالدى.

7. گۇمان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانما

تىلىمىزدىكى "دۇ" ئۇلانمىسى ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتكە قارىتا گۇمان مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۇ چاققىچە بارغاندۇ؟

بۇ خەتنى كىم يازغاندۇ؟

ئۇلار بۈگۈن كەلگەندۇ؟

كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلانمىلارنى تېپىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق مەنە ئاڭلاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سىلەرنىڭ دۆيدە كۆزلۈك يىغىم باشلاندىمۇ؟

بۈگۈن تەنتەربىيە يىغىنى ئېچىلامدۇ؟

بىز ئەتە سۇغا چۆمۈلگىلى بارىمىز، سەنچۇ؟

پاھ، چوڭ بولۇپ قاپسەن-ھە!

ئۇ كەلدى-دە، چاپىنىنى يېشىۋېتىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

سەنزە بىزنىڭ پىكرىمىزگە قۇلاق سالماپسەن.

ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق كۈلدىكى، زالنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى.

بىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، يېزىغا بارىمىز.

# ئون بىرىنچى باپ    ئۈندەش سوز

## §1 ئۈندەش سوز ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

ئۈندەش سوزلەر لىكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق رولى جەھەتتىن مۇستەقىل سوزلەرگىمۇ، ياردەمچى سوزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان سوز تۈركۈمىدۇر.

ئۈندەش سوزلەر بىزگە بىرەر شەيئى ياكى ئۇنىڭ سانى، سۈپىتى، ھەركىتى ۋە ھالىتى توغرىسىدا ھىچقانداق چۈشەنچە بەرمەيدۇ. ئۈندەش سوزلەر كىشلەرنىڭ ھىس-تۇيغۇسىغا، خاھىشىغا، بۇيرۇغىغا باغلىق ھالدا ھاسىل بولغان ئاۋازلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كىشلەرنىڭ ئىچكى ھىس-تۇيغۇسىنى گەۋدىلەندۇرۇش، ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، ئۈركۈتۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىخ، مىنىڭ مىھرىۋان، غەمگۇزار ئانام.
پاھ! بۇ ئىتىزلارنىڭ كەڭلىگىنى!
ئۇھ، بىردەم ئولتۇرۇۋالاي.
ۋاي-ۋۇي، سىنىڭ گىپىڭ نىمە دىگەن تولا.
ھوي، سەن بۇ يەرگە قاچان كىلىپ قالدىڭ؟!

دىمەك، ئادەمنىڭ ھىس-تۇيغۇسى ۋە خاھىش-بۇيرۇغىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەر ئۈندەش سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈندەش سوزلەرمۇ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇ



خۇسۇسىيەتلەر توۋەندىكى جەھەتلەردە كورۇلىدۇ:

(1) ئۈندەش سوزلەر جۈملىدىكى سوزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ، جۈملىدە ئايرىم ئىنتونatsiيە بىلەن ئىيتىلىدۇ ۋە جۈملىنىڭ بىرەر بولىگى بولالمايدۇ.

(2) ئۈندەش سوزلەر بىر پۈتۈن جۈملىگە مەنە جەھەتتىن تۇس بىرىدۇ، ئۇنىڭ بىرىدىغان مەنىسى كونكىرىت جۈملىدە بىلىنىدۇ.

(3) ئۈندەش سوزلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەنىسى كىشىلەرنىڭ ھىس-تۇيغۇسىنىڭ تۈرلۈك بولۇشى ۋە ئوزگىرىشچان بولۇشىغا قاراپ ئوزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇنداق ئۈندەش سوزلەرنىڭ مەنىسى يىزىقتا جۈملىنىڭ شەكلى، نۇتۇقتا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي-ۋۇي، سىنىڭ بۇ گىپىڭ ئەجەپ تۈگىمىدى. (زىرىكىش)
ۋاي-ۋۇي! نىمە دىگەن مەنزىرىلىك جاي بۇ! (زوقلىنىش)
ئىخ، قايغۇلۇق ئوتمۈش! (قايغۇ)
ئىخ جۇڭگو! ئىقبالى پارلاق ۋەتىنىم! (زوقلىنىش)

(4) ئۈندەش سوزلەر گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىگە ئىگە بولمىغان سوز تۈركۈمى بولۇپ، ئۇلار جۈملىدە تۈرلەنمەي كىلىدۇ.

## §2 ئۈندەش سوزنىڭ تۈرلىرى

ئۈندەش سوزلەر ئوزلىرىنىڭ ئۇقتۇرىدىغان مەنىسىگە قاراپ، ھىس-ھاياجان ئۈندەشلىرى، قاراتما ئۈندەشلەر ۋە بۇيرۇق ئۈندەشلەر دەپ 3 تۈرگە بولۇنىدۇ.

### 1. ھىس-ھاياجان ئۈندەشلىرى

ئادەمنىڭ ئىچكى ھىس-تۇيغۇلىرىنى بىلدۇرىدىغان ئۈندەش

www.uyghurkitap.com

سوزلەر ھىس ـ ھاياجان ئۈندەشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھىس ـ ھاياجان ئۈندەشلىرى كىشىلەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئىچكى ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى يەنى خوشاللىق، خاپىلىق، زوقلىنىش، قايغۇ ـ ھەسرەت، قورقۇش، ئەجەپلىنىش، نارازىلىق، قارشىلىق، غەزەپ ـ نەپرەت، دەرت ـ ئەلەم، ئارزۇ ـ ئارمان، مەنسىتمەسلىك، ھېرىش ـ چارچاش، زېرىكىش، پۇشايمان قاتارلىق ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئېخ! بىز نىمە دېگەن بەختلىك! (خوشاللىق)
ئىسىت، سېنىمۇ ئادەم دەپ يۈرۈپتىمەن! (خاپا بولۇش)
ئېخ! سويۇملۇك ۋەتىنىم! (سويۇنۇش)
پاھ ـ پاھ! بۇ ئوماق باللارنىڭ ئوينىشىنى قاراڭلار! (زوقلىنىش)
ئاھ، قانداق قىلارمەن بۇ دەردىمنى! (قايغۇ ـ ھەسرەت)
ۋايجان! بۇ نىمە ۋەقە! (قورقۇش)
ۋاي ـ ۋۇي! بۇ قۇشلارنى قارا!! (ئەجەپلىنىش)
ھە، نىمە دىمەكچى، مەن يۇۋاشمىكەنمەن! (قارشىلىق)
ھە ماقۇل، ئارقىڭىزدىن باراي. (قوشۇلۇش)
ھەي، سېنىڭ ئادەم بولغىنىڭغا لەنەت! (نەپرەت)
ھەتتىگىنەي، بېيجىڭنى بىر كورۇۋالسام ئىدىم. (ئارزۇ)
ۋاي ـ ۋۇي، مەن بىلمەيدىغاندەك! (مەنسىتمەسلىك)
ئۇھ، بەكمۇ چارچاپ كەتتىم. (ھېرىش)
ئىسىت، ساڭا قىلغان ياردەملىرىم! (پۇشايمان)

## 2. قاراتما ئۈندەشلەر

ئادەمنىڭ تەلەپ ـ خاھىشىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سوزلەر



قاراتما ئۈندەشلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

قاراتما ئۈندەشلەر سوزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي ـ پىكىرگە يانداش ئېيتىلغان تەلۋى، خاھىشى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەي جانجان ۋەتىنىم!
ھەي ئۇكام، توختاپ تۇرۇڭ.
بەللى دوستۇم، چوڭ غەيرەت قىلىپسەن!
مە، مانى ئالغاچ كەت.

## 3. بۇيرۇق ئۈندەشلىرى

ئادەمنىڭ ھايۋاناتلارغا قارىتا تۇرلۇك خىتاپلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سوزلەر بۇيرۇق ئۈندەشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق ئۈندەشلىرى كىشىلەرنىڭ ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارغا قارىتا تۇرلۇك خىتاپلىرىنى، يەنى ئۇلارنى قىچقىرىش، ھەيدەش، توختىتىش قاتارلىق خاھىشلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەھ ـ مەھ (ئىتنى چاقىرىش)، تۇ ـ تۇ ـ تۇ (توخۇنى چاقىرىش)، مە ـ مە (قوينى ياكى كالىنى چاقىرىش)، چاغ (ئىتنى ھەيدەش)، كۇش ـ كۇش (قوينى ھەيدەش)، چۇھ (ئات ـ كالىنى ھەيدەش)، خىت ـ خىت (ئېشەكنى ھەيدەش)، پىش ـ پىش (مۇشۇكنى چاقىرىش)، پىشەھ (مۇشۇكنى ھەيدەش)، تىر... (ئات ـ ئېشەكنى توختىتىش) دىگەنگە ئوخشاش.

ئۈندەش سوزلەرمۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن تۈپ، ياسالما ۋە قوشما شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن:

"ھاي، ھەي، ۋاي، پاھ، ئېخ، ئاھ، ئۇھ" دىگەنگە ئوخشاش ئۈن ـ

دەشلەر تۇپ ئۇندەشلەر بولۇپ ھساپلىندۇ؛

"پاھ-پاھ، ۋاي-ۋۇي، تۇ-تۇ، پىش-پىش، مەھ-مەھ" دىگەنگە ئوخشاش ئۇندەشلەر قوشما ئۇندەشلەر بولۇپ ھساپلىندۇ؛

"ھەتتىگىنەي، ۋايجان، بارىكاللا" دىگەنگە ئوخشاش ئۇندەشلەر ياسالما ئۇندەشلەر بولۇپ ھساپلىندۇ.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىملىق سوزلەر بىلەن ئۇندەش سوزلەرنى ئايرىپ بىرىڭلار.

پاھ-پاھ! بۇ ئوماق باللارنىڭ گىمناستىكا ئوينىشىغا قاراڭلار!

ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار توختىدى، پەقەت ئاندا-ساندا پىسىڭ-پىسىڭ گەپلەر بولۇپ تۇراتتى.

سىرتتا شامالنىڭ گۇر-گۇر قىلغان ئاۋازلىرى ۋە ئىشىك-دەرىزىلەرنىڭ تاراق-تۇرۇق قىلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھوي، سىز قاچان كىلىپ قالدىڭىز؟

ئاھ جىنىم دوستۇم! سەنمۇ كەلسەڭ، مۇشۇ كەڭ زىمىننى گۇللەندۇرۇشكە بىرلىكتە ھەسسە قوشساق، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!

قاتتىق بوران چىقىپ، دەرەخلەر قاراس-قۇرۇس قىلىپ سۇنۇشقا باشلىدى.

ھاي، توختا!

ۋاي، ئاۋۇ تەرەپتىن بىركىم كىلىۋاتامدۇ-نىمە؟

ھاي باللار، تاقۇر-تۇقۇر قىلماڭلار!



# ئون ئىككىنچى باپ مودال سوزلەر توغرىسىدا

## §1 مودال سوزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تىلىمىزدا "بار، يوق، كىرەك، لازىم، ياق، شەرت، ئىھتىمال، مۇمكىن، ئەمەس، ھەقىقەتەن، ئەلۋەتتە" دىگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سوزلەر بار. بۇ خىل سوزلەر تىلىمىزدا دائىم قوللىنىلىپ كىلىۋاتقان بولسىمۇ، لىكىن ئۇلارنىڭ قايسى سوز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھازىرغىچە قارارلاشمىدى. تۈركى تىللار سىستىمىسىدىكى بەزى تىللاردا بۇ خىل سوزلەر مودال سوزلەر دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

"مودال" دىگەن سوز ئەسلىدە لاتىنچە سوز بولۇپ، گىرىكلەرنىڭ "modis" دىگەن سوزىدىن ئېلىنغان. بۇ، ئولچەش، ئۇسۇل دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مودال سوزلەر مۇستەقىل بىر سوز تۈركۈمى ھساپلانمىغاچقا ۋە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، ھازىر مودال سوزلەر گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. مودال سوزلەر ئۇقتۇرىدىغان مەنىسى ۋە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتتىن مۇستەقىل سوزلەر بىلەن ئۇلانمىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. مودال سوزلەر لىكسىكىلىق مەنىگە ۋە تۇراقلىق تاۋۇش تەركىۋىگە ئىگە. بۇ جەھەتتىن ئۇلار مۇستەقىل سوزلەرگە يېقىنراق كىلىدۇ. ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار ئۇلانمىلارغا يېقىنراق كىلىدۇ. مودال سوزلەر سوزگە ياكى

جۇملىگە مەنە جەھەتتىن مەلۇم تۈس بېرىدۇ. بۇنداق تۈس سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئوي-پىكىرنى بايان قىلىشتىكى بەلگىلىك پوزىتسىيىسىنى ئۇقتۇرىدۇ.

دېمەك، جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان سۆزلەر گۇرۇپپىسى مودال سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرەر سۆزنىڭ مودال سۆز بولالىشىدا، ئۇ سۆزنىڭ جۈملىدە ئاڭلىتىدىغان مەنىسى، ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ۋە شەكلى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مودال سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئوي-پىكىرنىڭ چىنلىغىنى ئىپادىلەپ كەلسە، بەزىلىرى ئوي-پىكىرنىڭ ئېنىقلىغى ياكى ئېنىقسىزلىغىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ، بەزىلىرى ئوي-پىكىرنىڭ قەتئىيلىگىنى ئىپادىلەپ كەلسە، بەزىلىرى ئىقرار ياكى ئىنكارنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مودال سۆزلەرنىڭ تولىسى جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى ياكى خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، بەزىلىرى جۈملىدە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. مودال سۆزلەر شەكىل جەھەتتە تۇراقلىقراق بولىدۇ.

## §2 مودال سۆزلەرنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مودال سۆزلەر ئۇلارنىڭ جۈملىدە ئاڭلىتىدىغان مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ”ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن، دەرۋەقە“ دېگەنگە ئوخشاش مودال سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئوي-پىكىرنىڭ ئېنىقلىغى، راستلىغى، رېئاللىغى قەيت قىلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ شۈبھىسىزلىگى كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىمىز، ئەلۋەتتە.



ھەقىقەتەن، سىلەر ياخشى ئۆگىنىۋاتىسىلەر.

(2) ”ئېھتىمال، مۇمكىن“ دېگەنگە ئوخشاش مودال سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئوي-پىكىرنىڭ ئېنىقسىزلىغى، ياكى گۇمان، مۆلچەر مەنىلىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئېھتىمال، ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالار.

ئەتە يامغۇر يېغىپ قېلىشى مۇمكىن.

(3) ”كېرەك، لازىم، زۆرۈر، شەرت“ دېگەنگە ئوخشاش مودال سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش-ئورۇندالماسلىغىغا بولغان قەتئىيلىك ياكى زۆرۈرىيەت ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز تىرىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم.

تىلنى ئۆگىنىش ھەممەيلەن ئۈچۈن زۆرۈر.

(4) ”بار، يوق، ئەمەس، ياق“ دېگەنگە ئوخشاش مودال سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، مەلۇم شەيئى ياكى ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئىقرار (بارلىق) ياكى ئىنكار (يوقلۇق) مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىمىزدە بىر مىليارت كىشى بار.

بىزدە ئېزىش-ئېزىلىش يوق.

يالغانچىلار ئوبدان ئادەملەر ئەمەس.

تىلىمىزدىكى مودال سۆزلەر جۈملىدە تۈرلۈك ۋەزىپىدە كېلىدۇ.

(1) بەزى مودال سۆزلەر ئادەتتە جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن گىرامماتىكىلىق ئالاقىدە بولماي، قىستۇرما سۆز ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. پىكىرنىڭ ئېنىقلىغىنى ئىپادىلىگۈچى مودال سۆزلەر كۆپىنچە ئاشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

ھەقىقەتەن، مەھمۇت قەشقەرى ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن.
بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

(2) بەزى مودال سۆزلەر جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ دەپتىرى بار، مېنىڭ دەپتىرىم يوق.
ئۆيدە دادام بار، ئاپام يوق.
مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇم بار.
ئەمگەك بىلەن چىنىقىش بەك زۆرۈر.

(3) بەزى مودال سۆزلەر جۈملىدە ئىسىمغا باغلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ بۇ يەردە زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى.
يوق گەپنى قويۇپ، بار گەپنى قىلايلى.

(4) بەزى مودال سۆزلەر جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا كېلىپ ھەم ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىپ، شۇ ئىسىم ئۆتىگەن ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

بارنى بارچە، يوقنى يوقچە ئىشلىتەيلى.
بارنى ئىشلىتەيلى، يوققا نەگە بارىمىز.
بار بارى بىلەن، يوق ھالى بىلەن. (ماقال)
بار نىمىنى دىگۈزمەيدۇ، يوق نىمىنى يىگۈزمەيدۇ؟ (ماقال)
بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن، يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن. (ماقال)

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا، مودال سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بارلىق، يوقلۇق، كېرەكلىك، كېرەكسىز، لازىملىق، مۇمكىنچە-



لىك، شەرتلىك، شەرتسىز، بارچە، يوقچە، يوقال، يوقات، يوقسۇل، بارغۇم بار، كەلگۈم يوق، بارلىق ئوخشىتار، يوقلۇق قاخشىتار؛ يوقسىزلىق تاشتىن قاتتىق؛ كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق؛ بىلىملىك كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ دىگەنگە ئوخشاش.

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن مودال سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق ياكى سۆز قوشۇش ئارقىلىق ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، پېئىل، قوشما پېئىل، رەۋىش قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرنى ياساشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىنتاكسىس

## بىرىنچى باپ سىنتاكسىس ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

سىنتاكسىس گىراماتىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ، جۈملە تۈزۈلۈشىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ توپلىمىدۇر.

سىنتاكسىس جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش-بىرىكىش ئۇسۇللىرى، جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلۇش پرىنسىپلىرى، جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش قانۇنىيەتلىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ھەم تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. سىنتاكسىس جۈملە تۈزۈلۈشىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىزنىڭ ئانا تىلىمىزدا ۋە يېزىق تىلىمىزدا ئوي-پىكىرلىرىمىزنى توغرا ۋە ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "گىراماتىكا (مورفولوگىيە، سىنتاكسىس) سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ توپلىمى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، دەل گىراماتىكا بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا، تىل كىشىنىڭ پىكرىگە ماددىي تىل شەكلىنى بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ."



سىنتاكسىس تىل ئىلمىنىڭ لېكسىكا ۋە مورفولوگىيە قىسىملىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى سۆز ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى سىنتاكسىسنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتى بولغان جۈملىنىڭ ئاساسىدۇر. دېمەك، سىنتاكسىسلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تىلنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك قائىدە-قانۇنىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش كېرەك. بۇنىڭغا ئېتىۋار بېرىلمەيدىكەن، سىنتاكسىسلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى ئوبدان ئىگىلەش مۇمكىن ئەمەس.

سىنتاكسىسنىڭ ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى جۈملە ئىكەن، ئۇنداق بولسا، جۈملە دەپ نېمىگە ئېيتىمىز؟

### §1 جۈملە

تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى (تەبىر، ھۆكۈم، يەكۈن قاتارلىق لوگىكىلىق پىكىر شەكىللىرىنى) بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا يەككە-يەككە ئۇقۇملا ئىپادىلەيدۇ، سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا مۇرەككەپ بىر چۈشەنچىنىلا ئىپادىلەيدۇ، تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىيالمايدۇ. جۈملە بولسا، مەيلى ئۇ بىرلا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولسۇن ياكى بىرقانچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولسۇن، تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ، مۇكەممەل بىر مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ، بەلگىلىك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. دېمەك، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن، تولۇق بىر مەنىنى ئىپادىلەپ تۇرى-

دىغان تىل بىرلىگى جۈملە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسلەن:

ياللانما ئەمگەك، پۈرولېتارىيات ئەمگەكى پۈرولېتارلارغا مۇلۇك يارىتىپ بېرەمدۇ؟ ياق.

كېچە، ئاسماندا ئاي، ئىككىمىز تۈپ-تۈز يولدا كېتىۋاتىمىز.

باھار، گۈڭشې ئەزالىرى قىزغىن ئىشلىمەكتە ئىدى.

مانا بۇ مىساللاردىكى "ياق، كېچە، باھار"دىگەن سوزلەرنىمۇ جۈملە ھىساپلاش مۇمكىن، چۈنكى بۇ سوزلەرمۇ يېنىدىكى جۈملىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تولۇق ئاياقلاشقان مەلۇم ئوي-پىكىرنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ.

بىرلا سوزدىن تۈزۈلگەن ياكى بىرنەچچە سوز ۋە سوز بىرىكمىسى-دىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر تولۇق ئاياقلاشقان ئاددى بىر ئوي-پىكىرنى ئاڭلاتسا، بىرنەچچە جۈملىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەر مۇرەككەپ ئوي-پىكىرنى ئاڭلىتىدۇ. جۈملە بىر سوزدىن تۈزۈلگەن بولسۇن ياكى بىرنەچچە سوز ۋە بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولسۇن ۋە ياكى بىرنەچچە جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسۇن، ئاھاڭ جەھەتتىن بىر بىرىگە ماسلىشىپ، يېنىدىكى جۈملىدىن تىنىش ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرۇش بىلەن بىللە، مەنە ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە بىر بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ.

## §2 جۈملىنىڭ مەنىسىگە قاراپ بولۇنۇشى

بىز ئوزىمىزنىڭ پىكىر، مەقسەت، چۈشەنچە ۋە كوزقاراشلىرىمىزنى تۈرلۈك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ھەر خىل جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. مەسلەن:

ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئاسماندىن



چۈشەمدۇ؟ ياق، ئوزىنىڭ مىڭىسىدە ئەسلىدىن بارمۇ؟ ياق. ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائى ئەمىلىيەتتىن كېلىدۇ.

ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىغى!

ئېخ ۋەتىنىم، سەن نىمە دىگەن گۈزەل، نىمە دىگەن باي، نىمە دىگەن قۇدرەتلىك!

يولداش لېي فېڭدىن ئۈگىنىڭلار!

پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار!

مانا بۇ جۈملىلەر بىزنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ھەر خىل كوزقاراش ۋە پوزىتسىيىلىرىمىزنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. دىمەك، بۇنىڭدىن سوزلىگۈچىنىڭ ئوزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى تۈرلۈك كوز-قاراش ۋە تۈرلۈك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئىپادىلەيدىغانلىغى جۈملىنىڭ ھەر خىل تەرىزدە كېلىشىنى بەلگىلەيدىغانلىغىنى كورگىلى بولىدۇ. مانا شۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن، تىلىمىزدىكى جۈملە شەكىللىرىنى بايان جۈملە، سوراق جۈملە، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملە دەپ 4 تۈرگە بولۇش مۇمكىن.

### 1. بايان جۈملە

بىرەر شەيئى ياكى ئىش-ھەركەت ھەققىدىكى ئوي-پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بايان جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئاساسەن، شۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن سوزنىڭ بايان تەرىقىسىدە ئېيتىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. بايان جۈملە ئىنتوناتسىيە جەھەتتە بىر خىل ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا تاۋۇش پەسىيىپ چۈشىدۇ. بايان جۈملىلەر ئېغىزدا

www.uyghurkitap.com

تىنىش ئارقىلىق، يېزىقتا پەش ياكى چېكىت ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

خەلقنى بىز تەشكىللەيمىز. جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى بىز خەلقنى تەشكىللەش بىلەن يوقىتىمىز. ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل نەرسە، يوقاتمىساڭ، يوقالمايدۇ. بۇمۇ يەر سۈپۈرگەنگە ئوخشاش، سۈپۈرگە تەگمىگىچە، ئەخلەت ھامان ئۆزى چىقىپ كەتمەيدۇ. (ماۋزېدۇڭ)

بايان جۈملە تەركىۋىدىكى بەزى سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمە-لىرىنىڭ ئېيتىلىش ئاھاڭى ھەممە ۋاقىت ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ، بولۇپمۇ بايان جۈملە تەركىۋىدىكى ئىگە ياكى تولدۇرغۇچىنىڭ ئەت-راپىدىكى سۆزلەر قانچە كوپ بولسا، ئۇنداق ئىگە ياكى تولدۇر-غۇچى ئاھاڭ جەھەتتىن شۇنچە كوپ ئۆزگىرىش ياساپ، كوترەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

زور غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان جۇڭگو خەلقى ئاجايىپ موجىزىلەرنى ياراتماقتا.

دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز ھىمايە قىلىشىمىز لازىم؛ دۈشمەن ھىمايە قىلغانلىكى نەرسىگە بىز قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. (ماۋزېدۇڭ)

بايان جۈملىلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) بايان جۈملىلەر ئېغىزدا خەۋەر ئىنتوناتسىيىسىدە ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا پەش (،) ياكى چېكىت (.) قاتارلىق بەلگىلەر قويۇلىدۇ.

(2) بايان جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا بايان قىلماقچى بولغان ئوي-پىكىرلىرىنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

(3) بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئاساسەن پېئىللارنىڭ خەۋەر



رايىدىن تەركىپ تاپىدۇ، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىۋىمۇ ئادەتتىكىچە بولىدۇ.

## 2. سوراق جۈملە

مەلۇم شەيئى ياكى ئىش-ھەرىكەت ھەققىدە سوراقنى ئىپادىلەي-دىغان جۈملىلەر سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

سوراق جۈملىلەر ئادەتتە سوراق ئالماشلىرى (كىم، نىمە، قانداق، قانچە، نەچچە، قانچىنچى، قايسى، قەيەردە، نەدە، قاچان، قېنى دىگەنگە ئوخشاش)نى ۋە سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇلانمىلار (مۇ، ما، چۇ، دۇ، غۇ، ھە...... قاتارلىقلار)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كىملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز؟ بۇ مەسىلە ئىنقىلاپتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

ھەققىي پولات ئىستىكام دىگەن نىمە؟

سەن بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلالماي قالدىڭمۇ؟ ئۇ ھالدا شۇ مەسىلىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ۋە تارىخىنى تەكشۈر!

قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىغانلار پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئىش-لىرىنىڭ ئىزباسارلىرى بولالايدۇ؟

مەن سىنىپقا چىقمەن، سىزچۇ؟

دەرس باشلانغاندۇ؟

سىز ئىنتىپاققا كىرىپسىز-ھە؟

سىزمۇ كىرىپسىزغۇ؟

سوراق جۈملىلەردە ئىپادىلىنىدىغان سوراق مەنىلىرىنىڭ تۈرلۈكچە بولۇشىغا قاراپ، سوراق جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك

بولىدۇ.

### 1) ئۇچۇق سوراق جۈملە

سۆزلىگۈچى ئېنىق جاۋاپ ئېلىش مەقسىتىدە ئېيتقان سوراق جۈملىلەر ئۇچۇق سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئىسمىڭىز كىم؟

قاچان كەلدىڭىز؟

قانداق تەلىۋىڭىز بار؟

ئەتە كېلەمسىز؟ كەلمەمسىز؟

### 2) گۇمانىي سوارق جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ گۇمانىي كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدىغان سوراق جۈملىلەر گۇمانىي سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

بۈگۈن ئۇ يەرگە يېتىپ بارالارمىزمۇ؟

ئۇلار بېيجىڭدىن بۈگۈن كېلىدىغاندۇ؟

ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن؟

ئەركىن بىز بىلەن كورۇشمەي كېتىپ قالارمۇ؟

### 3) قايتۇرما سوراق جۈملە

سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن بېرىلگەن سوراققا ئۇچۇق جاۋاپ بېرىلمەي، يەنە سوراق شەكلىدە بېرىلگەن جاۋاپنى ئىپادىلەيدىغان



سوراق جۈملىلەر قايتۇرما سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇي سالىمىز دەيمىز، ياغاچ ماتېرىيالىنى نەدىن ئالىمىز؟

—ئورمانلىقتىن كېسىپ كەلمەيمىزمۇ؟

بۇ خەت-خالتىنى كىمدىن ئەۋەتەرمىز؟

—پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتمەيمىزمۇ؟

—پوچتا ئارقىلىق؟

### 4) ھىس-تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى سوراق جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھىس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سوراق جۈملىلەر ھىس-تۇيغۇنى ئىپادىلىگۈچى سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئېخ ۋەتىنىم، نىمە دىگەن گۈزەل سەن؟!

ياپىرىم، بۇ ئىشنى تېخى تۈگەتمىدىڭىزما؟!

بۇ كىتاپنى ماڭا بەرسىڭىزچۇ؟

بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزدىن بۇنى چۈشەنمەيدىغانلار ھېلىمۇ بارمىكىنە؟

### 5) تەسۋىرىي سوراق جۈملە

باشقىلاردىن جاۋاپ ئېلىش مەقسىتىدە ئەمەس، مەلۇم ئوي-پىكىرنى تەكىتلەش مەقسىتىدە ئېيتىلغان سوراق جۈملىلەر تەسۋىرىي سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنداق سوراق جۈملىلەرنىڭ جاۋابى ئۆز ئۆزىدىن چىقىپ

تۇردۇ ۋە ئۇلار ئەدبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

بىر چېلەك سۇنى يەردىن كۆتەرمەي، كۆكتىن كۆتىرىش كېرەكمىدى؟

خەلقىمىزنىڭ شوھرىتى، ئىپتىخارى پارتىيەم،
سەن بولمىساڭ، ھۆر جەننەت بىزگە نېسىپ بولامتى؟!
مىڭ قۇياشقا باراۋەر نۇرلىرىڭنى سەپمىسەڭ،
ۋەتەن گۈللەپ-چېچەكلەپ، قىزىل نۇرغا تولامتى؟!
— ئۆمەر ئوسمان.

سوراق جۈملىلەر، ئومۇمەن، ئېغىزدا سوراق ئىنتوناتىيىسىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، يەنى سوراقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ياكى ئۇلانمىلار كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا سوراق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئومۇمەن سوراق بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ. سوراق جۈملىلەر ئومۇمەن سۆزلىگۈچىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى سوراق تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

سوراق جۈملىلەر سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر، ئۇلانمىلار ۋە باشقا ئامىللارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈلىدۇ.

## 3. ئۈندەش جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىيات-ھاياجانلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈندەش جۈملىلەر ئادەتتە قاراتما سۆز ۋە ئۈندەش سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ



ھال-ئەھۋالىنى بايان تەرىقىسىدىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بىر قىسىم بايان جۈملىلەر بەزىدە ئۈندەش جۈملە سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ماركس بۈگۈن مەن بىلەن بىللە بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دىن)

پاھ-پاھ، بۇ يەرگە ئەجەپ چىرايلىق ئىمارەتلەر سېلىنىپتۇ!
بۇ ئەجەپ چىرايلىق باغ ئىكەن!
ئاشلىقنى بۇرۇنراق يىغىپ ئالماپتۇق-دە!
قارىغىنا، كېيىملىرىڭ نىمە دېگەن ھۆل بولۇپ كەتكەن!

ئۈندەش جۈملىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

(1) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ماۋجۇشىنىڭ مېھرىنى،
كۆيلىرىمگە قاتسام مەن.
دىدارىنى بىر كۆرۈپ،
مۇرادىمغا يەتسەم مەن.

(2) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ غەزەپلىنىش، خاپا بولۇش ۋە پۇشايمان قىلىشتەك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

خەپ، سېنىڭ ئەدىۋىڭنى بەرمىسەم!
ئورۇلغان ئاشلىقنى تۈنۈگۈن يىغىپ ئالماپتۇق-دە!
ئاپلا، مەن ئۇ يەرگە بارمىغان بولسام ياخشى بوپتىكەن!

(3) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سوزلىگۈچىنىڭ خۇشال بولۇش ۋە قانائەتلىنىشتەك ھىس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئەجەپ ياخشى كۈن بولدى-ھە!

بۇ يەرگە تازا چوڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇپتۇ-دە!

ۋاي-ۋۇي، تازا ئوخشاپتۇ بۇ بۇغداي!

(4) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سوزلىگۈچىنىڭ ئەجەپلىنىش ۋە زوقلىنىشتەك ھىس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەتراپىڭغا قارىغىنا، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز نىمە دىگەن گۈزەل!

پاھ-پاھ، مۇنۇ بۇغدايلارنىڭ باشلىرىنى قارا!

ئۈندەش جۈملىلەر ئېغىزدا ئۈندەش ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلىدۇ، يەنى ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سوز ۋە باشقا ئېلېمېنتلار كۈچلۈك ھەم كوتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بايان جۈملە ۋە سوراق جۈملىلەر ئۈندەش ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلسا، ئۇ ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەپ، ئۈندەش جۈملىگە ئايلىنىدۇ. يېزىقتا ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەر ئاساسەن سوزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھىس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ ۋە ئۈندەش سوزلەر، قاراتما سوزلەر ۋە ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇلانمىلارنى ئوز ئىچىگە ئالغان ھالدا ياسىلىدۇ.

بەزى جۈملىلەر ھەم سوراق مەنىسىدە، ھەم ئۈندەش مەنىسىدە كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەم سوئال بەلگىسى، ھەم ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. قايسىسىنى بۇرۇن قويۇشنى جۈملىنىڭ خاراكتىرىغا قاراپ بەلگىلەيمىز. مەسىلەن:

ياپىردم، ئىشنى تېخى تۈگەتمىدىڭلارمۇ؟!



ئىست، نىمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىغانسەن!؟

## 4. بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق-تەلەپ، ئىلتىماس-ئوتۇنۇش، شۇئار-چاقىرىق ۋە ئۈمىت-ئارزۇ مەزمۇنىدىكى ئوي-پىكرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق جۈملىلەردە ئىپادىلىنىدىغان بۇيرۇق مەنىسىنىڭ تۈرلۈكچە بولۇشىغا قاراپ، بۇيرۇق جۈملىلەر توۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ.

### 1) ئېنىق بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق-تەلەپ مەنىسىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر ئېنىق بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئوغلۇم، مەكتەپكە چاپسان ماڭ.

قېنى يىگىتلەر، مېڭىشقا تەييارلىنىڭلار!

ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداڭلار.

بۇ خىزمەت ئەتە تاماملانسۇن.

### 2) ئوتۇنۇش مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملە

ئوتۇنۇش-ئىلتىماس مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر ئوتۇنۇش مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

يولداش سادىق، ئاۋۇ كىتاپنى ماڭا ئېلىۋېتىڭا!

www.uyghurkitap.com

بىر ئېغىز سوز قىلاي، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلارچۇ!
دوستۇم، كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بىر كەلگىنە.
بىزنىڭ پىكرىمىزنى تەشكىلگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

### 3) چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملە

سوزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەركەت توغرىسىدىكى تەلەپ-مۇراجەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

بىز بۇ ئۇلۇغ كۈننى كۈتۈۋالايلى!
ئۇلۇغ ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ياشىسۇن!
پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار!

### 4) مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملە

سوزلىگۈچىنىڭ تىلەك-ئۈمىدىنى ۋە مەسلىھەتىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

سىز ھازىرلا دوختۇرغا كورۇنۇپ بېقىڭ.
ئۆزىڭىز بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باققىنىڭىز ياخشى.
بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى ئويلىشىپ كورسىڭىز.
ئۇ يەرگە ھازىرلا بارسىڭىز ياخشى بولارمىكىن.

بۇيرۇق جۈملىلەر ئومۇمەن بىرئاز كۈچلۈك ۋە كوتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، بۇنداق بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا يېزىقتا ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ؛ پەس ۋە كۈچسىز ئاھاڭدا ئېيتىلغانلىرىدىن



كېيىن چېكىت (.) قويۇلىدۇ. بۇيرۇق جۈملىلەر ئادەتتە بۇيرۇق رايىدا كەلگەن پېئىللارنى ئۆزىنىڭ خەۋىرى قىلغان ھالدا ياسىلىدۇ.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايان جۈملە، سوراق جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭلار ھەمدە ئۇنىڭدىكى سوراق جۈملىلەرنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا باشقا يول يوق. دۈشمىنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. يا ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك! ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك! بىراق ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، نەگە بارىمەن؟ جاۋ تاغام بۇ يەردە يوق. پارتىزانلار بىلەن، شيۈجۈ ئاكام بىلەن ئالاقە ئۈزۈلدى. ئەمدى ئۇلارنى نەدىن تاپىمەن؟ مەن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپمىسام، ئۇلار مېنى تاپالمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك كېرەكمۇ؟...... شۇنداق، بىرلا يول بار. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئېلىپ قاچاي، باشقا كەلگەننى كورەرمەن. توغرا، بېرىپ چاناش كېرەك! چاناش كېرەك!

.........

باشلىق، ماڭا بىر تال مىلتىق بېرىڭ! بېرىپ ئاق ئىتلارنى يوقىتىمەن.
(«نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز»دىن)

## §3 جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بولۇنۇشى

تىلىمىزدىكى جۈملىلەر ئىپادىلەيدىغان مەنىسى جەھەتتىن ھەر خىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىنمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزى جۈملىلەر سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، بىر ئاددى ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ، يەنە بەزى جۈملىلەر ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، قوشما ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

مانا شۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن، تىلىمىزدىكى بارلىق جۈملە شەكىل-

لىرىنى ئاددى جۇملە ۋە قوشما جۇملە دىگەن ئىككى چوڭ قىسمىغا بولۇش مۇمكىن.

ئەمدى بىز جۇملە شەكىللىرىنىڭ مۇشۇ ئىككى چوڭ قىسمى ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئۆتىمىز.



# ئىككىنچى باپ ئاددى جۇملە

سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم قائىدە-قانۇنىيەت بويىچە ئۆزئارا باغلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياقلاشقان بىر ئاددى ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىلەر ئاددى جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاددى جۇملە نۇتۇقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ تولۇق ئاياقلاشقان بىر ئاددى ئوي-پىكىرنى مەلۇم جۇملە تۈرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇنداق ئاددى ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۇملىلەر تىلىمىزدىكى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قانۇنىيەت بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇشىمۇ، سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئايرىم بىر سوزدىن ھاسىل بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەتىياز، سىم-سىم يامغۇر توختىماي ياغماقتا.

ئارىمىزدا تېخى تونۇشى توغرا بولمىغانلار بارمۇ، يوقمۇ؟ مېنىڭچە، بار.

ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق.

بۇ مىساللاردىكى "ئەتىياز، بار، ياق" دىگەن جۇملىلەر بىرلا سوزدىن تۈزۈلگەن ئاددى جۇملە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مۇنداق بىرلا سوزدىن تۈزۈلگەن ئاددى جۇملىلەرنىڭ تولۇق ئاياقلاشقان بىر ئاددى ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرەلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا جۇملىلەر بىلەن بولغان گىراماتىكىلىق مۇناسىۋىتىگە

باغلىق بولىدۇ.

جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى، سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ئۇسۇللىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن-تەرتىۋى، ۋەزىپىسى، ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاددىي جۈملە تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## §1 جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى

سۆزلەر جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ باغلىنىپ كېلىدۇ. مانا مۇشۇنداق باغلىنىش سىنتاكسىسلىق باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش سىنتاكسىسنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆزلەر جۈملىدە گىرامماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، ئۆزئارا مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن زىچ باغلىنىپ كەلمەيدىكەن، ئۇلار جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلەلمەيدۇ، ئىپادىلىماقچى بولغان ئوي-پىكىرمۇ چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن، "سۇ سۈزۈك ئاقماقتا ئاستا" دېسەك، بۇنىڭدا سۆزلەر گىرامماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر بىرىگە باغلىنىپ كەلمىگەن، ھېچقانداق سىنتاكسىسلىق بىرىكمە ھاسىل قىلىنمىغان بولىدۇ، بۇنىڭدىن تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرمۇ ئۇقۇلمايدۇ. شۇڭا تەرتىپسىز كەلگەن بۇنداق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسىنى جۈملە ھېسابلىغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بىز بۇ سۆزلەرنى



گىرامماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ، مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ باغلاپ، "سۈزۈك سۇ ئاستا ئاقماقتا" دېسەك، بۇنىڭدا سۆزلەر ئۆزئارا زىچ باغلىنىپ، "سۇ ئاقماقتا"، "سۈزۈك سۇ"، "ئاستا ئاقماقتا" دېگەن 3 سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل بولىدۇ ۋە ھەر بىر سۆز بىرىكمىسى مەلۇم سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ-دە، تولۇق ئاياقلاشقان بەلگىلىك ئوي-پىكىر ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جۈملە ھاسىل بولىدۇ.

## §2 سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى

تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ۋە گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، جۈملىدە بىر بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، مەلۇم سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق سۆز بىرىكمىلىرى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىنمۇ، گىرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىنمۇ ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ.

دېمەك، مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىلىرى سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى بەزى جۈملىلەردە ئاز بولىدۇ، بەزى جۈملىلەردە كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن:

"قاسىم ئوقۇدى" دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملە بىرلا سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن؛ "بىزنىڭ گۇڭشىمىزدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلاندى" دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدە "تېرىلغۇ باشلاندى"، "ئەتىيازلىق تېرىلغۇ"، "گۇڭشىمىزدا باشلان-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى“ ۋە ”بىزنىڭ گۈڭشېمىزدا“ دېگەن 4 سوز بىرىكمىسى بار.

مانا بۇ مىساللاردىن سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك ئەركىن بىرىكمە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارمۇ تىلىمىزدىكى يەككە-يەككە سوزلەرگە ئوخشاشلا، جۇملە ھاسىل قىلىدىغان تىل بىرلىگى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

## §3 سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىش يوللىرى

سوزلەر جۇملىدە مەلۇم تەرتىپ ۋە مەلۇم قائىدە بويىچە، مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق ئوزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. جۇملىدە سوزلەرنىڭ ئوزئارا باغلىنىش يوللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھەر خىل سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار جۇملىدە سوزلەرنى ئوزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدۇ؛

(2) ياردەمچى سوزلەر (باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار) جۇملىدە سوزلەرنى ئوزئارا باغلاپ كېلىدۇ؛

(3) سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى ئوزلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى ھەمدە ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق جۇملىدە ئوزئارا باغلىنىدۇ.

مەسىلەن، ”بىز ئالى مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق“ دېگەن جۇملىنى ئالساق، بۇ جۇملىدە، ”بىز كەلدۇق (قوشۇمچە ئارقىلىق باغلانغان)، ”مەكتەپكە كەلدۇق“ (قوشۇمچە ئارقىلىق باغلانغان)، ”ئالى مەكتەپكە“ (ئورۇن-تەرتىۋى ئارقىلىق باغلانغان) ۋە ”ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق“ (باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان) دېگەن 4 سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىسى بار.



”ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياشىسۇن!“ دېگەن جۇملىنى ئالساق، بۇ جۇملىدىكى ”ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا“ دېگەن سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىسى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق باغلانغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىلىرى ئوزلىرىنىڭ بىرىكىش ئۇسۇللىرى ۋە سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، تەڭداش باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىلىرى ۋە بېقىندا باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

### 1. تەڭداش باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىلىرى

جۇملىدە ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى ئوتەيدىغان سوزلەر بىر بىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئوزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. جۇملىدىكى ۋەزىپىسى ئوخشاش بولغان مۇنداق سوزلەر بىر بىرىنى ئېنىقلىمايدۇ، بىر بىرىگە بېقىنمايدۇ، بىر بىرىنى تولۇقلىمايدۇ، بىر بىرىنى باشقۇرمايدۇ، يەنى ئوزئارا تەڭ-باراۋەر ھالدا باغلىنىپ كېلىدۇ. ئۇلار جۇملىنىڭ باشقا بولەكلىرىگە نىسبەتەن ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

دېمەك، جۇملىدە ئوزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كېلىپ، ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى ئوتەيدىغان سوز بىرىكمىلىرى تەڭداش باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

كوپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرىمىز.

ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياشىسۇن!

جۇڭگو خەلقى قۇدرەتلىك ھەم باتۇر خەلق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتىمىز ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

بىز لېكسىيە ئاڭلىدۇق ھەم يازدۇق.

بۇ جۈملىلەر ئىچىدىكى تەڭداش بولەكلەر ئۆزئارا تەڭداش باغلىنىپ كېلىپ، ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى ئۆتىگەن.

تەڭداش باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىلىرىنىڭ بەزىلىرى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلىنىدۇ، بەزىلىرى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. (ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق)

ئۇ سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان. (باغلىغۇچى ئارقىلىق)

## 2. بېقىندى باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىلىرى

جۈملىدە سوزلەرنىڭ بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سوز بىرىكمىلىرى بېقىندى باغلىنىشتىكى سوز بىرىكمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە سوزلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان چاغدا، بىرى ئىككىنچىسىنى ئېنىقلاپ ياكى تولدۇرۇپ، بىر بىرىگە سان ۋە شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ بېقىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

"بىز يېڭى مەكتەپكە ئۆيدان ئورۇنلىشۋالدۇق" دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدە بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەن "بىز ئورۇنلىشۋالدۇق"، "يېڭى مەكتەپكە"، "مەكتەپكە ئورۇنلىشۋالدۇق" ۋە "ئۆيدان ئورۇنلىشۋالدۇق" دىگەن 4 سوز بىرىكمىسى بار.



بۇ 4 سوز بىرىكمىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەھلىل قىلىپ كورەيلى. "ئورۇنلىشۋالدۇق" دىگەن خەۋەر "بىز" دىگەن ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن؛ "يېڭى" دىگەن ئېنىقلىغۇچى "مەكتەپكە" دىگەن ئىسىمنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن؛ "مەكتەپكە" دىگەن ئىسىم "ئورۇنلىشۋالدۇق" دىگەن خەۋەردىن ئاڭلانغان ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورنىنى بىلدۇرۇپ، شۇ خەۋەرنى تولدۇرۇپ، شۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن؛ "ئۆيدان" دىگەن سۈپەت "قانداق" دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ، "ئورۇنلىشۋالدۇق" دىگەن خەۋەردىن ئاڭلانغان ئىش ـ ھەركەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۇرۇپ، شۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن.

دىمەك، بېقىندى باغلىنىشتىكى سوزلەرنىڭ بىرى بېقىندۇرغۇچى، يەنە بىرى بېقىنغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بېقىنغۇچى سوزلەر بېقىندۇرغۇچى سوزلەرنى ئېنىقلاش، تولدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېقىندۇرغۇچى سوز باش سوز، بېقىنغۇچى سوز بېقىندى سوز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېقىندى باغلىنىشتىكى سوزلەردىن قايسىنىڭ قايسىغا بېقىندىغانلىقىنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزلەرنىڭ بىر بىرىگە بېقىنىش يولى بىلەن باغلىنىش شەكلى ئاساسەن 4 خىل بولىدۇ، يەنى كېلىشىش باغلىنىش، چىرمىشىش باغلىنىش، باشقۇرۇش باغلىنىش ۋە ياندىش باغلىنىش.

### 1) كېلىشىش باغلىنىش

بېقىندى سوزنىڭ باش سوزگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن سان ۋە شەخس جەھەتتە ئۆزئارا كېلىشىپ ۋە ماسلىشىپ باغلىنىشى كېلىشىش

باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

كېلىشىش باغلىنىشى ئاساسەن ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوقۇدۇم (I شەخس بىرلىك)
سىز ئۆگەندىڭىز (II شەخس بىرلىك)
ئۇ كوردى (III شەخس بىرلىك)
بىز ئوقۇدۇق (I شەخس كوپلۈك)
سىلەر ئۆگەندىڭلار (II شەخس كوپلۈك)
ئۇلار كوردى (III شەخس كوپلۈك)

كېلىشىش باغلىنىشتا ئىگە باش سوز، خەۋەر بېقىندى سوز بولۇپ كېلىپ، خەۋەر ئىگىگە بېقىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل باغلىنىشتا باش سوزنىڭ (ئىگىنىڭ) شەكلى ئوزگەرسە، بېقىندى سوزنىڭ (خەۋەر-نىڭ) شەكلىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوزگىرىدۇ.

## 2) چىرمىشىش باغلىنىش

بېقىنغۇچى سوز بىلەن بېقىندۇرغۇچى سوزنىڭ ئوزئارا چىرمىشىش ئاساسىدا باغلىنىشى چىرمىشىش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

چىرمىشىش باغلىنىش ئاساسەن ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىق-لىغۇچى بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى بېقىندى سوز، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئېنىقلانغۇچى بېقىندۇرغۇچى سوز ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ماۋجۇشىنىڭ دەۋرى، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى، مېنىڭ ئىرادەم، ئۇنىڭ دوستى، مەكتىۋىمىزنىڭ بېغى دىگەنگە ئوخشاش.



## 3) باشقۇرۇش باغلىنىش

بېقىنغۇچى سوزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سوزنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىگى-لىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، شۇ بېقىندۇرغۇچى سوز بىلەن باغلىنىشى باشقۇرۇش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

باشقۇرۇش باغلىنىشتا چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، بېرىش كېلىشتە كەلگەن سوزلەر ياكى شۇ كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ رولىدا كەلگەن ياردەمچى سوزلەر بېقىندى سوز ھېسابلىنىدۇ، بېقىندۇرغۇچى بولسا كوپىنچە پېئىللاردىن، بەزىدە ئىسىم خاراكتىرلىك سوزلەردىن ياكى مۇشۇ ئىككى خىل سوزلەرنىڭ قوشۇلمىسىدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. بۇنداق باغلىنىش تولاراق خەۋەر بىلەن تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەتەننى سۆيىمىز. لېي فېڭدىن ئۆگىنىمىز. بېيجىڭغا بارىمەن. مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن. ئايروپىلان بىلەن كەلدۇق.

## 4) يانداش باغلىنىش

بېقىنغۇچى سوز بىلەن بېقىندۇرغۇچى سوزنىڭ باغلىغۇچى ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى ئارقىلىق ئۆزئارا ياندىشىش يولى بىلەن بىر بىرىگە باغلىنىپ كېلىشى يانداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

يانداش باغلىنىشتا كەلگەن سوزلەر بىر بىرىدىن بولۇنمىگەن ھالدا

www.uyghurkitap.com

بىر خىل ئىنتوناتسىيە بىلەن ئىپتىلىدۇ. بۇنداق باغلىنىشتىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى ئارقىلىق بىر بىرىگە باغلانغان بولىدۇ. بۇنداق باغلىنىش ئاساسەن ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى، ئىنىقلىغۇچى بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

يانداش باغلىنىشتا بېقىندى سۆزلەر ئاساسەن ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش، سۈپەتداش، مىقدار سۆزلەر ۋە رەۋىشداشلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ؛ بېقىندۇرغۇچى سۆزلەر بولسا ئاساسەن ئىسىم ياكى پېئىلدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. مەسىلەن:

پولات جەڭچى (ئىسىم + ئىسىم)، قىزىل ئارمىيە (سۈپەت + ئىسىم)، 30 ئوقۇغۇچى (سان + ئىسىم)، بۇ مەكتەپ (ئالماش + ئىسىم)، نۇرغۇن كىشىلەر (رەۋىش + ئىسىم)، ئوقۇغان بالا (سۈپەتداش + ئىسىم)، چىرايلىق يازدى (سۈپەت + پېئىل)، ئىككى قېتىم باردىم (مىقدار سۆز + پېئىل)، ئەتە كېلىمەن (رەۋىش + پېئىل)، چۈشىنىپ سۆزلىدى (رەۋىشداش + پېئىل)

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ھەر بىر جۈملىنى سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە ئاجرىتىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق باغلىنىش ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

جەمىيەتنىڭ بايلىغىنى ئىشچىلار، دېخانلار ۋە ئەمگەكچى زىيالىلار ياراتقان.

كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ، بىز بۇ ھەقىقەتنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم.



# ئۈچىنچى باب جۈملە بۆلەكلىرى

سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە تەركىۋىگە كىرگەندە، ئۆز ئالدىغا ياكى بىر بىرى بىلەن تۈرلۈك شەكىلدە بىرلىشىپ كېلىپ مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ ھەم بەلگىلىك سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ. بىز جۈملىدىكى سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇلارنىڭ جۈملىدە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىسىگە ۋە ئويناۋاتقان رولىغا قاراپ بىرقانچە بۆلەككە ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن. جۈملىنى، بولۇپمۇ مۇرەككەپ جۈملىنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ تەھلىل قىلىش بىر پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن، "پارتىيىمىز بىزنى بالايى-ئاپەتتىن قۇتقۇزدى"، "بىز پارتىيە رەھبەرلىگىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز" دېگەن جۈملىلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىۋاتقان ۋە بەلگىلىك سوئالغا جاۋاپ بولۇۋاتقان 4 بۆلەك بارلىغىنى كورىمىز.

دىمەك، جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاپ بولىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە بۆلىگى دەپ ئاتىلىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەر ۋە قوشۇمچىلار ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىگى بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار جۈملىدە مۇستەقىل ھالدا بىرەر سوئالغا جاۋاپ بولالمايدۇ ۋە بىرەر ۋەزىپىدىمۇ كېلەلمەيدۇ.

جۇملە بولەكلىرىنىڭ بەزىلىرى جۈملە تۈزۈلۈشىدە يېتەكچى (باش) رول ئوينىسا، بەزىلىرى قوشۇمچە (ئەگەشمە) رول ئوينايدۇ. جۈملە بولەكلىرىنىڭ جۈملىدە ئوينايدىغان ئەنە شۇنداق رولىغا قاراپ، ئۇلارنى باش بولەك ۋە ئەگەشمە بولەك دىگەن ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

## §1 جۈملىنىڭ باش بولەكلىرى

جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، جۈملىدە باش رول ئوينايدىغان جۈملە بولەكلىرى باش بولەك دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ باش بولەكلىرى ھىساپلىنىدۇ. باش بولەكلەر جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق تەشكىلاتچىسى ۋە يادروسى بولۇپ، ئۇنىڭسىز جۈملە تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس.

مەسىلەن، ”دۇنيا خەلقى تىپچىلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ“ دىگەن جۈملىدىكى ”دۇنيا خەلقى“ دىگەن ئىگە ۋە ”سۆيىدۇ“ دىگەن خەۋەر مۇشۇ جۈملىنىڭ باش بولەكلىرىدۇر. دىمەك، جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى باش بولەكلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

### 1. ئىگە

خەۋەر تەرىپىدىن بايان قىلىنىغان ئوبيېكتىنىڭ كىم ياكى نىمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان جۈملە بولىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى باش كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ.

ئىگىگە ئاساسەن ”كىم؟ نىمە؟“ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ. ئەگەر



ئىگىگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە سان قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلسە، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان سوئاللارغىمۇ شۇ قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كېلىدۇ. ئىگىنى ئېنىقلاشتا بۇ سوئاللار جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز لېپي فېڭدىن ئۆگىنىمىز.
ئىلغارلار ئارقىدا قالغانلارغا ياردەم بېرىشى لازىم.
پويىز كەلدى. (نىمە كەلدى؟)
ئوقۇغۇچىلار كەلدى. (كىملەر كەلدى؟)
ئۇنىڭ ئاكىسى كەلدى. (كىم كەلدى؟)

جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈمى ئىسىمدۇر. باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى قەھرىمان خەلق. (ئىسىم)
بىز پارتىيىگە قەتئى ئەگىشىپ ماڭىمىز. (ئالماش)
ياخشى — ئىشى بىلەن ياخشى. (سۈپەت)
بۇ يىل مەكتىۋىمىزگە ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەنلەر قوبۇل قىلىندى. (سۈپەتداش)
كىتاپ ئوقۇش — ئۆگىنىش. (ھەركەتنامى)
ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىسى كەلمىدى. (سان)

جۈملىنىڭ ئىگىسى بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن (ئاددى) بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن (قوشما) بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىرلا سۆز (جۈملىدىن بىرىككەن سۆز)دىن تۈزۈلگەن ئىگە ئاددى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى (ئۇنىڭ قانداق باغلىنىشتا كەلگەن سۆز بىرىكمىسى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلسە، ئۇنى ئاددىي ئىگە جۈملىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. مۇستەقىل سۆزلەر، جۈملىدىن بىرىككەن سۆزلەر جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلسە، شۇنداق ئىگىنىلا ئاددىي ئىگە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

تېچلىق ئۇرۇشنى يېڭىدۇ.

ئون ئىككىگە تەڭ بولۇنىدۇ.

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىمىز.

ئۆلكىمىزدە نۇرغۇن تاشيول ياسالدى.

ئايگۈل مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا سوئالغا بىر تۇتاش جاۋاپ بولىدىغان ئىگە قوشما ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشما ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، قوشما ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆزلەر سىنتاكسىسلىق بىرىكمە بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، جۈملىنىڭ خەۋىرى ئايرىم سۆز بىلەن ئەمەس، شۇ بىرىكمە بىلەن باغلانغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، سورالغان سوئالغا شۇ بىرىكمە بىر تۇتاش جاۋاپ بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۆز بىرىكمىلىرى قوشما ئىگە بولالايدۇ.

قوشما ئىگە بولۇپ كېلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى يوشۇرۇنغان سۆز بىلەن تەۋە-



لىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزلەر بىرىكىپ قوشما ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى باتۇر، ئەمگەكچى خەلقتۇر.

پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىشتە نەمۇنە بولۇشى لازىم.

خەلق دۆلىتى خەلقنى قوغدايدۇ.

(2) چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى يوشۇرۇنغان سۆز بىلەن سۈپەتداش ياكى ھەرىكەتنامى بىرىكىپ كېلىپ قوشما ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسنىڭ ئاساسىدۇر.

ئوما ئورغانلار قايتىپ كەلدى.

خەت يېزىپ ئولتۇرغان — ئۇنىڭ دوستى.

(3) ئىسىم ياكى كىشىلىك ئالماش بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سانلار بىرىكىپ قوشما ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

سادىق ئىككىمىز بېيجىڭغا بارىدىغان بولدۇق.

سىلەر ئىككىڭلار ئوقۇشقا بېرىڭلار.

ئۇلار ئۈچى بۈگۈن كېلىدۇ.

(4) قوشما سانلار جۈملىدە قوشما ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئون بەش ئۈچكە تەڭ بولۇنىدۇ.

بەش يەردە بەش — يىگىرمە بەش.

(5) كىشىلەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى جۈملىدە قوشما ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىسمائىل مەمەت ۋەتەننى قوغداش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

(5) كىشىلىك ئالماش بىلەن ئومۇلۇك ئالماش بىرىكىپ قوشما

ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز ھەممىمىز دېخانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇق.

سىلەر ھەممىڭلار خەنزۇچىنى ئوبدان ئۆگەندىڭلار.

ئۇلار ھەممىسى ئوبدان ئوقۇۋاتىدۇ.

(7) باغلىغۇچى "بىلەن" ئارقىلىق باغلىنىپ باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ياكى ئالماشلار قوشما ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

قاسىم بىلەن ئۆمەر بېلىق تۇتۇشقا كەتتى.

سەن بىلەن مەن بېيجىڭغا بارىدىغان بولدۇق.

(8) چىرمىشىش باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يانداش باغلىنىشتىكى سۆزلەر كېلىپ قوشما ئىگىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خەلقنى سۆيىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گۈللەنمەكتە.

## 2. خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش-ھەركىتى ياكى ئۇنىڭ كىم-نىمە ئىكەنلىكىنى يەنى ئۇنىڭ "قانداق" ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان جۈملە بۆلىكى خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.

خەۋەر جۈملىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان مۇھىم باش بۆلەك ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. جۈملىدە باشقا بۆلەكلەرنىڭ بولماي قېلىشى جۈملىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئانچە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، لېكىن خەۋەرنىڭ بولماي قېلىشى جۈملىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك



تەسىر كۆرسىتىدۇ. خەۋەرگە ئاساسەن پېئىللارغا بېرىلىدىغان سوئاللار بېرىلىدۇ. جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈمى پېئىل بولۇپ، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەش پېئىللارغا خاس سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتتۇر. پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا خەۋەر سۆز تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەر ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەر دىگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مۇشۇ ئىككى چوڭ تۈردىكى خەۋەر يەنە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاددى خەۋەر ۋە مۇرەككەپ خەۋەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنىلار مېڭىپ كەتتى. (پېئىل)

ئوقۇغۇچىلار باققا كۆچەت تىكتى. (پېئىل)

ئۇنىڭ خېتى چىرايلىق. (سۈپەت)

توختاخۇن — ئوقۇتقۇچى. (ئىسىم)

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى — ئوتتۇز بەش. (سان)

بۇ ئىشنى ئىشلىگەنلەر بىز. (ئالماش)

تېپىلىقنىڭ تەرەپدارلىرى كۆپ. (رەۋىش)

خىزمىتىمىزدە كەمچىلىك، خاتالىقلار بار. (مودال سۆز)

## §2 جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

بەزى جۈملىلەردە باش بۆلەكلەردىن باشقا، باش بۆلەكلەرگە ئەگىشىپ كېلىپ، باش بۆلەكلەرنى ياكى بىر بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان بۆلەكلەرمۇ بولىدۇ.

باش بۆلەكلەرنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، باش بۆلەكلەرنى ياكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان بولەكلەر ئەگەشمە بولەكلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، ”بەختىيار بوۋاينىڭ كوزلىرىدە قىزىل نۇر چاقنايدۇ“ دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدە ”نۇر، چاقنايدۇ“ دىگەن باش بولەكلەردىن باشقا بىرمۇنچە ئەگەشمە بولەكلەر بار. ئۇلار بۇ جۈملىدە باش بولەكلەرنى ۋە بىر بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كەلگەن.

يەنە مەسىلەن، ”ئوقۇتقۇچىنىڭ قىزىق سوزلىرى ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى“ دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدىمۇ ”سوزلىرى، قىزىقتۇردى“ دىگەن باش بولەكلەردىن باشقا، باش بولەكلەرنى ۋە بىر بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كەلگەن بىرقانچە ئەگەشمە بولەكلەر بار.

دىمەك، ئەگەشمە بولەكلەر ئوزلىرىنىڭ جۈملىدە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسىگە ۋە ئوينايدىغان رولىغا قاراپ، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە هالەت دەپ 3 تۈرگە بولۇنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تىلىمىزدا يەنە ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بولەكمۇ بار.

## 1. تولدۇرغۇچى

جۈملىدە باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەرنىڭ بىرىدە كېلىپ ۋە ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بولۇپ، پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىدىغان ئەگەشمە بولەك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

تولدۇرغۇچى جۈملىنى تولۇقلاش ۋە جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدىغان مۇھىم ئەگەشمە بولەك بولۇپ، ئۇ جۈملىدە



ئاساسەن پېئىلدىن تۈزۈلگەن باشقا بولەكلەرگە باغلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ.

تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدىغان سوزلەرگە چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى، بەزى ياردەمچى سوزلەر ئۇلانغان بولىدۇ. مەسىلەن:

تىلىڭنى قۇلۇپلاپ تۇت، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دىگىلى بولمايدۇ.

بىز ئامىمغا ئىشىنىشىمىز لازىم، پارتىيىگە ئىشىنىشىمىز لازىم.

مەن بۇ خەتنى ئاكامغا يازدىم.

تۈنۈگۈن ئاكامدىن خەت كەلدى.

ئۇ، ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن باردى.

بېرىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن بەزى تولدۇرغۇچىلار جۈملىدە پېئىللارغىلا باغلىنىپ قالماي، بەزىدە پېئىلدىن باشقا سوزلەرگە (خەۋەر بولۇپ كەلگەن سوزلەرگە) باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

1. ئەمەتتە ياخشى كىتاپلار بار ئىكەن.

2. بىزنىڭ كۈرىشىمىز ماركسىزىمغا مۇھتاج.

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن هەرقانداق سوز جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولالايدۇ. بېرىش كېلىشتە، چىقىش كېلىشتە ۋە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سوزلەرنىڭ هەرقانداقى تولدۇرغۇچى بولۇۋەرمەيدۇ، پەقەت ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدىغان سوزلەرلا تولدۇرغۇچى بولالايدۇ. ئورۇن-جاي ۋە ۋاقىت-پەسىلنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى ئەمەس، هالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىز دىلبەرگە يازدىم بېرىڭ. (تولدۇرغۇچى)

ئۇ شاڭخەيگە كەتتى. (ھالەت)
ئۇ ئاكامدا ئوقۇيدۇ. (تولدۇرغۇچى)
ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇيدۇ. (ھالەت)
بۇ خەت دوستۇمدىن كەلدى. (تولدۇرغۇچى)
بۇ خەت خوتەندىن كەلدى. (ھالەت)
بىز يازدا دەم ئالىمىز. (ھالەت)

تولدۇرغۇچىلار ئۆزىنىڭ قايسى كېلىشتە كېلىشىگە ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى ۋە ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى

جۈملىدە چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچى ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۆتۈملۈك پېئىللار جۈملىدە ھەر ۋاقىت ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق ئېلېمېنتى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كەلگەن سۆزلەر، ئومۇمەن، ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ. مەسىلەن:

بېتىيۇننى خاتىرىلەيمىز.
ئاكام مالنى يايلاقتا باقىدۇ.
ئەركىن تۇرسۇننى كۆرۈپتۇ.



بىز دەرسىمىزنى مۇزاكىرە قىلدۇق.
بىز ئۇنى يوقلىدۇق.

ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق ئېلېمېنتى بولغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ”نى“ بەزى ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ يەنىلا ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن كىنو كۆردۈم.
توختى رەسىم سىزدى.
ئاكام كىتاب سېتىۋالدى.
ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلىدى.

ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق ئېلېمېنتى بولغان ”نى“ قوشۇمچىسى قانداق ئەھۋاللاردا چۈشۈپ قالمايدۇ؟ يۇقۇرىدىكى ئىككى يۈرۈش مىسالدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، (1) ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى پېئىلدىن يىراق كەلگەن يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا بۆلەك كەلگەن؛ (2) خاس ئىسىملار ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن؛ (3) ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن؛ (4) ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى تەرىپىدىن ئېنىقلانغان؛ (5) ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى قوشما پېئىلنىڭ باشقۇرۇشىدا كەلگەن؛ (6) ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىپ ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئەھۋاللاردا، ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق ئېلېمېنتى بولغان ”نى“ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئىدىئوماتىك سۆزلەر، تەكىتلەش زورۇر تېپىلغان سۆزلەر، بەلگىلىك ياكى كونكرېت شەيئىنى ئىپادى-

www.uyghurkitap.com

لەپ كەلگەن سوزلەر ئوتۇملۇك تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، "نى" قوشۇمچىسى كوپىنچە چۈشۈپ قالمايدۇ. تەڭداش باغلىنىشتىكى ئوتۇم-لۇك تولدۇرغۇچىلار جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئورتاق باغلانغاندا، ئەڭ ئاخىرقى تولدۇرغۇچىغا "نى" قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئالاھىدە ئەھۋاللار يولۇقىشىمۇ مۇمكىن، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىز-دىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

### 2) ئوتۇمسىز تولدۇرغۇچى

بىرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچى ئوتۇمسىز تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوتۇمسىز تولدۇرغۇچىلار ھەرىكەت قارىتىلغان ئوبيېكت ياكى ھەر-كەت بىلەن ئالاقىدار شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق تولدۇرغۇچىلار ئۆزىنى باشقۇرۇپ كەلگەن پېئىلنى ۋاستىلىك ھالدا تولدۇرۇپ كېلىدۇ.

ئوتۇمسىز تولدۇرغۇچىلار "كىمدىن؟ نىمىدىن؟ كىمدە؟ نىمىدە؟ كىمگە؟ نىمىگە؟ كىم بىلەن؟ نىمە بىلەن؟ كىم ئۈچۈن؟ نىمە ئۈچۈن؟" دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز مەسىلىگە ئومۇمى يۈزلۈك قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.

بۇ كىتاپنى مۇئەللىمدىن سوراپ ئالدىم.

بۈگۈن بېيجىڭدىكى دوستۇمدىن خەت كەلدى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا خەت يازماقچىمەن.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائى ئەمەلىيەتتىن



كېلىدۇ.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

"بىلەن، توغرىلىق، ھەققىدە، ئۈچۈن" دىگەنگە ئوخشاش سوز ئارقا ياردەمچىلىرى بىلەن كەلگەن سوزلەرمۇ ئوتۇمسىز تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئاكىسى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سوزلەشتى.

ئورۇن-جاي ۋە ۋاقىت-پەسىلنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر يۇقۇرقى ئۈچ كېلىشتە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئوتۇمسىز تولدۇرغۇچى بولماي ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇغان.

يازدا ئويگە باردۇق.

سەھەردە يولغا چىقايلى.

تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سوز تۈركۈمى ئىسىمدۇر. باشقا سوز تۈركۈملىرىمۇ ئىسىم ئورنىدا ياكى ئىسىمنىڭ رولىدا كەلگەندە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئوقۇتقۇچىلارنى ھورمەتلەيمىز. (ئىسىم)

ئوقۇتقۇچىمىز مەندىن سوئال سورىدى. (ئالماش)

ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشكە بەك تىرىشىدۇ. (ھەرىكەتنامى)

سەككىزنى بەشكە كوپەيتسەك قىرىق بولىدۇ. (سان)

كوپنى كورگەن كوپ بىلىدۇ. (رەۋىش)

## 2. ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە شەيئىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەت ۋە بەلگىلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان ئەگەشمە بولەك ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچىغا بېقىنىش ئاساسىدا زىچ باغلىنىپ كېلىپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى (رەڭگى، ھەجمى، مىقدارى، سانى، ئورنى، مىجەزى، تەمى قاتارلىق ھەر خىل بەلگىلىرىنى) ئېنىقلاش بىلەن، جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي-پىكىرنى گۈزەل ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار "قانداق؟ قايسى؟ كىمنىڭ؟ نىمىنىڭ؟ قانچە؟ نەچچىنچى؟ قەيەردىكى؟ قەيەرنىڭ؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ (بىر سۆزدىن ياكى بىرنەچچە سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ)، ئاددىي ئېنىقلىغۇچى ۋە مۇرەككەپ ئېنىقلىغۇچى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن، "ماۋجۇشىنىڭ سۆزى"، "قىزىل سىر"، "بىلىملىك كىشى"، "ئەمگەكچان خەلق" دېگەن بىرىكمىلەردىكى ئېنىقلىغۇچىلار ئاددىي ئېنىقلىغۇچىلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

"ئېگىز بويلۇق يىگىت"، "لاي پۇتلۇق دېۋە"، "ئەگرى تۈرۈبىلىق يەر تېرمومېتىرى"، "ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي"، "يېشى چوڭ باللار" دېگەن بىرىكمىلەردىكى ئېنىقلىغۇچىلار مۇرەككەپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئېنىقلانغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ، ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى ۋە چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى

باش كېلىشتە كەلگەن سۈپەت، سان، سۈپەتداش، ئالماش ۋە



ئىسىمدىن تەركىپ تاپقان ئېنىقلىغۇچىلار ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل ئېنىقلىغۇچىلار ھېچقانداق قوشۇمچىنىڭ ياردىمىسىزلا ئۆزى ئېنىقلايدىغان سۆزگە يانداشىپ كېلىپ، ئۇنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

كىچىك بالا، ياخشى ئوقۇغۇچى، ئېگىز تاغ، ئون تىراكتور، بەش بالا، ئوقۇغان بالا، ئۇ كىشى، مۇشۇ كىشى، بۇ سىنىپ، چويۇن مەش، ياغاچ ساندۇق، تۆمۈر گۈرجەك دېگەنگە ئوخشاش.

### 2) چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلار چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل ئېنىقلىغۇچىلار بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدا ئېنىقلىغۇچى ئىگىلىك كېلىشتە، ئېنىقلانغۇچى تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ.

چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىمدۇر. باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ ئىسىم ئورنىدا ياكى ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىپ چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپنىڭ ئالمىلىق بېغى، ۋەتەننىڭ مول بايلىقى، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى، ئاممىنىڭ مۈلكى، ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى، تۇرسۇننىڭ ئاكىسى، يامانىڭ كاساپىتى، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرى، قەھرىمانىنىڭ جاسارىتى، ئۇنىڭ قەلىمى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، تۆتنىڭ بىرى، ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى دېگەنگە ئوخشاش.

چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچىلار كۆپىنچە ئىگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ، بەزىدە بۇ قوشۇمچە يوشۇرۇن هالدا كېلىدۇ. بۇ قوشۇمچە يوشۇرۇن هالدا كەلگەندىمۇ يەنىلا چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئىنىقلىغۇچى هېسابلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپ كىنوخانىسى، باهار شامىلى، ئۆگىنىش پىلانى، تېپىلىق كۆچىلىرى، سىنىپ تازىلىقى، ئادەم بالىسى، يېزا ياشلىرى، شەهەر خەلقى، بۇلاق سۈيى، دەريا بويى، ئىش ۋاقتى دىگەنگە ئوخشاش.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى يۈرۈش مىسالدىن شۇنى كورۈۋالالايمىزكى، چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئىنىقلىغۇچىلارغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى، (1) شۇ ئىنىقلىغۇچىمۇ باشقا ئىنىقلىغۇچى تەرىپىدىن ئىنىقلىنىپ كەلگەن؛ (2) ئىنىقلىغۇچى كىشى ئىسمى بولغان؛ (3) ئىنىقلىغۇچى تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە كوپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن؛ (4) ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا باشقا بولەك كېلىپ قالغان؛ (5) ئىسىمدىن باشقا سوز تۈركۈملىرى ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىپ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن؛ (6) ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى زىچ بىرىكىپ سوز بىرىكمىسىگە ئايلانغان ئەهۋاللاردا، ئاساسەن چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇلاردىن باشقا، "نىڭ" قوشۇمچىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىش-قالماسلىقى تىل ئادىتى، جۈملە شارائىتى، تەكىتلەش زورۇرىيىتى قاتارلىق ئامىللارغىمۇ باغلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 3. ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى

تىلىمىزدا شۇنداقمۇ ئىنىقلىغۇچىلار باركى، ئۇلار جۈملىدە ئۆزى ئىنىقلايدىغان بولەكتىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ روشەن ۋە ئىنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ياكى ئۇنى ئىزاهلاپ كېلىدۇ.



بۇنداق ئىنىقلىغۇچىلار جۈملىدە مەنىنى كۈچەيتىش، تولۇقلاش، روشەنلەشتۈرۈش جەهەتلەردە مۇهىم رول ئوينايدۇ.

جۈملىدە ئىنىقلانغۇچى (ئىزاهلانغۇچى) دىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان، ياكى ئۇنى ئىزاهلاپ كېلىدىغان سوز ياكى سوز بىرىكمىسى ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى جۈمىلىلەردىكى ئاستىغا سىزىلغان سوزلەرگە قاراڭ:

بىزنىڭ ئېلىمىزدە—ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگودا ئادەم ئەڭ قىممەتلىك ئامىل هېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قايتۇرۇپ هېساپلىسام، ئوتكەن 20 يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم ئويۇن (چاكچىلە) كوردۇم.

ياشلىق باهارىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ گۈزەل ئىش— ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بېغىشلايمەن.

ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى ئىنىقلىغۇچىنىڭ ئالاهىدە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئادەتتىكى ئىنىقلىغۇچىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

(1) ئىنىقلىغۇچى ئۆزى ئىنىقلاپ كەلگەن سوزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى بولسا ئۆزى ئىنىقلاپ (ئىزاهلاپ) كەلگەن سوزدىن كېيىن كېلىدۇ.

(2) ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا هېچقانداق بەلگە قويۇلمايدۇ. ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىزاهلانغۇچى ئىنتوناتسىيە جەهەتتە ئايرىپ ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا مەلۇم تىنىش بەلگىسى

(سىزىقچە، پەش ياكى تىرناق) قويۇلىدۇ.

(3) ئىنقىلىغۇچى بىلەن ئىنقىلانغۇچى جۈملىدە بىر خىل گىرامماتىكىلىق فورمىدا كېلەلمەيدۇ. ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچى جۈملىدە بىر خىل گىرامماتىكىلىق فورمىدا كېلەلەيدۇ.

(4) جۈملىدە ئىنقىلانغۇچى چۈشۈپ قالسا، ئىنقىلىغۇچى ئۇنىڭ رولىدا كېلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. جۈملىدە ئىزاھلانغۇچى چۈشۈپ قالسا، ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى ئۇنىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلەيدۇ.

ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىدىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، ئۇلار جۈملىدە ھەر خىل جۈملە بۆلەكلىرىنى ئىزاھلاپ، ئىنقىلاپ كېلىشى ۋە جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن تۈرلۈك شەكىلدە باغلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

چوڭ بۇرژۇئازىيە (بىيۇروكرات بۇرژۇئازىيە) جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى.

سۇلتان بىلەن گۈل رەنانىڭ 10 يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇھەببىتى ۋەيران بولدى ــ ئاجرىشىپ كەتتى!

ئۆگەنگەن بىلىملىرىم بىلەن كائىناتنى ــ ئىنسانلار جەمىيىتىدىكى ھەر خىل ئىشلارنى كۆزىتىپ، ئۆز يولۇمنى توغرا باسماقتىمەن.

ئاكام كىتابنى ئىگىز (ئادەمنىڭ بويى يەتمەيدىغان) يەرگە ئېلىپ قويۇپتۇ.

باش ئىشتاپ ئەتە (21 ـ كۈنى) لياڭشى ئەتراپىغا يېتىپ بارماقچى.

بۇ مىساللاردا 1 ـ جۈملىدىكى ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى ئىگىنى، 2 ـ جۈملىدىكىسى خەۋەرنى، 3 ـ جۈملىدىكىسى تولدۇرغۇچىنى، 4 ـ جۈملىدىكىسى ئىنقىلىغۇچىنى، 5 ـ جۈملىدىكىسى ھالەتنى ئىزاھلاپ، شۇلار



بىلەن بىر خىل گىرامماتىكىلىق فورمىدا كەلگەن. ئەگەر بىز بۇ مىساللاردىكى ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىلارنى چۈشۈرۈپ قويساق، ئىنقىلانغۇچىلار (ئىزاھلانغۇچىلار) ئۆز ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋېرىدۇ، جۈملىمۇ راۋان چۈشۈۋېرىدۇ.

ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىلار بەزىدە ئىزاھلانغۇچى بىلەن "يەنى، خۇسۇسەن، مەسىلەن" دېگەنگە ئوخشاش قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىنىپىمىزدا بەزى ئوقۇغۇچىلار، مەسىلەن، قاسىم، ئايشەم ۋە ياسىنلار تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، يەنى شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەنمەكتە.

ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى، خۇسۇسەن يىغىندا سۆزلىگەن سۆزلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولدى.

## 4. ھالەت

جۈملىدە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھالىتى ياكى ئۇنىڭ ئورنى، ۋاقتى، سەۋەبى، مەقسىدى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈمى رەۋىش ۋە رەۋىشداشلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى سۈپەتلەر ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەرمۇ رەۋىشنىڭ رولىدا كېلىپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئورۇن ـ جاي ۋە ۋاقىت ـ پەسىلنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارمۇ ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە بېرىش كېلىشتە كېلىپ ياكى سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

(1) رەۋىشلەرنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىگە مىسال:

بىز ئاستا ماڭدۇق. ئۇ تۈنۈگۈن كەلدى.

(2) بەزى سۈپەتلەرنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىگە مىسال:

بىز ياخشى ئوقۇيمىز.

ياتەم خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

(3) بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىشتىكى ئورۇن-جاي ۋە ۋاقىت-پەسىل ئىسىملىرىنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىگە مىسال:

ياسىن خوتەندىن كەلدى.

ئۇ قەشقەردە ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇ يازدا خوتەنگە باردى.

(4) رەۋىشداشلارنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىگە مىسال:

ئۇ كۈلۈپ سوزلىدى. بىز ئىشلىگىلى باردۇق.

(5) سۈپەتداشلارنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىگە مىسال:

ئۇ ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن مۇكاپاتلاندى.

توختى ئوبدان ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەندى.

ھالەتلەرنى ئۇلارنىڭ جۈملىدە بىلدۈرىدىغان مەنىسىگە قاراپ، سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى، ئورۇن ھالىتى، ۋاقىت ھالىتى، سەۋەپ ھالىتى، مەقسەت ھالىتى دىگەن 5 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

### 1) سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.



سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى "قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ نىمە قىلىپ؟" دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى ئاساسەن ھالەت رەۋىشلىرى، مىقدار رەۋىشلىرى، رەۋىشداشلار ۋە بەزى سۈپەتلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

پويىز چاپسان كەلدى.

توختى كىتاپنى كوپ ئوقۇيدۇ.

ئۇ كۈلۈپ سوزلىدى.

ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

### 2) ئورۇن ھالىتى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت ئورۇن ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورۇن ھالىتى "قەيەرگە؟ نەگە؟ قەيەردە؟ نەدە؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ قەيەرگىچە؟ نەگىچە قاياقتا؟" دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ئورۇن ھالىتى ئاساسەن بېرىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئورۇن-جاي ۋە ۋاقىت-پەسىل ئىسىملىرى ھەمدە كورسىتىش ئالماشلار، ئورۇن رەۋىشلىرى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بېيجىڭدا ئىككى يىل ئوقۇدى.

بىز يېزىدىن كەلدۇق.

ئاكام تاققا كەتتى.

ساۋۇت مەشەدە ئىشلەيدۇ.

### 3) ۋاقىت ھالىتى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت ۋاقىت

هالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋاقىت هالىتى "قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ۋاقىت هالىتى ۋاقىت رەۋىشلىرى، ئورۇن كېلىشتە كەلگەن پەسىل-ۋاقىت ئىسىملىرى ۋە بەزىبىر سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۈگۈن كەلدى، ئەتە قايتىدۇ.

بىز ئاخشام كىنوغا باردۇق.

گۈڭشې ئەزالىرى قىشتا ئوغۇت توپلايدۇ.

بىز ئۈچ يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرىمىز.

كېچىدىن بېرى قار توختىماي يېغىپ تۇردى.

### 4) سەۋەپ هالىتى

ئىش-هەرىكەتنىڭ سەۋەۋىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان هالەت سەۋەپ هالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋەپ هالىتى "نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەپتىن؟ نېمىشقا؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. سەۋەپ هالىتى ئاساسەن سۈپەتداشلارغا تۈرلۈك قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ئالغا باستى.

ئۇ خوشال بولغانلىغىدىن يىغلىۋەتتى.

ئۇ ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا كېلەلمىدى.

### 5) مەقسەت هالىتى

ئىش-هەرىكەتنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان هالەت



مەقسەت هالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەقسەت هالىتى "نېمە ئۈچۈن؟ نېمە مەقسەت بىلەن؟ نېمە قىلغىلى؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەقسەت هالىتى بىر قىسىم رەۋىشداشلاردىن، "ئۈچۈن" دېگەن ياردەمچى بىلەن كەلگەن هەرىكەتنامىدىن، بېرىش كېلىشتە كەلگەن هەرىكەتنامىدىن ۋە بىر قىسىم مەقسەت رەۋىشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق.

ئۇ قەشقەرنى كۆرگىلى كەپتىكەن.

بىز تىل ئۈگىنىشكە بەل باغلىدۇق.

ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ كەپتۇ.

ئۇ ئىنتىزامنى قەستەن بۇزدى.

## §3 جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ۋە كېڭەيگەن بۆلەكلىرى

بىز يۇقۇرىدا جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتۇق. بەزى جۈملە شەكىللىرىدە، بولۇپمۇ مۇرەككەپرەك جۈملە شەكىللىرىدە، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ياكى ئەگەشمە بۆلەكلىرى مۇرەككەپلىشىپ بارىدىغان، ئايرىم تۇرغاندا مەلۇم بىر ئاياقلاشقان ئۇي-پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرمۇ جۈملە بۆلىكىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەهۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق تەركىپلەرنى پۈتۈن جۈملە ئېتىۋارى بىلەن، مۇرەككەپ سىنتاكسىسلىق بىرىكمە دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ هال پۈتۈن جۈملىنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ تەهلىل قىلىشتا كۆپ ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن، تۆۋەندە جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ۋە كېڭەيگەن

www.uyghurkitap.com

بولەكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. جۈملىنىڭ تەڭداش بولەكلىرى

جۈملىدە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە ۋە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشتە كەلگەن بولەكلەر جۈملىنىڭ تەڭداش بولەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل بولەكلەر بىر بىرىگە بېقىنماي، ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ، ھەممىسى ئورتاق ھالدا باشقا بىر بولەك بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ، شۇنداقلا بىر خىللا سوئالغا ئورتاق جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. تەڭداش بولەكلەر ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كەلسە، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ۋە بەزى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

گۈڭشىمىزنىڭ بېغىدا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئالمىلار بەكمۇ ئوخشىدى.

بىز بۈگۈن ئوقۇدۇق، يازدۇق ھەم ئىشلىدۇق.

بىز ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى قىزغىن سۆيىمىز.

بىز ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىنى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىمىز.

ئۇلار قىزىل، كوك، سېرىق، يېشىل بوياقلارنى ئاپتۇ.

تەڭداش بولەكلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلار شۇ جۈملىدىكى تەڭداش بولەكلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى ھەممىسىگە ئورتاق ھالدا ئەڭ ئاخىرقى بىرىگە قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. تەڭداش بولەكلەر كوپىنچە ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.



## 2. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بولەكلىرى

ئەسلىدە مەلۇم دەرىجىدە ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، ئەمما جۈملە تەركىۋىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەلۇم بولىكىنى ئېنىقلاپ ياكى تولۇقلاپ بېرىدىغان جۈملە بولەكلىرى جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بولەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

كېڭەيگەن بولەك بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ ۋە ئۆزى قاتناشقان جۈملىنىڭ مەلۇم بولىكى بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنداق كېڭەيگەن بولەكلەرنى جۈملە دەپ تونۇشقا بولمايدۇ. كېڭەيگەن بولەكلەر كوپىنچە ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

خەلق ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەش روھى بار، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان كىشىلەر ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىككىلەنمەيدۇ.

ھەرقانداق كىشى مەن ئەمدى يېتىشىپ قالدىم دەپ ئېيتالمايدۇ.

30 يىللىق تارىخ جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزىمنىڭلا قۇتقۇزالايدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

كوچۈرمە جۈملىلەر ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەر ئاپتورنىڭ سوزى ئىچىدە كەلگەندە، كوپىنچە، كېڭەيگەن بولەك بولۇپ كېلىپ، ئاپتورنىڭ ئوي-پىكرىنى تولۇقلاش ۋە ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئاتاغلىق پىداگوك ماكارىنكوپ: "ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئېنژېنېرىدۇر" دىگەن ئىدى.

لېنىن: "ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزىم قۇرغىلى بولمايدۇ" دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

ئوستروۋسكى: ”ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتتۇر“ دېگەن ئىدى.

## §4 جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى

نورمال ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان جۈملىلەردە جۈملە بۆلەكلىرى تەرتىپسىز ھالدا ئەمەس، مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولىدۇ، يەنى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدۇ. بەزى بۆلەكلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن بەزى بۆلەكلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغان بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغاندا، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئۆزگىرىدۇ، ياكى جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ.

مەسىلەن، ”تۇرسۇن — ئوقۇتقۇچى“ دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىدىغان بولساق، جۈملىدىكى بۆلەكلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئالمىشىپلا قالماستىن، بەلكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنە مەسىلەن:

نۇرغۇنلىغان پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر، پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قولىدا ئالتە يىل تەربىيىلەندىم.

شۇنداق قىلغاندا، ھەرقانداق پارتىيە بىزگە بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇ- دىكەن، ئۇنى ئوبدان ئورۇنلاپ كېتەلەيمىز.

”4 كىشىلىك پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ“نى قاتتىق پىپەن قىلايلى.

بۇ جۈملىلەردىكى ”نۇرغۇنلىغان“، ”ھەرقانداق“، ”4 كىشىلىك“ دېگەن سۆزلەر ئۆز ئورنىدا قوللىنىلمىغانلىقتىن، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئېيتىلماقچى بولغان ئوي-پىكىر خاتا



ئىپادىلىنىپ قالغان.

دېمەك، جۈملە بۆلەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك ئورۇن-تەرتىۋى ئارقىلىق جۈملىدە مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كېلىش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدىكى بەلگىلىك سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنى قالايمىقان ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى ئاساسەن تۆۋەندىكى تەرتىپتە كېلىدۇ.

### 1) ئىگىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ئىگە ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، جۈملىنىڭ بېشىدا ھەم ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

غۇنچەم دوختۇرخانىغا كەتتى.

بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.

مەلۇم دائىرىدە ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بارلىق كوممۇنىستلار ئۆگىنىشى كېرەك.

بىز «ئالغا» گوڭشېسىغا باردۇق.

«ئالغا» گوڭشېسىغا بىزمۇ باردۇق.

ئىگە بىلەن خەۋەر يانمۇ-يان تۇرۇشىمۇ مۇمكىن، ئارىسىغا باشقا سۆزلەر كېلىپ، بىر بىرىدىن يىراقراق تۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

قىسقىسى، ئىگىنىڭ خەۋەرگە يانمۇ-يان كېلىشى، ھەر دائىم گەپنىڭ بېشىدىلا كېلىشى شەرت ئەمەس، پەقەت خەۋەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇشلا ئۇنىڭ جۈملىدىكى تېگىشلىك ئورنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

### 2) خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

خەۋەر ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باشقا بولەكلەرگە قارىغاندا، خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ئومۇمەن تۇراقلىق بولىدۇ. جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سوز، ئۇنىڭ قايسى سوز تۈركۈمىگە خاس سوز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن:

جەمئىيەت ھامان ئالغا باسىدۇ.

مەكتىۋىمىزنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق.

ئۇنىڭ ئاكىسى ئىشچى.

ئىككى يەردە بەش — ئون.

شېئىرلاردا، كۈچلۈك ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەر ھەم ئۈندەش جۈملىلەردە خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىشى مۇمكىن.

### 3) تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

تولدۇرغۇچى ئۆزىنى باشقۇرۇپ كەلگەن پېئىلدىن بولغان بولەكتىن ئىلگىرى كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز تارىخنى ئۈزۈپ قويمايمىز.

مەن پويىز بىلەن كەلدىم.

ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا دوكلات بەردى.

بىز خەلقنى، ۋەتەننى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز.



### 4) ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ئېنىقلىغۇچى ھەر دائىم ئۆزى ئېنىقلايدىغان بولەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ ھەمدە ئېنىقلانغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ، بەزىدە جۈملىنىڭ بېشىدا، بەزىدە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىز.

بىز مەكتەپنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولىمىز.

ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى يانداش ۋە چىرمىشىش باغلىنىشتا بولىدۇ. يانداش باغلىنىشتىكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئارىسىغا باشقا سوزلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۆزىگە خاس (يانداش باغلىنىشتىكى) ئېنىقلىغۇچىلارنىلا قويۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز تەتىلدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇق.

بىز تەتىلدە نۇرغۇن ياخشى كىتابلارنى ئوقۇدۇق.

ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچى ئۆزى ئېنىقلايدىغان سوز بىلەن قاتار تۇرۇپمۇ، ئارىغا بىرنەچچە سوز چۈشۈپ يىراقلىشىپ تۇرۇپمۇ كېلىدۇ، پەقەت ئېنىقلانغۇچىدىن بۇرۇن كەلسىلا بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ دادۈينىڭ قويلىرى سېمىز.

بىزنىڭ دادۈينىڭ يايلاقتىكى ھەممە قويلىرى سېمىز.

ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن يانداش باغلىنىشتىكى ئېنىقلىغۇچى بىر جۈملىدە قاتار كېلىپ بىرلا بولەكنى ئېنىقلاپ

كەلگەندە، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى يانداش باغلىنىشتىكى ئېنىقلىغۇچىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىۋىمىزنىڭ ئىگىز بىنالىرى يىراقتىن كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

### 5) ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ھالەتمۇ تولدۇرغۇچىغا ئوخشاشلا، ئوزى باغلانغان پېئىلدىن بولغان بولەكتىن بۇرۇن كېلىدۇ. ۋاقىت رەۋىشلىرى ۋە مەقسەت رەۋىشلىرىدىن، ئورۇن-جايىنى بىلدۇرىدىغان ئىسىملاردىن تۈزۈلگەن ھالەتلەر ئورۇن تاللىماي، ئوزى باغلانغان پېئىلغا يېقىن تۇرۇپمۇ، يىراق تۇرۇپمۇ باغلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن ئاكام كەلدى.
ئاكام تۈنۈگۈن كەلدى.
ئۇ ئاتايىن مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ.
ئۇ مېنىڭ قېشىمغا ئاتايىن كەپتۇ.
بىز قەشقەرگە ئوقۇغىلى كەلدۇق.
بىز ئوقۇغىلى قەشقەرگە كەلدۇق.

سۈپەتلەر، ھالەت رەۋىشلىرى ۋە رەۋىشداشلاردىن تۈزۈلگەن ھالەتلەرنىڭ ئورنى بىرقەدەر تۇراقلىق بولىدۇ، ئۇلار ئوزى ئېنىقلاپ كەلگەن پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىلەر خەنزۇچىنى ئوبدان ئوگىنىپسىلەر.
ئوقۇتقۇچىمىز دەرسنى ئاستا سوزلەپ بەردى.
ئۇلار ئولتۇرۇپ سوزلەشتى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى جۈملە بولەكلىرى ئادەتتىكى جۈملىلەردە يۇقۇرىدا دېيىلگەن نورمال تەرتىپ بويىچە ئورۇن-



لىشىدۇ، ئەمما ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ شېئىرلاردا رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيەلەرنىڭ تەلىۋى بويىچە، جۈملە بولەكلىرىنىڭ ئورۇن-تەرتىۋى يۇقۇرىدا دېگىنىمىزدەك بولماي، باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## §5 جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەر

جۈملە تەركىۋىگە قاتناشقان ھەر بىر سوز ياكى سوز بىرىكمىسى مەنە ۋە گىرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتە ئوزئارا باغلىنىپ ھەممە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئوز ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بولىكى بولۇپ كېلىدۇ. بەزى جۈملىلەردە، شۇ جۈملىنىڭ بولەكلىرى بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشتا بولماي، بىر پۈتۈن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە قارىتا سوزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسى، ھىس-تۇيغۇسى ۋە ئوي-پىكرىنىڭ كىمگە ياكى نىمىگە قارىتىلغانلىغىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سوزلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق سوزلەر جۈملە بولىكى ھىساپلانمايدۇ. مەسىلەن:

سويۈملۈك يولداشلار، بىز سىلەرگە چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۇرىمىز.
ھەقىقەتەن، سىلەر بىزگە كوپ ياردەم بەردىڭلار.
ۋاي-ۋۇي، نىمە دېگەن كوپ ئادەم بۇ!

دېمەك، جۈملىدىكى سوزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا بولالمايدىغان، ئوزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق جۈملىدىكى بولەكلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان سوز ياكى سوز بىرىكمىلىرى جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇنداق سوزلەرنىڭ جۈملە بولەكلىرى بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغىنى بىلەن، پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇنداق سوزلەر جۈملە بىلەن بولغان مەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىگە ۋە قانداق سوزلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، قاراتما سوز، قىستۇرما سوز ۋە ئۈندەش سوز دېگەن 3 تۈرگە بولۇنىدۇ.

## 1. قاراتما سوز

جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ كىمگە ياكى نىمىگە قارىتىلغانلىقىنى ئېنىق كورسىتىش ۋە ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سوزلەر قاراتما سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

قاراتما سوزلەر ئاساسەن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرنىڭ كىمگە ياكى نىمىگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى كورسىتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ۋەكىللەر، يولداشلار! مەن ھازىر يىغىنىنى ئۇچۇق دەپ ئېلان قىلىمەن.

بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئايشەم!

ئاپا، مەندىن ئەنسىرىمە، مەن سېنىڭ گېپىڭنى قۇلىغىمدا تۇتۇپ، تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمەن.

جۈملىدە ئاساسەن كىشى ئىسىملىرى ۋە ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر قاراتما سوز بولۇپ كېلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەمدىن باشقا جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ يازغۇچىلار قاراتما سوز سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

قاراتما سوزلەرنىڭ جۈملە بولۇكلىرى بىلەن گىراماتىكىلىق



باغلىنىشى بولمىغاچقا، ئېيتىلغاندا جۈملىنىڭ باشقا بولەكلىرىدىن ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق بولۇنۇپ ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا پەش ياكى ئۈندەش بەلگىسى بىلەن ئايرىۋېتىلىدۇ.

قاراتما سوز بولۇش ئۈچۈن، شۇ سوز جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرنىڭ كىمگە ياكى نىمىگە قارىتىلغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋە شۇ ئوي ـ پىكىرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ جۈملىنىڭ باشقا بولەكلىرىدىن ئوزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق بولۇنۇپ ئېيتىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىغان سوزلەر قاراتما سوز دەپ قارالمايدۇ. مەسىلەن:

ساۋاقداشلار، تىرىشىپ ئوگىنىڭلار. (قاراتما سوز)

ساۋاقداشلار تىرىشىپ ئوگەنمەكتە. (ئىگە)

## 2. قىستۇرما سوز

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرگە قارىتا سوزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك كوزقاراش ۋە پوزىتسىيىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سوزلەر قىستۇرما سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى "ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن، ئېھتىمال، دەرۋەقە، ئەكسىچە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شۇنداق قىلىپ، نەزىرىمدە، مېنىڭچە، سىنىڭچە، بەختكە يارىشا، بەختكە قارشى، خەيرىيەت، دېمەك، ھېچبولمىغاندا، ھەر ھالدا، خالاس، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، ئوزايىدىن، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بەربىر، بەلكىم" دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر، كوپىنچە، قىستۇرما سوز بولۇپ كېلىدۇ.

قىستۇرما سوزلەر كونكرېت جۈملە شارائىتىغا قاراپ تۈرلۈك

مەندە قوللىنىلىدۇ:

(1) بەزى قىستۇرما سوزلەر كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ھىس-تۇيغۇسىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

بەختكە يارىشا، بەختكە قارشى دىگەنگە ئوخشاش.

(2) بەزى قىستۇرما سوزلەر سوزلىگۇچىنىڭ كوزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مىنىڭچە، سىنىڭچە، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوزايىدىن، ھەر ھالدا دىگەنگە ئوخشاش.

(3) بەزى قىستۇرما سوزلەر جۇملىدە ئىپادىلەنگەن ئالدىنقى ئوي-پىكىرنىڭ كىيىنكى ئوي-پىكىر بىلەن بولغان ئالاقىسى ياكى باغلىنىشىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئومۇمەن قىلىپ ئىيتقاندا، شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن، دىمەك دىگەنگە ئوخشاش.

(4) بەزى قىستۇرما سوزلەر جۇملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ تەرتىۋىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپتىن دىگەنگە ئوخشاش.

(5) بەزى قىستۇرما سوزلەر مولچەر ۋە گۇمان مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

بەلكىم، ئىھتىمال، چىغى، ئاساسەن، مولچەرلىنىشىچە دىگەنگە ئوخشاش.

(6) بەزى قىستۇرما سوزلەر كۇچەيتىش مەنىسىنى بىلدۇرۇپ كىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەقىقەتەن، ئەلۋەتتە، بەرىبىر دىگەنگە ئوخشاش.



باشقا سوز تۇركۇملىرىگە خاس بەزى سوزلەرگە ”كى“ ياكى ”قارىغاندا“ دىگەنگە ئوخشاش قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلارمۇ قىستۇرما سوز بولۇپ كىلىدۇ. مەسىلەن:

سوزسىزكى، شۇبھىسىزكى، ئەھۋالدىن قارىغاندا دىگەنگە ئوخشاش.

قىستۇرما سوزلەر ھەرقايسى سوز تۇركۇملىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوزىنىڭ جۇملىدە تۇتقان ئورنىغا قاراپ ياكى جۇملىنىڭ بىرەر بولىگى بىلەن باغلىنىپ كىلىپ، جۇملىنىڭ بىرەر بولىگىنى ئىنقلاپ كىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

سىنىڭ سوزۇڭ ھەقىقەتەن توغرا.

مەن بۇ يىغىنغا ئەلۋەتتە قاتنىشىمەن.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇگىنىشى ئومۇمەن ياخشى.

يولداشلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قوشۇلىمەن.

قىستۇرما سوزلەر جۇملىنىڭ باشقا بولەكلىرىدىن ئىغىزدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يىزىقتا پەش (،) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ، جۇملىنىڭ بىرەر بولىگىنى ئىنقلاپ كەلگەن قىستۇرما سوزلەرنى بولسا ئىغىزدىمۇ، ئىنتوناتسىيە جەھەتتىمۇ جۇملە بولەكلىرىدىن ئايرىۋىتىشكە بولمايدۇ.

## 3. ئۇندەش سوز

جۇملىدە بايان قىلىنغان ئوي-پىكىرگە قارىتا سوزلىگۇچىنىڭ تۇرلۇك ھىس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەر ئۇندەش سوز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇندەش سوزلەر جۇملىنىڭ باشقا بولەكلىرى بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمايدۇ. ئۇلار جۇملىنىڭ باشقا بولەكلىرىدىن

تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېخ! تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزام، نەقەدەر گۈزەل سەن ـ ھە!؟

پاھ ـ پاھ، بۇ بۇغدايلار تازا ئوخشاپتۇ ـ دە!

ۋاي ـ ۋۇي، نىمە دېگەن كەڭ ئېتىزلار بۇ!

ھە، سىز نىمە دىمەكچى!

ئۇھ، بۈگۈن ئەجەپمۇ ھېرىپ كەتتىم.

كۆنۈكمە:

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى جۈملە بىلەن گىرامما-تىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئېخ، بۇ نىمە دېگەن گۈزەل جاي!

بەلكىم، ئۇ ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولسا كېرەك.

يولداشلار! يولىيورۇق ئەمەس، بىرئاز پىكىر بەرمەكچىمەن.

سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئوھو! تازىمۇ بەستلىك يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ!؟

ئېخ جېنىم ئانا! جېنىم ئانا! سالام ئانا! مەن بۇ خەتنى ساڭا سىيا بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆز يېشىم بىلەن يېزىۋاتىمەن.



# تونىنچى باب ئاددى جۈملىنىڭ تۈرلىرى

ئاددى جۈملىلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەر خىل بولىدۇ. بەزى ئاددى جۈملىلەر پەقەت باش بولەكلەردىنلا تۈزۈلىدۇ، بەزى ئاددى جۈملىلەر باش بولەكلەر ھەم ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلىدۇ؛ بەزى ئاددى جوملىلەرنىڭ بولەكلىرى تولۇق بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بولسا تولۇق بولمايدۇ؛ يەنە بەزى ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئېنىق ياكى يوشۇرۇنغان ئىگىسى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بولسا ئىگىسى بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ئاددى جۈملىلەرنى تۈزۈ-لۈش جەھەتتىن يىغىق جۈملە ۋە يېيىق جۈملە، ئىگىلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە، تولۇق جۈملە ۋە تولۇقسىز جۈملە دېگەن 3 تۈرگە بولۇش مۇمكىن.

## §1 يىغىق جۈملە ۋە يېيىق جۈملە

بەزى ئاددى جۈملىلەر باش بولەكلەردىنلا تۈزۈلىدۇ، بەزى ئاددى جۈملىلەر باش بولەكلەر ھەم ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. باش بولەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددى جۈملىلەر يىغىق ئاددى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇنداق جۈملىلەر ئىگە بىلەن خەۋەردىن ياكى يالغۇز خەۋەر-دىنلا تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

تاڭ ئاتتى.

كۈن چىقتى.

— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ئىشلەۋاتىمەن.

باش بولەكلەردىن تاشقىرى، ئەگەشمە بولەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملىلەر يېيىق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

يېيىق ئاددىي جۈملە تەركىۋىگە قاتناشقان ئەگەشمە بولەكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىگىنى، بەزىلىرى خەۋەرنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىدۇ، بەزىدە بىرى يەنە بىرىگە باغلىنىپ، ئۇ ئارقىلىق باش بولەكلەرنىڭ بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ كوچىلاردا يوپ-يورۇق ئېلېكتىر چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ كىچىك ئۇكام يېڭى كىتابلارنى خېلى كۆپ سېتىۋالدى.

بۇ يىل گۈڭشىمىزدا 7 سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سېلىندى.

## §2 ئىگىلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە

گىرامماتىكىلىق ئىگىسى بولغان، لېكىن ئىگىسى بەزىدە ئېيتىلىپ، بەزىدە ئېيتىلمايدىغان ۋە مۇشۇ ئېيتىلمىغان ئىگىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكى جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملىلەر ئىگىلىك ئاددىي جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگىلىك ئاددىي جۈملە ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدۇ:

بىرىنچى خىل شەكىلدە ئىگە جۈملىدە ئوچۇق ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز داۋاملىق ئالغا باسىمىز.



مەن تىرىشىپ ئۆگىنىمەن.

ئىككىنچى خىل شەكىلدە ئىگە جۈملىدە ئوچۇق ئېيتىلماي، چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدىم.

بۈگۈن كىنو كۆرىمىز.

ئىگە تۆۋەندىكىدەك شارائىتلاردا ئوچۇق ئېيتىلماي چۈشۈپ قالىدۇ.

(1) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە جۈملىلەر قاتار كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان بىرلا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئىگە باشتىكى بىرىنچى جۈملىدە ئېيتىلىپ، كېيىنكىلىرىدە ئېيتىلمىسىمۇ، ھەممىسىگە ئورتاق بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

يولداشلىرىمىز قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇتۇقلارنى كۆرۈشى كېرەك، غەيرىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

(2) ئىگىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكى خەۋەرنىڭ شەكلىدىن بىلىنىپ تۇرغاندا (خەۋەردىكى شەخس قوشۇمچىسىدىن بىلىنىپ تۇرغاندا)، ئىگە ئېنىق ئېيتىلماي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن كىتابخانىغا باردىم.

ئەتە باغچىغا بارىمىز.

دېمەك، يۇقۇرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلماي، يوشۇرۇن ھالدا كېلىدىغان جۈملىلەرمۇ يەنىلا ئىگىلىك جۈملە ھېساپلىنىدۇ.

گىرامماتىكىلىق ئىگىسى بولمىغان ۋە ئىگىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقىمۇ بولمايدىغان ئاددىي جۈملىلەر ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگسىز بولۇشى، ئاساسەن، شۇ جۈملىدىكى خەۋەرنىڭ قانداق سوز ۋە قانداق گىراماتىكىلىق شەكىللەردىن تۈزۈلۈشىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، خەۋىرى تۆۋەندىكىدەك سوزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە ئىگسىز جۈملە بولىدۇ.

(1) ھەركەتنامى بىلەن "كېرەك، لازىم" سوزلىرى قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىگسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ھادىسىلەرنى تۈگىتىش كېرەك.

قىيىنچىلىق ئالدىدا ئارقىغا چېكىنمەسلىك لازىم.

ئۇلارغا كۆپرەك تەربىيە بېرىش كېرەك.

(2) بېرىش كېلىشتىكى ھەركەتنامى بىلەن "بول" دېگەن ياردەمچى پېئىل قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىگسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

دۈشمەننى دوست دەپ تونۇشقا بولمايدۇ.

ساڭا بېرىشقا بولىدۇ.

ماڭا بېرىشقا بولمايدۇ.

(3) بېرىش كېلىشتىكى ھەركەتنامى بىلەن "توغرا" دېگەن سوز ھەم "كەل" دېگەن ياردەمچى پېئىل قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىگسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مەسىلىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماڭا كېتىشكە توغرا كەلدى.

(4) III شەخستىكى مەجھۇل دەرىجە پېئىلى خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىگسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

مۇزاكىرە ۋاقتىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى.



خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىنسۇن.

(5) خالاش مەنىسىدىكى پېئىللار III شەخستىكى "كەل" دېگەن ياردەمچى پېئىل ياكى "بار، يوق" دېگەن مودال سوزلەر بىلەن قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىگسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ بېيجىڭغا بارغۇم بار.

ئۇنىڭ يۇرتىنى كورگۈسى كەپتۇ.

مېنىڭ بۇ ئىشنى زادى قىلغۇم يوق.

(6) "غىلى، قىلى، گىلى، كىلى" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن "بول" دېگەن ياردەمچى پېئىل بىرلىشىپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىگسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دەريادىن ئۆتكىلى بولمايدۇ.

خەنزۇچىنى تىرىشسىلا ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

## §3 تولۇق جۈملە ۋە تولۇقسىز جۈملە

جۈملىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن ئاددىي جۈملىلەر تولۇق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

چاڭجياڭنىڭ سۈيى شاقىراپ ئاقىدۇ.

بىزنىڭ مەكتىپىمىز 1962-يىل 9-ئايدا قۇرۇلغان.

بىزنىڭ ئالدىمىزدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇرماقتا.

جۈملىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئىپادىلەنمەي، مەلۇم بۆلەكلىرى چۈشۈپ قالغان ئاددىي جۈملىلەر تولۇقسىز ئاددىي جۈملە

دەپ ئاتىلىدۇ.

جۇملىنىڭ بەزى بۆلەكلىرى شۇ بۆلەك ئالدىنقى جۇملىدە ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن چۈشۈپ قالىدۇ.

ئېيتىلمىغان مۇنداق بۆلەكنى شۇ جۇملىنىڭ ۋە ئالدىنقى جۇملىنىڭ مەزمۇنىدىن بىلىشكە بولىدۇ. تولۇقسىز ئاددىي جۇملىلەر، دىئالوگلاردا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

—يۇسۇپ، نەگە باردىڭ؟

—بازارغا.

—نېمە قىلغىلى باردىڭ؟

—قەلەم ئالغىلى.

—ئالدىڭمۇ؟

—ئالدىم.



# بەشىنچى باپ قوشما جۇملە

## §1 قوشما جۇملە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

بىز ئوي-پىكرىمىزنى ئايرىم ئاددىي جۇملىلەر ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيمىز، شۇنداقلا مەزمۇنى جەھەتتىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە ئاددىي جۇملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان قوشما جۇملىلەر ئارقىلىقمۇ بايان قىلىمىز. خۇددى ئاددىي جۇملىلەر يەككە-يەككە جۇملە بۆلەكلىرىدىن تۈزۈلگىنىدەك، قوشما جۇملىلەرمۇ ئاددىي جۇملىلەرنىڭ بىر بىرىگە باغلىنىپ كېلىشى ياكى بىر بىرىگە يېقىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ”ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىردى“، ”دەرس باشلاندى“ دېگەن ئىككى ئاددىي جۇملىنى بىر بىرى بىلەن باغلاپ، ”ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىردى ۋە دەرس باشلاندى“ دېسەك، بۇ قوشما جۇملە بولىدۇ، ياكى ”ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىرىشى بىلەنلا، دەرس باشلاندى“دېسەكمۇ، قوشما جۇملە بولىدۇ.

دېمەك، مەزمۇنى جەھەتتىن بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۇملىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، قوشما ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىلەر قوشما جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشما جۇملە بولۇش ئۈچۈن مۇنداق تۆت شەرت ھازىرلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇشى لازىم:

(1) قوشما جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇشى، مەزمۇن جەھەتتىن يەككە ئوي-پىكىرنى ئەمەس، قوشما ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇشى لازىم.

(2) قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ھەر بىر ئاددىي جۈملىدە ئوي-پىكىر مۇستەقىللىقى بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئۇلار مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا مەنتىقى باغلىنىشقا ئىگە بولغان بولۇشى لازىم.

ئەگەر بىز "مەن ئەتىگەن كەلسەم، باھار كەلدى" دېسەك، ياكى "قاسىم يوق ئىكەن، گۈللەر ئېچىلدى" دېسەك، بۇلار قوشما جۈملە بولالمايدۇ.

"مەن ئەتىگەن كەلسەم، قاسىم يوق ئىكەن" دېسەك، بۇ قوشما جۈملە بولالايدۇ.

(3) قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ھەر بىر ئاددىي جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ۋە مۇستەقىل خەۋىرى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

باھار كەلدى ۋە گۈللەر ئېچىلدى.

ئاكام چاقىرمىسا، مەن بارمايمەن.

بىز دەرسنى تۈگىتىپ، مۇسابىقىغە قاتنىشىمىز.

(4) قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ھەر بىر ئاددىي جۈملە جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا ئۆزىگە خاس تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق پەرقلەنگەن بولۇشى لازىم.

دېمەك، ئاددىي جۈملىلەر مۇشۇ تۆت ئۆلچەم ئاساسىدا بىرىك-



كەندە، ئاندىن قوشما جۈملە بولالايدۇ.

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ھەر بىر ئاددىي جۈملىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ئىگىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى بىرقانچە ئاددىي جۈملىنىڭ ئورتاق ئىگىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىگە بىر جۈملىدە ئېيتىلىپ، قالغانلىرىغا ئورتاق بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ھەم قۇشلار ئۇچۇپ كەلمەكتە، ھەم ئۇسۇملۇكلەر كۆكەرمەكتە، ھەم ئېرىق-ئېتىز ئىشلىرى قىزىماقتا. (ئايرىم ئىگىلىك)

باغلاردا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلدى ھەم ئەتراپقا خۇشپۇراقلىرىنى چاچتى. (ئورتاق ئىگىلىك)

بىز دەرسنى تۈگىتىپ، ئەمگەككە چىقىمىز. (ئورتاق ئىگىلىك)

بىز ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇلار كەلدى. (ئايرىم ئىگىلىك)

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىش ئۇسۇللىرى ھەر دائىم بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر بىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە باغلىنىدۇ، بەزىلىرى بىرى يەنە بىرىگە بېقىنىپ، ئۇنى ئېنىقلاپ ياكى تولۇقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز كوممۇنىستلار گويا ئۇرۇق، خەلق گويا يەر.

بىز بىرەر يەرگە بارساق، شۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىرلىشىپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىشىمىز، چېچەكلىشىمىز لازىم.

بىرىنچى قوشما جۈملىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلانغان، ئىككىنچى قوشما جۈملىدە ئالدىنقى ئىككى

ئاددى جۈملە ئاخىرقى جۈملىگە بېقىنىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشھەرىكەتنىڭ ھەر خىل ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

دېمەك، قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن باغلىنىشىغا، گىرامماتىكىلىق باغلىنىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەرنى تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## §2 تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە

مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان قوشما ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملىلەرنىڭ بىرىكمىسى تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە ۋە ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا مۇنداق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى ئادەتتە ئايرىم-ئايرىم قوللىنىشقا بولىدۇ.

(2) تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر ئىنتوناتسىيە ياكى باغلىغۇچى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ، بىر پۈتۈن قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇنداق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا



تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ، بىز بۇ ھەقىقەتنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم.

كىشى ئاخىر ئۆلىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

تاڭ ئاتتى ۋە ئەتراپ نۇرغا چۆمۈلدى.

ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

مانا بۇ قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر بىرىنچىسىدە ئىنتوناتسىيىنىڭ ياردىمى بىلەن، قالغانلىرىدا باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن باغلانغان.

تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملىلەر ئۆز تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ قانداق يول بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە ۋە باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

مەلۇم باغلىغۇچى ئارقىلىق ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن ئاددى جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەر ئۆزىنى بىرىكتۈرۈپ كەلگەن باغلىغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، تۆۋەندى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىدەك بىرنەچچە تۈرگە بولۇنىدۇ:

(1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە؛

(2) قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە؛

(3) سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە؛

(4) تاللىما باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە؛

(5) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە.

### 1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە.

بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەر بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىنىڭ ئاددى جۈملىلەرنى ئۇزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىشى، ياكى يەككە ئۇي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى "ۋە، ھەم، ھەمدە، شۇنداقلا، شۇنىڭدەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقانداق ئىشنىڭ يولى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئۇسۇلىمۇ بولىدۇ.

ئۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۆگەنگەننى ئىشلىتەلەيدۇ.

ئىنقىلاۋى غەيرەت ۋە ئىنقىلاۋى قىزغىنلىق بولۇشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەددى ئىلمى پوزىتسىيىمۇ بولۇشى لازىم.



خەلق ئىچىدە ئەركىنلىك بولمىسا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسىمۇ بولمايدۇ.

### 2) قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەر قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچىنىڭ ئاددى جۈملىلەرنى ئۇزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىشى، ياكى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى يەككە ئۇي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى "لېكىن، ئەمما، بىراق، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز قىيىنچىلىقنى بويى سۇندۇرالايمىز، لېكىن قىيىنچىلىق بىزنى بويى سۇندۇرالمايدۇ.

مەن ئۇنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەپسۇسكى، ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقمىدى.

مەھسۇلات زور دەرىجىدە ئاشتى، شۇنداقتىمۇ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەركىتىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ.

### 3) سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەر سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچى-

سىنىڭ ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىشى، ياكى بىرەر ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي جۈملە بىلەن شۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي جۈملىنى بىرىكتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى "شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭا، شۇڭلاشقا، چۈنكى، شۇ سەۋەپتىن" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار سەۋەپ-نەتىجە باغلىغۇچىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

كوممۇنىستلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا دائىم تەييار تۇرۇشى لازىم، چۈنكى ھەرقانداق ھەقىقەت خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن.

پارتىيىنىڭ ھەممە خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ مەقسىدى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە قاندۇرۇش، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى پەيدىن-پەي ۋە داۋاملىق ياخشىلاش زۆرۈر.

بارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ، شۇڭلاشقا بىز ئىنقىلاۋىي ھۇشيارلىقىمىزنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم.

### 4) تالللىما باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەر تاللىما باغلىغۇچىنىڭ ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىشى، ياكى بىرنەچچە يەككە ئوي-پىكىرنىڭ ئەمەلگە ئېشىش-ئاشماسلىق ئېھتىمالىنى كۆرسىتىدىغان ئاددىي جۈملىلەرنى بىرىكتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. تىلىمىزدىكى "يا، ياكى" دېگەنگە ئوخشاش



باغلىغۇچىلار تاللىما باغلىغۇچىلاردۇر. مەسىلەن:

يا ئۇلار قايتىپ كېتىدۇ، بىز قالىمىز؛ يا بىز قايتىپ كېتىمىز، ئۇلار قالىدۇ.

يا مەن باراي، يا سەن بار.

### 5) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەر كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىنىڭ بىر بىرىنىڭ مەزمۇنىنى كۈچەيتىدىغان ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلاپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى "بەلكى، ھەتتا، ھەتتاكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە كېلىپ" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

زالنىڭ ئىچىگە ئادەم لىق تولدى، ھەتتا ئولتۇرغىدەك يەرمۇ قالمىدى.

ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا ئاڭلىغانلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۆزىمۇ ئىزدىنىپ ئۆگەندى.

باسما زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار دەرسلىكلەرنى ۋاقتىدا چىقىرىش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلىدى، ھەتتاكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ خالىسانە ئىشلىدى.

## 2. باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

ھېچقانداق باغلىغۇچىنىڭ ياردىمىسىزلا ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغـ

www.uyghurkitap.com

لىنىپ كەلگەن ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن باغلىنىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر يېزىقتا تۈرلۈك تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق، جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ماركسىزىم-لېنىنىزىمچىلار ھامان سەمىمىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ، ھامان پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن، پاكىت ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى، قېنى پاكىتقا قاراپ باقايلى.

بىزگە ئىتتىپاقلىق كېرەك، بۆلۈنۈش كېرەك ئەمەس.

بىلىملىك كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ.

باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ قەدىمقى شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر، چۈنكى ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ كۆپچىلىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:



ماڭغان دەريا، تۇرغان بورىيا.

ئادەمنىڭ تېشىغا باقما، ئىچىگە باق.

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر.

ياخشىدىن ئۆلگە قالىدۇ، ياماندىن كۆلكە قالىدۇ.

باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى ياكى ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

يارنىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزلە، ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن ئىزلە.

ئوقۇتقۇچىلار دەرس تەييارلاۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشلەۋاتىدۇ.

لىبېرالىزىم ئىتتىپاقلىقنى بوشاشتۇرىدۇ، مۇناسىۋەتنى شالاڭلاشتۇرىدۇ، خىزمەتنى سۇسلاشتۇرىدۇ، پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغدۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە:

(1) باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىردىن ئىگىسى بولىدۇ (2-مىسالدىكىدەك)؛ بەزىلىرىدە ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بىرىدىلا ئېيتىلىپ، قالغانلىرىدا ئېيتىلمايدۇ، شۇ بىر ئىگە ھەممىسىگە ئورتاق ئىگە بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ (3-مىسالدىكىدەك)؛ بەزىلىرىدە ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ھېچقايسى ئاددىي جۈملىدە ئېيتىلماسلىقى مۇمكىن (1-مىسالدىكىدەك).

(2) باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى

ئاددى جۇملىلەرنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ھەر خىل فورمىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ياخشى سوز جان ئوزۇغى، يامان سوز جان قوزغى.
ياخشى سوز تاشنى يارىدۇ، يامان سوز باشنى يارىدۇ.
ئەل ئامانلىقنى تىلەر، دۇشمەن يامانلىقنى تىلەر.

باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۇملىلەر تۆۋەندىكى مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ:

(1) ئىش-ھەرىكەت ياكى ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زورەم توپا يۈمشىتىۋاتىدۇ، گۈلسۈم ئۇسۇۋاتىدۇ، قالغانلار توشۇۋاتىدۇ.

(2) ئىش-ھەرىكەت ياكى ۋەقە-ھادىسىنىڭ كەينى-كەينىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تاڭ ئاتتى، داڭ چېلىندى، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

(3) قارىمۇ-قارشى ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز كەلدۇق، ئۇلار كەلمىدى.
كۈن ئىسسىدى، قار ئېرىمىدى.

(4) ھەرىكەتنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن نەسھەت قىلغان ئىدىم، ئۇ تۈزۈلۈپ كەتتى.

(5) ئادەم ياكى شەيئى توغرىسىدىكى تەسۋىرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

نۈزۈك بىلەك باغلاندى،
ئولتۇرمەككە چاغلاندى.
قەشقەردىكى ئاتامنىڭ



يۈرەك-باغرى داغلاندى.

(6) 1-جۇملە ۋەقە-ھادىسە ھەققىدە سوراقنى، 2-جۇملە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاپنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئىسراپچىلىق نەدە؟ پىشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.
ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ ئىزدىسە تېپىلار.

## §3 بېقىندىلىق قوشما جۇملە

تىلىمىزدىكى قوشما جۇملىلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى بېقىندىلىق قوشما جۇملە بولۇپ، ئۇ تىلىمىزدا دائىم قوللىنىلىدىغان، تۈزۈلۈش شەكلى كوپ بولغان جۇملە تۈرىدۇر. قوشما جۇملىلەر ئىچىدە بېقىندىلىق قوشما جۇملىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بېقىندىلىق قوشما جۇملە بىرنەچچە ئاددى جۇملىنىڭ ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مەلۇم مۇرەككەپ ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان بىرنەچچە ئاددى جۇملىدىن تۈزۈلگەن ۋە قوشما ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۇملە بېقىندىلىق قوشما جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرى باش جۇملە، يەنە بىرى بېقىندى جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۇملە تەركىۋىدىكى ئىككىنچى بىر ئاددى جۇملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن جۇملە باش جۇملە دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى باش جۈملىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر بولىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن ئاددىي جۈملە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى باش جۈملە بەزىدە بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، بەزىدە بېقىندى جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئەگەر باش جۈملە بېقىندى جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. ئەگەر باش جۈملە بېقىندى جۈملىدىن كېيىن كەلسە، بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى شەرت رايىدىكى پېئىللاردىن، رەۋىشداشلاردىن، سۈپەتداشلاردىن تۈزۈلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئېلېمېنتلار قوشۇلۇپ كېلىدۇ. دېمەك، قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى باش جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملە ئاشۇنداق تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، (باش جۈملە) جاھانگىرلىكنىڭ تەبىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. (بېقىندى جۈملە)

دۈشمەن تەسلىم بولمىسا، (بېقىندى جۈملە) ئۇنى يوقىتىش كېرەك. (باش جۈملە)

كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، (بېقىندى جۈملە) توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمىز. (باش جۈملە)

دەرسىمىز باشلانغىچە، (بېقىندى جۈملە) بىز تەييارلىقىمىزنى پۈتتۈردۇق. (باش جۈملە)

ئورۇك چېچەكلىگەندە، (بېقىندى جۈملە) بىز ساياھەتكە چىقىمىز. (باش جۈملە)



لېي فېڭ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، (بېقىندى جۈملە) ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش ئىزلىرى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. (باش جۈملە)

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، (باش جۈملە) دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان. (بېقىندى جۈملە)

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ۋە مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىدۇر. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدە كەلگەن بېقىندى جۈملىلەر تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە، تۈرلۈك شەكىل ۋە تۈرلۈك مەنىلەردە كېلىپ، باش جۈملە بىلەن باغلىنىدۇ. شۇڭا بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر ئۆز تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ۋە ئۇقتۇرىدىغان مەنىسىگە ئاساسەن بىرنەچچە تۈرگە بولۇنىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەر ئۇقتۇرىدىغان مەنىسى ۋە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتلەردىن ئاددىي جۈملىنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خۇددى ئاددىي جۈملە تەركىۋىدىكى ئەگەشمە بولەكلەر جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى كېڭەيتىش، ئېنىقلاش ۋە تولدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىغا ئوخشاش، بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەرمۇ باش جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى تولۇقلاش، ئېنىقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈن چىققاندا، بىز ئىشقا بارىمىز. (قوشما جۈملە)

بىز ھازىر ئىشقا بارىمىز. (ئاددىي جۈملە)

1-مىسالدىكى "كۈن چىققاندا" دېگەن بېقىندى جۈملە "قاچان؟" دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاپ بولۇپ، باش جۈملىنىڭ "بارىمىز" دېگەن

خەۋىرىدىن ئۇقۇلغان ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. 2 ـ مىسالدا "ھازىر" دېگەن ئەگەشمە بولەك "قاچان؟" دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ، "بارىمىز" دېگەن خەۋەردىن ئاڭلانغان ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ، "كۆن چىققاندا" دېگەن بېقىندى جۈملە "ھازىر" دېگەن ئەگەشمە بولەكنىڭ قىممىتىگە تەڭ بولىدى، دېگەن سوز.

دېمەك، بېقىندا جۈملىلەر ئاددى جۈملىدىكى ئەگەشمە بولەكلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى بېجىرىدۇ. شۇڭلاشقا بېقىندى جۈملىلەر ئادەتتە ئەگەشمە بولەكلەرگە بېرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

ئەمما بۇنىڭدىن ئەگەشمە بولەكلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى بىلەن بېقىندى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئوخشاش، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. ئەگەشمە بولەكلەرنىڭ شەكلى بىلەن بېقىندى جۈملىلەرنىڭ شەكلى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاددى جۈملىنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرى جۈملە ھىساپلانمايدۇ، قوشما جۈملىلەردىكى بېقىندى جۈملە بولسا بىر پۈتۈن جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوز ئالدىغا ئىگە، خەۋەر ۋە باشقا بولەكلىرى بولىدۇ.

بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بولىكىگە باغلىنىپ كېلىدۇ، يەنى ئۇلار ئاساسەن باش جۈملىنىڭ ئىگىسىگە، خەۋىرىگە، ئېنىقلىغۇچىسىغا، تولدۇرغۇچىسىغا ياكى ھالەتلىرىگە بېقىنىپ، شۇلارنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىم تىرىشسا، شۇ ئالىدۇ.

بىزنىڭ ئۇمىدىمىز شۇكى، ۋەتەنگە سادىق بولۇڭلار.

سىز قايسى كىتاپنى ئوقۇسىڭىز، مەنمۇ شۇ كىتاپنى ئوقۇيمەن.

كىم نەمۇنىچى بولسا، شۇنىڭدىن ئۆگىنىمەن.



قەيەردە ئىنتىزام ياخشى بولسا، شۇ يەردە ئىش ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى بېقىندى جۈملىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا "شۇ" دېگەن ئىگىسىنى، "شۇكى" دېگەن خەۋەرنى، "شۇ" دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى، "شۇنىڭدىن" دېگەن تولدۇرغۇچىنى، "شۇ يەردە" دېگەن ھالەتنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

بۇلاردىن شۇنى كورۇشكە بولىدۇكى، بېقىندى جۈملىلەر ئەگەشمە بولەكلەرگە ئوخشاش ۋەزىپە ئوتەيدۇ ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنى ئۇلارنىڭ شۇ قوشما جۈملىدە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسىگە ۋە ئۇقتۇرىدىغان مەنىسىگە قاراپ، تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ۋە ھالەت بېقىندى جۈملە دەپ 3 تۈرگە بولۇشكە بولىدۇ.

## 1. تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى كورسىتىش ئالماشتىن كەلگەن تولدۇرغۇچىنى تولدۇرۇپ ۋە ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز لازىمكى، سوتسىيالىزىم كاپىتالىزىم ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

كىم ئۆلگە بولسا، بىز شۇنى ھورمەتلەيمىز.

كىم تىرىشىپ ئۆگەنسە، بىز شۇنىڭدىن ئۆگىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مىساللاردىكى بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن "شۇنىڭغا، شۇنى، شۇنىڭدىن" دېگەن تولدۇرغۇچىلارنى ئىنقىلاپ كەلگەن.

تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملىلەر بەزىدە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا، بەزىدە باش جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. ئەگەر تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن كېيىن كەلسە، ئۇ چاغدا باش جۈملىنىڭ خەۋەرىگە "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارمايمىزكى، "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بىزگە قىلغان زىيانكەشلىكى ئاز ئەمەس.

مەن ھازىر شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، ھەقىقى مۇھەببەت ۋاپاسىزلىقتىن يىراق بولىدۇ.

ئەگەر تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، ئۇ چاغدا بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى شەرت رايىدىكى پېئىلدىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىم نەتىجە ياراتسا، شۇنى مۇكاپاتلايمىز.
كىم تىرىشىپ ئىشلىسە، شۇنىڭغا مۇكاپات بېرىلىدۇ.
كىم تىرىشىپ ئۆگەنسە، شۇنىڭدا بىلىم كۆپىيىدۇ.
كىم ئەلاچى بولۇپ ئوقۇسا، شۇنىڭدىن ئۆگىنىش لازىم.
نېمىنى بەرگەن بولساڭ، شۇنىلا قايتۇرۇپ ئالىسەن.

بۇنداق شەرت رايىدىكى پېئىل ئارقىلىق باغلانغان بېقىندى جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولۇشى ئۈچۈن، باش جۈملىدە كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن تولدۇرغۇچى بولۇشى، بېقىندى جۈملىدە "كىم، نېمە" دېگەن سوراق ئالماشلار بولۇشى شەرت. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولالمايدۇ.



مەسىلەن:

كىم نەتىجە ياراتسا، شۇ مۇكاپات ئالىدۇ.
كىم تىرىشىپ ئوقۇسا، شۇنىڭ بىلىمى كۆپىيىدۇ.

بۇ مىساللاردىكى باش جۈملىدە كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن تولدۇرغۇچى يوق، شۇڭلاشقا بېقىندى جۈملىلەرمۇ تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولالمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماش چوقۇم چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن كېلىشلەردە كېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ باش كېلىش ياكى ئىگىلىك كېلىشلەردە كەلسە، ئۇنىڭ بېقىندى جۈملىسىمۇ تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولالمايدۇ. بەزىدە باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماش ئاشۇ 4 خىل شەكىلدە كەلمەي، "بىلەن، ھەققىدە، توغرىسىدا" ياردەمچىلىرى بىلەن بىللە كېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ، بېقىندى جۈملە يەنىلا تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

كىم نەتىجە ياراتسا، شۇ توغرىلىق ماقالا يازىمىز.
كىم تىرىشىپ ئوقۇسا، شۇنىڭ بىلەن دوست بولىمىز.

بەزىدە باش جۈملىنىڭ كۆرسىتىش ئالماشتىن كېلىدىغان تولدۇرغۇچىسى ئېيتىلماي، يوشۇرۇن ھالدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ھەممە بىلىدۇكى، كومپاسنى مەملىكىتىمىز جۇڭگو ئىجات قىلغان.

بۇ مىسالدا باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كېلىدىغان "شۇنى" دېگەن تولدۇرغۇچى يوشۇرۇنغان. شۇنداق بولسىمۇ، بېقىندى جۈملە ئاشۇ يوشۇرۇنغان تولدۇرغۇچىغا باغلىنىپ كەلگەچكە، يەنىلا تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ.

## 2. ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بېقىندى جۈملىلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ۋە باش جۈملىدىكى بۆلەكلەرنى ئېنىقلاش ھەم ئۇنىڭغا بېقىنىش جەھەتتىن بىر خىللا ئەمەس، ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ شۇنچىلىك قىزىق كىتابكى، بىز ئۇنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇدۇق.

بۇ كىتابنىڭ قىزىقلىقى شۇنچىلىككى، بىز ئۇنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇدۇق.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسىدۇر.

بۇ مىساللارنىڭ 1-سىدە بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى "شۇنچىلىك" دېگەن ئالماشتىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئېنىقلاش ئوبيېكتى قىلغان؛ 2-سىدە بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى "شۇنچىلىككى" دېگەن ئالماشتىن كەلگەن خەۋەرنى ئۆزىنىڭ ئېنىقلاش ئوبيېكتى قىلغان؛ 3-سىدە بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ھازىرچە ئېيتىلماي ئۇيدا ساقلانغان "بۇ" دېگەن كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگىنى ئۆزىنىڭ ئېنىقلاش ئوبيېكتى قىلغان ھەمدە باش جۈملىدىكى يوشۇرۇن كەلگەن ئىگىگە بېرىلىدىغان "نېمە" دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى باش جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچىنى، بەزىلىرى باش جۈملىدىكى خەۋەرنى، بەزىلىرى بولسا باش جۈملىنىڭ ئىگىسىنى ئېنىقلاپ، شۇلارغا بېقىنىپ كېلىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىلەرنى ساپ ئېنىق-



لىغۇچى بېقىندى جۈملە، ئىگە بېقىندى جۈملە (ياكى ئىگىنى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە)، خەۋەر بېقىندى جۈملە (ياكى خەۋەرنى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە) دېگەن 3 تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

### 1) ساپ ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

ساپ ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە (قىسقىچە "ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە" دەپ ئاتالدى) ئاساسەن باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ، شۇنىڭغا بېقىنىپ كېلىدۇ.

دېمەك، باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ چىقايلى:

بالىلارنى شۇنداق نەرسىگە ئادەتلەندۈرۈش كېرەككى، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ ئەمگەكنى سۆيىدىغان بولسۇن.

ئائىلىدە ئاتا قانداق ئورۇننى ئىگەللىسە، ئانىمۇ شۇنداق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

كىمنىڭ كۆڭلى توغرا بولسا، ئۇنىڭ يولىمۇ توغرا بولىدۇ.

سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇسىڭىز، مەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

بۇ مىساللارنىڭ 1-سىدە ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى "شۇنداق" دېگەن كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىنى، 2-سىدىمۇ "شۇنداق" دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى، 3-سىدىمۇ "ئۇنىڭ" دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى، 4-سىدىمۇ "شۇ" دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىلەر بەزىدە باش جۈملىدىن بۇرۇن،

www.uyghurkitap.com

بەزىدە باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئەگەر بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن كېيىن كەلسە، باش جۈملىنىڭ خەۋرىگە "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ؛ ئەگەر باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، بېقىندى جۈملە ئۆزىنىڭ شەرت رايىدىكى پېئىلدىن كەلگەن خەۋرى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەكتۈۋىمىزنىڭ بېغى شۇنداق يوغانكى، ئۇ چېتىگە ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيدۇ.

كىمنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولسا، شۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ.

سەن قايسى سىنىپتا ئوقۇساڭ، مەن شۇ سىنىپتا ئوقۇيمەن.

يەرگە نىمە تېرىساڭ، شۇ نەرسە ئۈنىدۇ.

### 2) ئىگە بېقىندى جۈملە

ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئىگە بېقىندى جۈملە ئاساسەن باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگىنى ئېنىقلاپ، شۇنىڭغا بېقىنىپ كېلىدۇ.

دېمەك، باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ئىگە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ چىقايلى:

كىم بىراۋغا ئورا كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ.

قازانغا نىمە سالسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

بۇ ھەممىگە روشەنكى، بىزنىڭ ئەڭ ئالى غايىمىز — كوممۇنىزم.



بۇ مىساللاردىكى بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىلەردىكى "ئۆزى"، "شۇ"، "بۇ" دېگەن كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگىلەرنى ئېنىقلاپ، شۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن.

ئىگە بېقىندى جۈملىمۇ بەزىدە باش جۈملىدىن بۇرۇن، بەزىدە باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئەگەر ئىگە بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋرى III شەخستىكى شەرت پېئىلدىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىگە بېقىندى جۈملىلەر شەكىل جەھەتتىن شۇ خىلدىكى تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملىلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇلارنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن، باش جۈملىدىكى ئالماشقا قارايمىز. ئەگەر باش جۈملىدىكى ئالماش تولدۇرغۇچى بولسا، بېقىندى جۈملە تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ؛ ئەگەر باش جۈملىدىكى ئالماش ئىگە بولسا، بېقىندى جۈملە ئىگە بېقىندى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

كىم تىرىشىپ ئىشلىسە، (تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە) خەلق شۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. (باش جۈملە).

كىم تىرىشىپ ئىشلىسە، (ئىگە بېقىندى جۈملە) شۇ خەلقنى رازى قىلالايدۇ. (باش جۈملە)

ئەگەر ئىگە بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن كېيىن كەلسە، باش جۈملىنىڭ خەۋرىگە "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ باش جۈملە تەركىۋىدە كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا بۇ ئىگە "كىم؟"، "نىمە؟" دېگەن سوئاللارنى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

بۇ ھەممىمىزگە ئايانكى، مىللىتىق دورىسى جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغان.

بۇ ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسى — جاھانگىرلىك.

### 3) خەۋەر بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى كورسىتىش ئالماشتىن كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر خەۋەر بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

خەۋەر بېقىندى جۈملىنىڭ بىردىن-بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنى بېقىندۇرۇپ كەلگەن باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە جەزمەن "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ ۋە شۇ باش جۈملىنىڭ خەۋىرى پەقەت كورسىتىش ئالماشتىنلا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئۇمىدىمىز شۇكى، ۋەتەنگە سادىق بولۇڭلار.

گەپ شۇنىڭدىكى، بۇ يول بىلەن ئۇ ئۆز مەقسىدىگە يەتمەكچى.

ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداقكى، ھېچكىم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ.

بەزى يولداشلارنىڭ ئاسانلا مەغرۇرلىنىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە بىرنىڭ ئىككىگە بولۇنۇشى بويىچە قارىمايدۇ.

خەۋەر بېقىندى جۈملە شەكىل جەھەتتىن شۇ خىل فورمىدىكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇلارنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن، باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قارايمىز. ئەگەر باش جۈملىنىڭ خەۋىرى كورسىتىش ئالماشتىن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ بېقىندى جۈملىسى خەۋەر بېقىندى جۈملە بولىدۇ؛ ئەگەر باش جۈملىنىڭ خەۋىرى كورسىتىش ئالماشتىن كەلمەي، ئىسىم، سۈپەت، رەۋىشتىن كەلگەن بولسا، بۇنداق باش جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىگى شۇنداقكى، (باش جۈملە) ئۈستىدىكى



قارلار يازدىمۇ ئېرىمەيدۇ. (خەۋەر بېقىندى جۈملە)

بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، (باش جۈملە) ئۈستىدىكى قارلار يازدىمۇ ئېرىمەيدۇ. (ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە)

خەۋەر بېقىندي جۈملە دائىم باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. بەزى ھاللاردا باش جۈملىنىڭ كورسىتىش ئالماشتىن كەلگەن خەۋىرىگە "ئىبارەت" دىگەن ياردەمچى ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ خەلقتىن يۈز ئۆرىگەن.

### 3. ھالەت بېقىندى جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئاڭلانغان ئىش-ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ھالەت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھالەت بېقىندى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندى جۈملىلەر ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ ۋە تىلىمىزدا ناھايىتى كوپ قوللىنىلىدۇ. ھالەت بېقىندى جۈملىلەر گەرچە بىر پۈتۈن جۈملە ھېساپلانسىمۇ، قوشما جۈملىدە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى ۋە ئوينايدىغان رولى جەھەتلەردىن ئاددى جۈملىدىكى ھالەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاساسەن تەڭ تۇرىدۇ.

ھالەت بېقىندى جۈملىلەرمۇ ئاساسەن ھالەتكە بېرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

ھالەت بېقىندى جۈملىلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىنمۇ ھەرخىل بولىدۇ، مەنە جەھەتتىنمۇ ھەرخىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ھالەت

www.uyghurkitap.com

بېقىندى جۈملىلەرنى تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ۋە مەنە جەھەتتىكى خىلمۇ-خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكى 12 تۈرگە بۆلىمىز:

(1) ھال بېقىندى جۈملە؛ (2) ئورۇن بېقىندى جۈملە؛ (3) ۋاقىت بېقىندى جۈملە؛ (4) مەقسەت بېقىندى جۈملە؛ (5) سەۋەپ بېقىندى جۈملە؛ (6) شەرت بېقىندى جۈملە؛ (7) قارشىلىق بېقىندى جۈملە؛ (8) كۈچەيتكۈچى بېقىندى جۈملە؛ (9) سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملە؛ (10) نەتىجە بېقىندى جۈملە؛ (11) ئوخشىتىش بېقىندى جۈملە؛ (12) ئومۇملاشتۇرغۇچى بېقىندى جۈملە.

## 1) ھال بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ھال بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھال بېقىندى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى توغرىدىن-توغرا ئېنىقلاپ كېلىدۇ، بەزىلىرى ئاۋال باش جۈملىدىكى ھالەتكە باغلىنىپ، ئاندىن باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ماڭا ھېچنىمە دېمەي، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سەن قانداق يازساڭ، مەن شۇنداق يازىمەن.

1-مىسالدا بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى "چىقىپ كەتتى" دېگەن خەۋەرگە بىۋاستە باغلىنىپ كەلگەن؛ 2-مىسالدا بېقىندى جۈملە ئاۋال باش جۈملىدىكى "شۇنداق" دېگەن سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتىگە باغلىنىپ، ئاندىن باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ھال بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. بۇنداق



ئەھۋالدا، بېقىندى جۈملە باش جۈملە بىلەن ئىككى خىل يول بىلەن باغلىنىدۇ:

بىرىنچى، ھال بېقىندى جۈملە ئۆزىنىڭ شەرت پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باش جۈملە بىلەن باغلىنىدۇ. بۇنىڭدا باش جۈملىنىڭ تەركىبىدە "شۇنداق، شۇنچىلىك، شۇ قەدەر، شۇنچە قېتىم" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كېلىپ، سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى بولۇشى؛ بېقىندى جۈملە تەركىبىدە بولسا شۇ سۆزلەرگە ماس ھالدا "قانداق، قانچە، قانچىلىك، قانچە قېتىم" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كېلىشى لازىم. مەسىلەن:

سەن قانداق سۆزلىسەڭ، مەن شۇنداق سۆزلىدىم.

سەن يېڭى كىتاپتىن قانچىلىك ئالساڭ، مەنمۇ شۇنچىلىك ئالىمەن.

قادىر مېنىڭ ئۆيۈمگە قانچە قېتىم بارغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە شۇنچە قېتىم باردىم.

ئىككىنچى، ھال بېقىندى جۈملە باش جۈملە بىلەن ئۆزىنىڭ رەۋىشداشتىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىمىزنى رازى قىلدۇق.

ئۇ قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، يولداشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ياشلىق ئەلبۇمىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، دوستۇم ئامىنەنىڭ رەسىمىگە كۆزۈم چۈشتى.

## 2) ئورۇن بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ئورۇن بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورۇن بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە توغرىدىن-توغرا بېقىنىپ بىلدۈرمەي، ئاۋۋال باش جۈملىدىكى ئورۇن ھالىتىگە بېقىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەرگە بارىمەن.

بۇ مىسالدا ئورۇن بېقىندى جۈملە ئاۋۋال "شۇ يەرگە" دىگەن ئورۇن ھالىتىگە باغلىنىپ، ئاندىن شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن "بارىمەن" دىگەن خەۋەرگە باغلانغان.

ئورۇن بېقىندى جۈملىلەر "قەيەردە؟ قەيەرگە؟ قەيەردىن؟ قاياقتا؟ قاياققا؟ قاياقتىن؟ نەگە؟" دىگەنگە ئوخشاش ئورۇن ھالىتىگە بېرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.

ئورۇن بېقىندى جۈملىلەر دائىم باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىپ، باش جۈملىگە ئۇزىنىڭ شەرت پېيلىدىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ئۇزىنىڭ شەرت پېيلى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدىغان بېقىندى جۈملىلەر كوپ ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇزىنىڭ شەرت پېيلى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدىغان بېقىندى جۈملىنىڭ ئورۇن بېقىندى جۈملە بولۇشى ئۇچۈن، باش جۈملە تەركىۋىدە "شۇ يەردە، شۇ ياقتا، شۇ يەرگە، شۇ ياققا، شۇ يەردىن، شۇ ياقتىن، شۇ ياققا قاراپ" دىگەنگە ئوخشاش ئورۇن ھالىتى بولۇشى؛ بېقىندى جۈملە تەركىۋىدە بولسا بۇلارغا ماس ھالدا "قەيەر، قەيەردە، نەدە، قاياقتا،



قەيەرگە، قاياققا، قەيەردىن، نەدىن، قاياقتىن" دىگەنگە ئوخشاش سوئال سوزلىرى كېلىشى لازىم. مەسىلەن:

قەيەردە ئىنتىزام ياخشى بولسا، شۇ يەردە ئىش ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

شامال قاياققا ھەيدىسە، بۇلۇت شۇ ياققا ماڭىدۇ.

سۇ قاياققا ئاقسا، شۇ ياقتا رەنا گۇللەر ئېچىلىدۇ.

## 3) ۋاقىت بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ۋاقىت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋاقىت بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بەزىدە بىۋاستە، بەزىدە ۋاستىلىك بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىۋاستە بىلدۈرسە، ئۇ چاغدا باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە توغرىدىن-توغرا بېقىنىپ، شۇ خەۋەرنىڭ ۋاقتىنى ئېنىقلاش ئۇچۈن بېرىلىدىغان سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

تاڭ يورۇغاندا، بىز يولغا چىققان ئىدۇق.

كۈن چىققان چاغدا، ئاي بىلەن يۇلتۇزلار ئۇزىنى كورسەتمەيدۇ.

ئەگەر ۋاقىت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى ۋاستىلىك بىلدۈرسە، بۇ چاغدا بېقىندى جۈملە ئاۋۋال باش جۈملىدىكى ۋاقىت ھالىتىگە بېقىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن باش جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

قاچان ئوقۇش باشلانسا، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ۋاقىت بېقىندى جۈملە دائىم باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىدۇ ۋە باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىدۇ:

(1) ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ياكى "چاغدا، ۋاقىتتا، ھامان" دېگەن سۆزلەر قوشۇلۇپ كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خەلق ۋەكىلى بولغاندا، ھەممە كىشى ئالقىش ياڭرىتىپ تەبرىكلىدى.

ئۇ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، بىز ئۇخلاشقا تەييارلىنىۋاتاتتۇق.

قادىر يېتىپ كەلگەن ھامان، بىزنىڭ ئۆيگە بارسۇن.

(2) ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ۋە "كېيىن" دېگەن ۋاقىت رەۋىشى قوشۇلۇپ كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن، بىز قايتىدىغان بولدۇق.

كۆزلۈك ھوسۇلنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، گۆڭشى ئەزالىرى سۇ قۇرۇلۇشىغا كىرىشىپ كەتتى.

(3) ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى رەۋىشداشلاردىن كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىمەن.

دەرس باشلانغىچە، ئۆزلۈگىمىزدىن ئۆگىنىپ تۇرايلى.

باھار ۋاقتىدا گۈللەر ئېچىلىپ، ھەممە ياقنى قىزىللىق قاپلايدۇ.

بىز بۇ يەردىن كەتكىچە، ئۇلار بىزگە ياردەم قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

(4) ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ھەركەتنامىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ۋە "بۇرۇن" دېگەن ۋاقىت رەۋىشى ياكى "بىلەن، بىلەنلا، بىلەن تەڭ" دېگەن ياردەمچىلەر قوشۇلۇپ كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:



كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، بىز ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ باردۇق.

باھار كېلىش بىلەن تەڭ، گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى.

مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەنلا، دەرس باشلاندى.

بىز زالغا كىرىشىمىز بىلەن، دوكلات باشلاندى.

(5) ۋاقىت بېقىندى جۈملە ئۆزىنىڭ شەرت پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالىمجان يولدا كېتىۋاتسا، ئابباس ئۇچراپ قاپتۇ.

ئۇ بۇ يەرگە كەلسە، ھېچكىم يوق ئىكەن.

ئۇ قاچان ماڭىمەن دىسە، شۇ چاغدا ماڭسۇن.

قاچان تەتىل بولسا، بىز شۇ چاغدا ئېكسكۇرسىيىگە بارىمىز.

### 4) مەقسەت بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەركەتنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر مەقسەت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەقسەت بېقىندى جۈملىلەر مەقسەت ھالىتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ ۋە ھەرقاچان باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەقسەت بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىدۇ:

(1) مەقسەت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە "دەپ" دېگەن ياردەمچى پېئىل قوشۇلۇپ كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىبلاخۇن ئاكام 8 جاننى باقىمەن دەپ، پومىششىكلارغا 30 يىل ئىشلىگەن ئىدى.

مەخمۇت كېلىدۇ دەپ، بىز ياتاق تەييارلاپ قويدۇق.

ئوقۇپ بىلىم ئالاي دەپ، ئالى مەكتەپكە كەلدىم.

ئۇ دەرسنى تەييارلىۋالسۇن دەپ، بىز رادىيونى قويمىدۇق.

(2) مەقسەت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ھەركەتنامىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "ئۈچۈن" دېگەن ياردەمچى قوشۇلۇپ كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

پەننىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىت جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم.

بۇ بالا ياخشى ئوقۇش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

(3) مەقسەت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى مەقسەت پېئىلى بىلەن رەۋىشداشنىڭ بىرىكمىسىدىن كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

دېخانچىلىق مەيدانىغا بارماقچى بولۇپ، تۈنۈگۈندىن بېرى تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.

بىز ئېكىسكورسىيىگە بارماقچى بولۇپ، پويىز بېلىتىنى ئېلىپ قويدۇق.

### 5) سەۋەب بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەركەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان جۈملىلەر سەۋەب بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋەب بېقىندى جۈملىلەر سەۋەب ھالىتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بولىدۇ ۋە باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىدۇ:

(1) سەۋەب بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى رەۋىشداشتىن كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

سادىق كېسەل بولۇپ قېلىپ، بۈگۈنكى كەسپىي ئۆگىنىشكە قاتنىشالمىدى.



جەڭ توختىماي داۋام قىلغاچقا، پۈتۈن شەھەر ئىس-تۈتەك بىلەن قاپلانغان ئىدى.

ئويۇن قىزىق بولغاچ، ھەممەيلەن كورۇپ كەپتۇ.

(2) سەۋەب بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "لىق"، "لىك" قوشۇمچىلىرى (بەزىدە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ھەم چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى) ئۇلىنىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز تىلنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىگىمىزدىن، تىل ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق.

سەن ئۇزاق ۋاقىت ئورە تۇرغانلىغىڭدىن، چارچىغان بولساڭ كېرەك.

يامغۇر قاتتىق ياققانلىقتىن، بىز ئېكىسكورسىيىگە بارمىدۇق.

ئۇ، دەرسنى ياخشى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا تولۇق جاۋاب بەردى.

(3) سەۋەب بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "لىق"، "لىك" قوشۇمچىلىرى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى، ئاخىرىغا "ئۈچۈن" دېگەن باغلىغۇچى ئۇلىنىپ كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ؛ بەزىدە سۈپەتداشلاردىن كەلگەن خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئاۋال چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى، ئاندىن "كېيىن" دېگەن ۋاقىت رەۋىشى قوشۇلۇپ كېلىش ئارقىلىقمۇ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەكچى خەلق دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولالىدى.

بىز خەلقنىڭ چاكىرى بولغاندىن كېيىن، خەلق ئۈچۈن كۆيرەك

ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز لازىم.

مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، سەن شەرەپ بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشتىڭ.

(4) سەۋەپ بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "لىق"، "لىك" قوشۇمچىلىرى ياكى تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىپ، ئاندىن "سەۋەبىدىن، سەۋەبى بىلەن، تۈپەيلىدىن" دېگەن ياردەمچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ سالامەتلىكى ياخشى بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئون مىڭ مېتىرلىق يۈگۈرۈشتە ئۇزۇپ چىقتى.

بۇ شەھەر ئۇرۇش كوپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، تولىمۇ ۋەيران بولۇپ كەتكەن.

ئۇ ئىنتىزامنى بۇزغانلىق سەۋەبى بىلەن، سىنىپ بويىچە تەنقىت قىلىندى.

(5) سەۋەپ بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە "دەپ" دېگەن ياردەمچى پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

سىزنى كەلمەسمىكىن دەپ، مەن كىتاپخانىغا كېتىپ قاپتىمەن.

(6) باش جۈملىنىڭ تەركىۋىدە "شۇنىڭ ئۈچۈن" دېگەن باغلىغۇچى بولغان ھەم ئۇنىڭ خەۋىرىگە "كى" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئەھۋالدىمۇ، سەۋەپ بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ بالا شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام ئوستىكى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا چېنىقىپ كەلگەن.

بىز ماركسىزىم نەزىرىيىسىنى شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلەيمىزكى، ئۇ



بىزنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

### 6) شەرت بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەركەتكە شەرت بولۇپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر شەرت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرت بېقىندى جۈملىلەر "نىمە قىلسا، نىمە قىلمىسا، نىمە قىلماي، نىمە قىلمىغاندا؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ:

(1) شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى شەرت پېئىلدىن كېلىپ، بەزىدە ئۇنىڭغا "ئىدى، ئىدۇق" ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلۇپ كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا ماھىر بولمىساق، خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز.

ئۇلار كەلمىگەن بولسا، بۇ ۋەزىپە ئورۇنلانمىغان بولاتتى.

ئۇ، ئۆزى بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا تېخىمۇ قىزغىن كەيپىيات شەكىللەنگەن بولاتتى.

ھاۋا ئوبدان ئېچىلىپ كەتسە، يەر-جاھان كوكىرىدۇ.

(2) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز رەۋىشداشلاردىن كېلىپ باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

زىددىيەت ئېچىلمىغىچە، بۇ مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

سىز بارمىغىچە، ئۇ كەلمەيدۇ.

جاھانگىرلىك يوقالماي تۇرۇپ، ئۇرۇش يوقالمايدۇ.

جاپا تارتمىغىچە، ھالاۋەت يوق.

(3) شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ،

ئۇنىڭغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى (بەزىدە ئۇنىڭ ئاخىرىغا "لا" ئۇلانمىسى) ئۇلىنىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى تاشلاپ قويغاندا، باشقا ئىشلارغا تەسىر يېتىدۇ.

مۇشۇ دەريانى كېسىپ ئۆتكەندىلا، ئاندىن گۈڭشېغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

(4) شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى كېلىدىغان زامان پېئىلىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "ئىكەن" ياردەمچى پېئىلى (ياكى ئۇنىڭ قىسقارغان شەكلى "كەن") قوشۇلۇش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ ("ئىكەن" ياردەمچى پېئىلغا شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇپ كېلىشى مۇمكىن). مەسىلەن:

خاتالىق بولىدىكەن، تۈزىتىش لازىم.

ئەگەر ئىتتىپاقىمىز چىڭىمايدىكەن، ئىشىمىز ئالغا باسمايدۇ.

ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز، ھازىرنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيمىز.

بەزىدە شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىۋىدە شەرت مەنىسىنى كۈچەيتىپ بېرىدىغان "ئەگەر، ئەگەردە، ناۋادا، مۇبادا" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلارمۇ كېلىدۇ.

شەرت پېئىلى ئارقىلىق باغلىنىدىغان بېقىندى جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرت بېقىندى جۈملە بولۇۋەرمەيدۇ. قانداق بېقىندى جۈملىنىڭ شەرت بېقىندى جۈملە بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، شەرت مەنىسىنى كۈچەيتكۈچى "ئەگەر، ئەگەردە، مۇبادا، ناۋادا" دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلارنى بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىغا قويۇپ كۆرىمىز. ئەگەر ئۇ بۇ باغلىغۇچىنى قوبۇل قىلالىسا، شەرت بېقىندى جۈملە بولىدۇ، قوبۇل قىلالمىسا، شەرت بېقىندى جۈملە بولمايدۇ. مەسىلەن:



قاچان دەرس تۈگىسە، بىز شۇ چاغدا ئىمتىھان بېرىمىز.

ئۇلار ئۆيدىن چىقسا، مېھمانلار كېتىپ قالغان ئىكەن.

پارتىيە نەگە بۇيرىسا، بىز شۇ يەرگە بارىمىز.

سەن قانداق ئوقۇساڭ، مەنمۇ شۇنداق ئوقۇدۇم.

مانا بۇ مىساللاردىكى بېقىندى جۈملىلەر "ئەگەر، مۇبادا" باغلىغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار گەرچە شەرت پېئىلى ئارقىلىق باغلانغان بولسىمۇ، شەرت بېقىندى جۈملە بولالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، شەرت پېئىلى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندى جۈملىلەرنى باغلىنىش ئۇسۇلىغا ۋە ئىچكى مەزمۇنىغا قاراپ پەرقلەندۈرىمىز. مەسىلەن:

كىم ئەلاچى بولسا، شۇ مۇكاپات ئالىدۇ (ئىگە بېقىندى جۈملە).

كىم ئەلاچى بولسا، شۇنى مۇكاپاتلايمىز (تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە).

سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇسىڭىز، مەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن (ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە).

ئەگەر سەن ئەلاچى بولساڭ، سېنى مۇكاپاتلايدۇ (شەرت بېقىندى جۈملە).

## 7) قارشىلىق بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتكە قارشى قويۇلغان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر قارشىلىق بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

قارشىلىق بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(1) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى شەرت پېئىلىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "مۇ" ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

شۇئرغان ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئارمىيىمىز ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى.

ۋەزىپە ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، بىز ئۇنى ئۇستىمىزگە ئالالايمىز.

بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ؛ بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

(2) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز فورمىدىكى رەۋىشداشتىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ئوسكۇنىلەرنىڭ ئاددىي بولغانلىقىغا قارىماي، نۇرغۇن كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوپېراتسىيە قىلدى.

بىز يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىغا قارىماي، يولىمىزغا مېڭىۋەردۇق.

ئۇنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، بىز ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق.

(3) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى "ماس، مەس" فورمىسى ئارقىلىق ياسالغان بولۇشسىز ھەركەتنامىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بورانىنىڭ چىقىپ تۇرۇشىغا قارىماستىن، بىز كېتىۋەردۇق.

ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەستىن، بىز دەرسىمىزنى باشلاۋەردۇق.

(4) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "بىلەن، بىلەنمۇ" باغلىغۇچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بەزى ئىشلار ئوڭايدەك تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك



ئوڭاي ئەمەس.

ئۇلار ھەرقانچە ئۇرۇنغان بىلەنمۇ، بىرەر نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىلاننىڭ تېشى يۇمشاق بولغان بىلەن، ئىچى زەھەر بولىدۇ.

دۈشمەن ھەرقانچە ھىلىگەر بولغىنى بىلەن، بىزنى ئالدىيالمايدۇ.

### 8) كۈچەيتكۈچى بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كۆرسىتىدىغان بېقىندى جۈملىلەر كۈچەيتكۈچى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

كۈچەيتكۈچى بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىدۇ:

(1) كۈچەيتكۈچى بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلىدىن كېلىش ئارقىلىق (بەزىدە باش جۈملە تەركىۋىدە "بەلكى" دېگەن كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى كېلىش ئارقىلىق) باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز كىتاۋىي بىلىمنى ئىگەللەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم.

ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەنلا توختاپ قالماي، باشقىلارغىمۇ ئاكتىپ ياردەم بەردى.

(2) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ھەركەتنامىنىڭ بولۇشسىز شەكلىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق ھەم باش جۈملە تەركىۋىدە "بەلكى" باغلىغۇچىسى كېلىش ئارقىلىق، باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملە ئۆزئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

سەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئىپادىسىگىلا قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن تارىخىغا قارىشىڭ كېرەك.

ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارغىمۇ ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ.

(3) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ھەركەتنامىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇياقتا تۇرسۇن، تۇگۇل، تۇرماق" سۆزلىرى قوشۇلۇپ (بەزىدە باش جۈملە تەركىۋىدە "بەلكى" باغلىغۇچىسى كېلىش ئارقىلىق) باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سۆزۈمگە پۇشايمەن قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھازىرمۇ سۆزۈمدە چىڭ تۇرىمەن.

ئۇ ئۆزى كەلمەك تۇگۇل، بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ قويمىدى.

ئۇنىڭغا بىز تۇرماق، ئۆزلىرىمۇ قوشۇلدى.

(4) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "سېرى" قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئەسەرنى ئوقۇغانسېرى، تونۇشۇم ئايدىڭلىشىۋاتىدۇ.

ئۇ، ئىدىيىدە ئالغا باسقانسېرى، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى.

(5) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە "لا" ئۇلانمىسى ھەم "ئەمەس" دېگەن سۆز قوشۇلۇپ، باش جۈملىدە "بەلكى" باغلىغۇچىسى كېلىش ئارقىلىق، باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملە ئۆزئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئانارخان قۇرباندىن ئايرىلىپ قالدىلا ئەمەس، بەلكى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى.



پولاتتەك ئىنتىزام پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىت ۋە مۇنازىرىنى چەتكە قاقمايدۇلا ئەمەس، بەلكى بۇنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

(6) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ھەم "باشقا، تاشقىرى" سۆزلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆزى تىرىشىپ ئوقۇغاندىن تاشقىرى، ساۋاقداشلىرىغىمۇ ياردەم بەردى.

ئۇ ماڭا ئۆگىنىشتە ياردەم قىلغاندىن باشقا، تۇرمۇشتىمۇ ياردەم قىلىپ تۇردى.

(7) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ھەم "ئۈستىگە، سىرتىدا" سۆزلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تىرىشىپ ئوقۇغاننىڭ ئۈستىگە، باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇلار توپ مەيدانى ياسىغاننىڭ سىرتىدا، يەنە مۇز تېيىلىش مەيدانى ياساپ چىقتى.

## 9) سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملە

بەزى قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملىدىكى ئوي-پىكىر بىلەن باش جۈملىدىكى ئوي-پىكىر ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، باش جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە سېلىشتۇرۇلغان بېقىندى جۈملىدىكى ئوي-پىكىر يوققا چىقىرىلىدۇ.

باش جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە سېلىشتۇرۇلغان ئوي-پىكىرنىڭ يوققا چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملىلەر سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق بېقىندى جۈملە "نىمە قىلغىچە، نىمە قىلغاندىن كورە، نىمە قىلغاندىن" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.

سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىدۇ:

(1) سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى "غىچە، گىچە، قىچە، كىچە" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئات تاپقىچە، ئىگەر تاپ.

كوۋرۇك ئىزدەپ يۈرگىچە، كېچىپ ئۆتەيلى.

ۋاقتنى بىكار ئۆتكۈزگىچە، گېزىت ئوقۇپ تۇرايلى.

(2) سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشلاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى (بەزىدە "كورە" دېگەن سوز) قوشۇلۇش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىكار تۇرغاندىن، ئىشلىگەن ياخشى.

بىكار ئولتۇرغاندىن كورە، ئىشلىگەن ياخشى.

بۇ يەرگە مېۋىسىز دەرەخ تىككەندىن كورە، مېۋىلىك دەرەخ تىككەن ياخشى.

## 10) نەتىجە بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر نەتىجە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

نەتىجە بېقىندى جۈملىمۇ ھالەت بېقىندى جۈملىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دائىم باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ ۋە باش جۈملە بىلەن "كى" ئۇلانمىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. "كى" ئۇلانمىسي باش جۈملە-



نىڭ پېيلىدىن بولغان خەۋىرىگە ئۇلىنىدۇ ھەم باش جۈملە تەركىۋىدە "شۇنداق" دېگەن ئالماش كېلىدۇ. مەسىلەن:

گۈلدۇرماما شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلىدىكى، دەرىزىلەر جاراڭلاپ كەتتى.

"كى" ئۇلانمىسى ئارقىلىق باغلىنىدىغان جۈملىلەر كوپ ئۇچرايدۇ. قانداق جۈملىنىڭ نەتىجە بېقىندى جۈملە بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، شۇ جۈملىگە "نەتىجىدە نىمە بولدى؟" دېگەن سوئالنى قويىمىز. مۇشۇ سوئالغا جاۋاپ بولسا، نەتىجە بېقىندى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر شۇنداق قاتتىق ياغدىكى، (نەتىجىدە نىمە بولدى؟) ئېرىقلاردىكى سۇ تېشىپ كەتتى.

سەن شۇنداق ئوقۇغىنىكى، سېنىڭ ئوقۇشۇڭغا ھەممە قايىل بولسۇن.

ئۇ شۇنچىلىك يۈگۈردىكى، ئۇنىڭغا ھېچكىم يېتىشەلمىدى.

ئۇ شۇ قەدەر خوشال بولدىكى، كوزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى توكۈلۈپ كەتتى.

## 11) ئوخشىتىش بېقىندى جۈملە

باش جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشقا شەيئىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئوخشىتىلىپ ئىپتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ئوخشىتىش بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشىتىش بېقىندى جۈملىلەر "قانداق؟ نىمىگە ئوخشاش؟" دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ ۋە باش جۈملىگە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن باغلىنىدۇ.

ئوخشىتىش بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداشتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا "دەك" قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ھەم بېقىندى جۈملە تەركىۋىدە "گويا، گوياكى، خۇددى، بىجايىكى" دىگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىش باغلىغۇچىلىرى كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

گويا بېشىمدىن بىر قاپاق سۈنى قويىۋەتكەندەك، تەنلىرىم جۇغغىدە قىلىپ كەتتى.

خۇددى مولدۇر ياققاندەك، ملتىق ئوقلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوتۇپ تۇراتتى.

### 12) ئومۇملاشتۇرغۇچى بېقىندى جۈملە

باش جۈملىگە نىسبەتەن ئومۇملاشتۇرۇش ئوبىيكتى بولۇپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملىلەر ئومۇملاشتۇرغۇچى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغۇچى بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملە بىلەن "ياكى، مەيلى، سۈن" قاتارلىق سىنتاكسىسلىق ئاملىلارنىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەيلى كونا كادىرلار بولسۇن، مەيلى يېڭى كادىرلار بولسۇن، ھەممىسى دولەتنىڭ قىممەتلىك بايلىغى.

مەيلى ئۇ خىزمەت بولسۇن، مەيلى بۇ خىزمەت بولسۇن، ھەممىسى خەلقنىڭ خىزمىتى.

كونۇكمە:

تۆۋەندىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە كەلگەن باش جۈملىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بېقىندى جۈملىنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار



ۋە بېقىندى جۈملىنىڭ قانداق بېقىندى جۈملە ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىلمىلىك بولاي دىسەڭ، رىياللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمىلىيەتكە قاتنىشىشىڭ كېرەك.

بىزنىڭ يولداشلىرىمىز جەزمەن چۈشىنىشى لازىمكى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىدىغان، سەۋىرلىك ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت.

كەڭ زىياللار گەرچە ئالغا باسقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىغى لازىم.

ئەگەردە "مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى" ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولاتتى.

پەقەت جاھانگىرلىك يوقىتىلغاندىلا، ئاندىن تېچلىق بارلىققا كېلىدۇ.

ئەگەر نەزىرىيە ئىنقىلاۋي ئەمىلىيەت بىلەن باغلانمىسا، ئوبيېكتىسىز نەزىرىيە بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ رەھبەرلىگىدە پارتىيە ئىچىدىكى سولچىللىق خاتالىغىنى تۈزىتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭ كەمچىلىگى شۇكى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە سەل قارىدى.

ئاتا قايسى يولغا باشلىسا، بالا شۇ يولغا ماڭىدۇ.

بىز يەنىلا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامداۋاتىمىز.

قەيەردە بېسىم قاتتىق بولسا، شۇ يەردە پارتلاش يۈز بېرىدۇ.

سوتسىيالىزىم بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى يوقىتىش بىلەنىلا قالماي، بارلىق سىنىپىي پەرقلەرنى ۋە ئىجتىمائى تەڭسىزلىكنى پەيدىن-پەي يوقىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باپ مۇرەككەپ قوشما جۈملە

بىز يۇقۇردا، ئاساسەن، ئىككى ئاددى جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇنداق قوشما جۈملىلەر، مەيلى ئۇ تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە بولسۇن، مەيلى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بولسۇن، تىلىمىزدا كوپ قوللىنىلىدىغان جۈملە شەكلىدۇر. تىلىمىزدا شۇنداقمۇ قوشما جۈملىلەر باركى، ئۇلار ئىككى ئاددى جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن ئەمەس، ئىككىدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا تۈرلۈك يول بىلەن بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇنداق قوشما جۈملىلەر مۇرەككەپ قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مۇرەككەپ قوشما جۈملە تەركىۋىدە بىرلا بېقىندى جۈملە، بىرنەچچە باش جۈملە كېلىشىمۇ مۇمكىن، بىرنەچچە بېقىندى جۈملە، بىرلا باش جۈملە كېلىشىمۇ مۇمكىن، ھەتتا باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملە ئارىلاش كېلىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، بىرقانچە ئاددى جۈملىلەر ئۆزئارا تەڭداش باغلىنىشتا، ياكى بېقىندى باغلىنىشتا باغلىنىپ كېلىپ، مۇرەككەپ قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشىمىزنى تۈگىتىپ، يەرگە گۈگۈم چۈشكەندە، بىز يولغا چىققان ئىدۇق.

بۇ مىسالدا بىر باش جۈملە، ئىككى بېقىندى جۈملە كەلگەن ۋە بۇ ئىككى بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە تەڭ ھوقۇقلۇق باغلانغان.



دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلسا، پىكىر يوللىرى ئېچىلىدۇ، ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق ئۇسىدۇ، غەيرەت تازا ئاشىدۇ.

بۇ مىسالدا بىر بېقىندى جۈملە، 3 باش جۈملە كەلگەن ۋە بۇ باش جۈملىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاشۇ بېقىندى جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن.

يامغۇر توختىغان بىلەن،[1] قاتتىق شامال چىقىپ تۇراتتى[2] ۋە خېلى سوغۇق بولۇپ تۇراتتى[3]، شۇنداقتىمۇ ئىش مەيدانىدا ئەمگەك سۈسلىشىپ قالمىغان ئىدى[4].

بۇ مىسالدا 1-بېقىندى جۈملە 2-ۋە 3-جۈملىگە بېقىنىپ باغلان-غان، 2-ۋە 3-جۈملە ئۆزئارا تەڭ ھوقۇقلۇق باغلىنىپ، 1-بېقىندى جۈملىگە نىسبەتەن باش جۈملە بولغان بولسا، 4-جۈملىگە نىسبەتەن بېقىندى جۈملە بولۇپ كەلگەن.

يۇقۇرقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەرنى كوپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە، كوپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملە دېگەن 3 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

## §1 كوپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە

تەركىۋىدە بىرلا بېقىندى جۈملە كەلمەي، بىردىن ئارتۇق بېقىندى جۈملە كەلگەن قوشما جۈملىلەر كوپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

كوپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەر ئوخشاش فورمىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئوخشاش بولمىغان

فورمىدا كېلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

دەرسىمىزنى تۈگىتىپ، ۋاقىت توشقاندا، بىز دەم ئېلىشقا چىقىمىز.

مەن ئوقۇتقۇچۇم بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، مەكتەپكە كېتىپ بارغىنىمدا، قادىر ئىتىزدا ئىشلەۋاتاتتى.

1 ـ مىسالدىكى ھەر ئىككى بېقىندى جۈملە ۋاقىت بېقىندى جۈملە-
دۇر؛ 2 ـ مىسالدىكى 1 ـ بېقىندى جۈملە مەقسەت بېقىندى جۈملە،
2 ـ بېقىندى جۈملە ۋاقىت بېقىندى جۈملىدۇر.

دېمەك، كۆپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر ئۆز تەركى-
ۋىدىكى باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنىڭ قايسى يول بىلەن
مۇناسىۋەتكە كىرىشى جەھەتتە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەت-
تىكى پەرقلەرگە قاراپ، كۆپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە-
لەرنى تەڭداش بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە ۋە دەرى-
جىلىك بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە دېگەن ئىككى
گۇرۇپپىغا بولۇش مۇمكىن.

## 1. تەڭداش بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە

باش جۈملىگە توغرىدىن ـ توغرا باغلىنىپ كەلگەن بىرنەچچە
بېقىندى جۈملىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر تەڭداش
بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنداق مۇرەككەپ قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەر
ئۆزئارا تەڭداش باغلىنىپ كېلىپ، باش جۈملىگە بىۋاستە باغلىنىدۇ.
مەسىلەن:

يامغۇر توختىغاندا، ھاۋا ئېچىلغاندا، يەرلەر قۇرۇغاندا، بىز يەنە



ئىشقا چۈشىمىز.

ئىدىيىدە ياخشى بولساق، ئۆگىنىشتە ياخشى بولساق، ئەخلاق-
ئىنتىزامدا ياخشى بولساق، 3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى بولىسەن.

دۈشمەنلەر كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان، ئۈستىمىزدىن
ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا
ئالغا ئىلگىرىلەۋەردۇق.

سىنىپنى پاكىز تازىلاپ، تاپشۇرۇقلارنى ئوبدان ئىشلەپ، ئوقۇت-
قۇچىمىزنى رازى قىلىمىز.

مانا بۇ مىساللاردىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، تەڭداش بېقىندى
جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەردە، بېقىندى جۈملىلەرنىڭ
خاراكتېرى ئوخشاش بولىدۇ، يەنى ئۇلار بىر خىل فورمىدا كېلىدۇ،
بىر خىل سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ ۋە ئۆزئارا تەڭداش باغلىنىپ كېلىپ
باش جۈملىگە بېقىنىدۇ. 1 ـ مىسالدىكى بېقىندى جۈملىلەرنىڭ
ھەممىسى ۋاقىت بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئۇلار ”قاچان؟“ دېگەن
بىرلا سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن؛ 2 ـ مىسالدىكى بېقىندى جۈملە-
لەرنىڭ ھەممىسى شەرت بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
”قانداق قىلساق؟“ دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن؛ 3 ـ
مىسالدىكى بېقىندى جۈملىلەر قارشىلىق بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئۇلار
”قانداق بولسىمۇ؟“ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن؛ 4 ـ
مىسالدىكى بېقىندى جۈملىلەر ھال بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئۇلار
”قانداق قىلىپ؟“ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن.

## 2. دەرىجىلىك بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە

باش جۈملىگە توغرىدىن ـ توغرا باغلانماي، ئۆزئارا بېقىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىپ باغلىنىدىغان بېقىندى جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر دەرىجىلىك بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

دەرىجىلىك بېقىندى جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەر ئاۋال بىر بىرىگە دەرىجىمۇ-دەرىجە باغلىنىپ كېلىپ، ئاندىن باش جۈملىگە باغلىنىدۇ. دەرىجىلىك بېقىندى جۈملىلەر ھەر خىل فورمىدا كېلىدۇ ۋە كوپ ھاللاردا ھەر خىل سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ. ئۇلار ئاۋال بىر بىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇز-ئارا دەرىجىمۇ-دەرىجە بېقىنىپ كېلىپ، ئاندىن باش جۈملىگە بېقىنىدۇ. مەسىلەن:

يېرىم يولغا كەلگەندە بېنزىن تۈگەپ قېلىپ، ماشىنا بىلەن كېلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۇلار پىيادە كەپتۇ.

مەن مەكتەپكە بېرىپ كىنو كورمەكچى بولۇپ، چوڭ يول بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتسام، كورۇشمىگىلى ئۇزاق بولغان ساۋاقدىشىم قاسىم ئۇچراپ قالدى.

شۆىرغاننىڭ ئۇرۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قىلىپ ماڭغانلىغىمىز ئۇچۈن، بۇگۈن ئەتىگەن ئوتكۇزۇلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۇلگۇرۇپ كېلەلىدۇق.

كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، دەرس تەييارلاي دەپ تۇرغىنىمدا، ئويۇمگە مېھمان كېلىپ قالدى.

مانا بۇ مىساللاردىكى بېقىندى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋال بىر بىرىگە بېقىنىپ، بىر بىرىنى ئېنىقلاپ كېلىپ، ئاندىن باش جۈملىگە باغلانغان. 1-مىسالدىكى سەۋەپ بېقىندى جۈملىلەر ئاۋال بىر بىرىنى ئېنىقلاپ كېلىپ، ئاندىن باش جۈملىدىكى ئىش-ھەركەتنىڭ سەۋۋىنى



بىلدۇرگەن؛ 2-مىسالدىكى 1-بېقىندى جۈملە مەقسەت بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئۇ ئاۋال 2-بېقىندى جۈملىنى (ھال بېقىندى جۈملە ياكى ۋاقىت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتاش مۇمكىن) ئېنىقلاپ كېلىپ، ئاندىن باش جۈملىگە باغلانغان؛ 3-مىسالدىكى 1-بېقىندى جۈملە قارشىلىق بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئۇ ئاۋال 2-بېقىندى جۈملىگە (سەۋەپ بېقىندى جۈملە دېيىش مۇمكىن) بېقىنىپ كېلىپ، ئاندىن باش جۈملىگە باغلانغان؛ 4-مىسالدىكى بېقىندى جۈملىلەرمۇ ئاۋال بىر بىرىگە بېقىنىپ، ئاندىن باش جۈملىگە باغلانغان.

## §2 كوپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە

بەزى مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدە بىرنەچچە بېقىندى جۈملە بولغىنىغا ئوخشاش، بەزى مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدە بىرنەچچە باش جۈملە بولىدۇ.

تەركىۋىدە بىردىن ئارتۇق باش جۈملە كەلگەن مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر كوپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇنداق كوپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەرمۇ، كوپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەرگە ئوخشاشلا، مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر تۇرىدۇر. بۇنداق قوشما جۈملىلەردە، باش جۈملىلەر بىلەن بېقىندى جۈملە ئوزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، باش جۈملىلەر بولسا ئوزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى كىتاپلارنى ئوقۇساڭ، پىكرىڭ ئېچىلىدۇ، بىلىمىڭ كوپە-

يىدۇ، سەۋىيەڭ ئۆسىدۇ.

كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا يەتكەندە، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كاپىتال زور دەرىجىدە مەركەزلىشىدۇ، مونوپولىيە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

1-مىسالدىكى بىر شەرت بېقىندى جۈملە 3 باش جۈملىگە ئورتاق بېقىنىپ كېلىپ، مۇشۇ باش جۈملىلەردىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ شەرتى بولۇپ كەلگەن، بۇ باش جۈملىلەر بولسا ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن؛ 2-مىسالدىكى بىر ۋاقىت بېقىندى جۈملە 2 باش جۈملىگە ئورتاق بېقىنىپ، مۇشۇ باش جۈملىلەردىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، بۇ باش جۈملىلەر بولسا ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن.

بۇنداق كۆپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەردە، ھەر بىر باش جۈملىنىڭ ئالدىدا ئوي-پىكىرنىڭ تەرتىۋىنى بىلدۈرىدىغان "بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن ياكى بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپتىن" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغاندا، بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، سانائەتنىڭ خام ئەشياسى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ئۈچىنچىدىن، سانائەت ئۈچۈن بازار كېڭەيتكىلى بولىدۇ ۋە مەبلەغ جۇغلانمىسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، كۆپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر بېقىندى جۈملىلەرنى ئىخچاملاپ ئېيتىش زۆرۈرىيىتىدىن تۇغۇلىدۇ، يەنى بېقىندى جۈملىلەر شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاش بولسا، ئۇلاردىن پەقەت بىرىنىلا ئېيتىپ، قالغانلىرىنى



قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يۇقۇرىقىدەك كۆپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر ھاسىل بولىدۇ.

خۇددى كۆپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملىلەر بەزىدە تەڭ ھوقۇقلۇق (تەڭداش مۇناسىۋەتتە)، بەزىدە دەرىجىمۇ-دەرىجە (بىر بىرىگە بېقىنىپ) باغلىنىپ كېلىدىغانلىقىغا ئوخشاش، كۆپ باش جۈملىلىك مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەردىمۇ باش جۈملىلەر بەزىدە تەڭ ھوقۇقلۇق، بەزىدە دەرىجىمۇ-دەرىجە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

پۇرولېتارىيات پەقەت ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغاندىلا، ئاندىن بۇرژۇئا ئىدىيىسى سىستېمىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسىنى چۈشىنىپ، ئۆز تەقدىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز قولىدا تۇتىدىغان ئىنقىلاۋىي سىنىپقا ئايلىنالايدۇ.

مانا بۇ مىسالدا بىرلا بېقىندى جۈملە، 3 باش جۈملە بار بولۇپ، بۇ بېقىندى جۈملە ھەممە باش جۈملە ئۈچۈن ئورتاق شەرت بولۇپ كەلگەن بولسا، باش جۈملىلەر بىر بىرىگە بېقىنىپ، بىر بىرىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

## §3 ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملە

بەزىبىر مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر تەركىبىدە، ھەم تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلانغان بېقىندى جۈملىلەرمۇ، ھەم بېقىندى مۇناسىۋەتتە باغلانغان قوشما جۈملىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق مۇرەككەپ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر، پۈتۈن جۈملە ئېتىبارى بىلەن، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەم بېقىندى جۈملە بولۇپ كېلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىمۇ، ھەم باش جۈملە بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

دىمەك، تۈرلۈك گىراماتىكىلىق يول بىلەن قاتلاممۇ-قاتلام باغلىنىپ كەلگەن ئاددى جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنداق جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىشتا، ئاۋال پۈتۈن جۈملىنىڭ تەڭداش باغلانغان مۇرەككەپ قوشما جۈملە ئىكەنلىگى ياكى بېقىندىلىق مۇرەككەپ قوشما جۈملە ئىكەنلىگىنى ئايرىۋېلىپ، ئاندىن ھەر بىر ئاددى جۈملىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى يەنى ئۇلارنىڭ قايسى يول بىلەن باغلانغانلىغىنى تەھلىل قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندا، پۈتۈن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مۇرەككەپ ئوي-پىكىر چۈشىنىشلىك بولۇپ چىقىدۇ. تۆۋەندە ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملىنى مىساللار ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتەيلى.

1-مىسال:

ئۇلار بۇ ئىشتا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتمايدىكەن،① شۇنى مولچەرلەش مۇمكىنكى، ② ئۇلار جەزمەن زىددىيەتلەرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ،③ ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ،④ خىزمەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ.⑤

پۈتۈن جۈملىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، بۇ، بېقىندىلىق قوشما جۈملىدۇر. بۇ جۈملىدە، ③، ④، ⑤ جۈملىلەر ① بېقىندى جۈملىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا باش جۈملە بولۇپ كەلگەن،② باش جۈملىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا بېقىندى جۈملە بولۇپ كەلگەن، يەنى ئۇلار① باش جۈملىدىكى كورسىتىش ئالماشتىن كەلگەن تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

2-مىسال:



ماركسىزىمچە پەلسەپە شۇنداق دەپ ھىساپلايدۇكى، ① زىددىيەت ئومۇمى يۈزلۈك مەۋجۇت②، لېكىن شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن،③ زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ،④ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ.⑤

بۇ جۈملىمۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملە خاراكتېرىنى ئالغان ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىدە① جۈملە②، ③، ④، ⑤ جۈملىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ باش جۈملە بولۇپ كەلگەن؛② جۈملە بىلەن ③ جۈملە "لېكىن" دىگەن قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچى ئارقىلىق تەڭداش باغلانغان؛③ جۈملە④ جۈملىگە بېقىنىپ باغلانغان؛ ④ جۈملە بىلەن⑤ جۈملە "شۇنىڭ ئۈچۈن" دىگەن سەۋەپ باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تەڭداش باغلانغان.

3-مىسال:

بىزنىڭ زىيالىلىرىمىز بەزىبىر ماركسىزىم كىتاپلىرىنى ئوقۇسا①، يەنە كېلىپ ئىشچى-دىخانلار ئاممىسىغا يېقىنلىشىش داۋامىدا ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا بىرقەدەر چۈشەنچە ھاسىل قىلسا،② ئۇ ھالدا، ھەممىمىز ئورتاق تىلغا ئىگە بولىمىز③، ۋەتەنپەرۋەرلىك جەھەتتە ۋە سوتسىيالىزىم تۈزۈمى جەھەتتىلا ئورتاق تىلغا ئىگە بولۇپ قالماي،④ بەلكى كوممۇنىستىك دۇنياقاراش جەھەتتىمۇ ئورتاق تىلغا ئىگە بولىمىز.⑤

بۇ جۈملىمۇ شەرت بېقىندى جۈملە خاراكتېرىنى ئالغان ئارىلاش مۇرەككەپ قوشما جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىدە① ۋە ② جۈملە (② جۈملىنى ئىككى ئاددى جۈملىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەلۋەتتە) كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىپ، پۈتۈن جۈملىنىڭ

شەرت بېقندى جۈملسى بولۇپ كەلگەن؛ ④ جۈملە بلەن ⑤ جۈملمۇ ”بەلكى“ دېگەن كۈچەيتكۈچى باغلغۇچى ئارقلق باغلنپ كېلپ، ③ جۈملگە تەڭداش باغلنپ كېلپ، ئۇنى ئنزاهلاش، تولۇقلاش رولنى ئوينغان. ”ئۇ هالدا“ دېگەن باغلغۇچى مۇشۇ پۈتۈن جۈملنى شەرت بېقندى جۈملە قلپ باغلاپ كەلگەن.

مانا بۇ مساللاردن شۇنى كورۇش مۇمكنكى، ئارلاش مۇرەككەپ قوشما جۈمللەرنى تەهلل قلشتا، ئاۋال پۈتۈن جۈملنڭ قايسى تپتكى جۈملە ئكەنلگنى ئايرۋالساقلا، ئاددى جۈمللەرنڭ مۇناسۋتى ۋە باغلنش ئۇسۇللرى بر برلەپ ئايدڭلشدۇ-دە، پۈتۈن جۈملدە ئپادلەنگەن مۇرەككەپ ئوي-پكرمۇ چۈشنشلك بولدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتپ ئۆتۈشكە توغرا كېلدۇكى، جۈملنڭ شەكلى هامان جۈملنڭ مەزمۇنغا خزمەت قلدىغان بولغاچقا، خۇددى تولۇق ئاددى جۈملە بولەكلرگە تۈرلۈك سوزلەر ياندشپ كېلدىغانغا ئوخشاش، مۇرەككەپ قوشما جۈمللەر بولۇپمۇ ئارلاش مۇرەككەپ قوشما جۈمللەرگمۇ تۈرلۈك تەركپلەر ياندشپ كېلشى مۇمكن، بەزدە هەتتا ئوي-پكرنى ئېنق ئپادلەش يۈزسدن، مۇرەككەپ قوشما جۈملە تەركۋدكى ئاددى جۈمللەرنڭ ئورۇن-تەرتۋمۇ تۈرلۈكچە كېلشى مۇمكن. بۇ هەقتە يەنمۇ ئزدنشكە توغرا كېلدۇ.



# يەتتنچى باپ كوچۇرمە جۈملە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە

## §1 كوچۇرمە جۈملە

ئاپتور ئوزىنڭ ئوي-پكرنى ئېنق ئۇقتۇرۇش، ئوزنڭ كوزقارشنى دەلللەش يۈزسدن ياكى باشقا زورۇريەت بلەن، باشقلارنڭ گېپنى هېچبر ئوزگەرتمەي، ئوز شەكلى بويچە كوچۇرۇپ قوللنشى مۇمكن.

ئاپتور باشقلارنڭ گېپنى هېچبر ئوزگەرتمەستن، شۇ قېلپتا ئوز گېپى ئچگە كرگۈزۈپ قوللانغان بولسا، بۇنداق گەپ كوچۇرمە جۈملە دەپ ئاتلدۇ.

ئاپتور ئككنچى شەخسنڭ گېپنى ئوز گېپى ئچگە كوچۇرمە جۈملە شەكلدە كرگۈزگەندە، ئۇنڭ لكسكلق، سنتاكسسلق ۋە ئنتوناتسيەلك خۇسۇسيەتلرنى ساقلاپ قالدۇ، يەنى ئۇ ئەسلى قانداق ئېيتلغان بولسا، خۇددى شۇ خلدا ئەينەن كوچۇردۇ.

كوچۇرمە جۈملە بەزدە ئاپتور سوزدن كېين، بەزدە ئاپتور سوزدن بۇرۇن، بەزدە ئاپتور سوزنڭ ئوتتۇرسدا كېلشى مۇمكن. مەسلەن:

يولداش ماۋ زېدۇڭ: ”تل ئوڭايلا ئۈگنۋالغلى بولدىغان نەرسە ئەمەس، بۇنڭ ئۈچۈن مۇشەققەتلك ئەمگەك سەرپ قلماي

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ“ دېگەن ئىدى.

يولداش ستالىن تىلغا مۇنداق دەپ تەبىر بېرىدۇ: ”تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر بىرىنى چۈشىنىدۇ.“

”ئىلغار نەزەرىيىنى قوبۇلنامە قىلغان پارتىيىلا ئىلغار جەڭچىلىك رولىنى ئورۇنلىيالايدۇ“ دېگەن ئىدى ئۇلۇغ ئۇستازىمىز لېنىن.

كوچۇرمە جۈملە بەزىدە ئاپتور سۆزىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

”كىمكى ھەقىقى كوممۇنىزمچى بولۇشنى خالايدىكەن، — دېدى يولداش دېڭ شياۋپىڭ، — ئۇ، يولداش لېي فېڭنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىستىلىدىن ئۆگىنىشى كېرەك.“

كوچۇرمە جۈملىلەر ئاپتور سۆزىدىن مەلۇم تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ (يۇقۇرقى مىساللاردىكىدەك).

## §2 ئۆزلەشتۈرمە جۈملە

ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىپ، ئۇنى ئۆز گېپىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇنداق گەپ ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەرمۇ ئاپتورنىڭ ئوي-پىكرىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

يولداش ماۋ زېدۇڭ: ”جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزىملا قۇتقۇزالايدۇ“ دەپ كورسەتكەن ئىدى. (كوچۇرمە جۈملە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىللىق تارىخ جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزىملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى



تولۇق ئىسپاتلىدى. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەر ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كوچۇرمە جۈملىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

كوچۇرمە جۈملىلەردە، ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى ھېچبىر ئۆزگەرتمەستىن ئەينەن كوچۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى ئۆز گېپى ئىچىگە كىرگۈزگەن بولىدۇ.

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە، ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى ئەينەن ئەمەس، مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئېلىپ، ئۇنى ئۆز گېپى ئىچىگە سىڭدۈرگەن بولىدۇ، يەنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە ئەسلىدىكى جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش شەكلى ئۆزگىرىپ، ئاپتور سۆزىنىڭ تەركىۋىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن، ئاپتور سۆزىنىڭ بولەكلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەر يېزىقتا ئاپتور سۆزىدىن بىرەر تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق ئاجرىتىلمايدۇ، ئېغىزدا ئۆزىنىڭ ئىنتوناتسىيە مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، ئاپتور سۆزىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى بويىچە ئېيتىلىدۇ.

## §3 كوچۇرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇش يوللىرى

كوچۇرمە جۈملىلەر تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ:

(1) كوچۇرمە جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىنى سۈپەتداش پېئىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ”لىق، لىك“ قوشۇمچىلىرى ھەم تەۋەلىك قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق، كوچۇرمە جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. بەزىدە كوچۇرمە جۈملىنىڭ خەۋىرى چۈشۈم كېلىش

بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپمۇ ئاپتور گېپىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بۇگۈنكى گېزىتتە: ”بۇ يىل يېزا ئىگىلىگىدىن مول هوسۇل ئېلىندى“ دەپ كورسىتىلگەن. (كوچۇرمە جۈملە)

بۇگۈنكى گېزىتتە بۇ يىل يېزا ئىگىلىگىدىن مول هوسۇل ئېلىنغانلىغى كورسىتىلگەن. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

ماركس كاپىتالىزىم جەمىيىتى بىلەن كوممۇنىزىم جەمىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئايلىنىدىغان بىر ئىنقىلاۋىي بۇرۇلۇش دەۋرى بولىدىغانلىغىنى، بۇ دەۋرگە مۇناسىپ سىياسىي جەھەتتىكى بىر ئۆتكۈنچى دەۋرمۇ بولىدىغانلىغىنى، بۇ دەۋردىكى دولەت پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسىلا بولىدىغانلىغىنى كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

(2) كوچۇرمە جۈملىنىڭ خەۋىرى بۇيرۇق پېئىلدىن كەلگەندە، ئۇنى ھەركەتنامىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرىغا ”كېرەك، لازىم“ دىگەنگە ئوخشاش سوزلەرنى قوشۇپ، خەۋەرنى قوشما خەۋەرگە ئايلاندۇرۇش هەم ئۇنىڭ ئاخىرىغا ”لىق، لىك“ قوشۇمچىلىرى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق، كوچۇرمە جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

”تەنتەربىيە هەركىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىغىنى ئاشۇرۇڭلار“ دىگەن ئىدى يولداش ماۋزېدۇڭ.

يولداش ماۋزېدۇڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىغىنى ئاشۇرۇش لازىملىغىنى ئېيتقان ئىدى.

ئۇ ئۆز سوزىدە: ”ئاكتىپ ئامىللار تولۇق ئىشقا سېلىنسۇن“ دەپ كورسەتتى.



ئۇ ئۆز سوزىدە ئاكتىپ ئامىللار تولۇق ئىشقا سېلىنىشى لازىملىغىنى كورسەتتى.

(3) ئاپتور سوزىنىڭ تەركىۋىگە ”قارىغاندا“ سوزىنى كىرگۈزۈش، ياكى ”چە“ قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ھەمدە كوچۇرمە جۈملىنىڭ خەۋىرىنى سۈپەتداشلارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، كوچۇرمە جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇگۈنكى گېزىتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ”بۇ يىل ئاشلىقتىن مەملىكىتىمىز بويىچە مول هوسۇل ئېلىندى.“

بۇگۈنكى گېزىتتە يېزىلغان خەۋەرگە قارىغاندا، بۇ يىل ئاشلىقتىن مەملىكىتىمىز بويىچە مول هوسۇل ئېلىنغان.

بۇگۈنكى گېزىتتە يېزىلىشىچە، بۇ يىل ئاشلىقتىن مەملىكىتىمىز بويىچە مول هوسۇل ئېلىنغان.

(4) كوچۇرمە جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلدىن باشقا سوز تۈركۈمىدىن ياكى پېئىل بىلەن باشقا سوزلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن كەلگەندە، خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ”ئىكەن“ دىگەن ياردەمچى پېئىلنى ۋە ”لىق، لىك“ قوشۇمچىسى هەم تەۋەلىك قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، ئاندىن ئۇنى چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەش ئارقىلىق، كوچۇرمە جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

تاش پولات قەيەردە؟ — دەپ سورىدى مويدىن.

مويدىن تاش پولاتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى سورىدى.

كوچۇرمە جۈملىلەر بۇلاردىن باشقا يوللار بىلەنمۇ ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باپ  تىنىش بەلگىلىرى

## §1 تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تىنىش بەلگىلىرى ئوي-پىكىرنى يېزىقتا توغرا، ئېنىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۆزلەرنىڭ، جۈملىلەرنىڭ، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىمۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تىنىش بەلگىلىرى كىشىلەرنىڭ يېزىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئوي-پىكىرلىرىنى قىسىم ۋە بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، سۆز-جۈملىلەرنىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنىنى ئېنىق چۈشىنىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھېچقانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلماي يېزىلغان يېزىقنى ئوقۇشمۇ تەس بولىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشمۇ قىيىن بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئوي-پىكىرنى چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك ئىپادىلىيەلمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. مانا شۇ سەۋەپتىن، يېزىغى مەلۇم دەرىجىدە قېلىپقا چۈشكەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ يېزىق تىلىدا تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنىڭ بەلگىلىك قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز مەتبۇئاتلىرىدا قوللىنىدۇ. ھەر بىر شەخسمۇ ئۆزىنىڭ يازغان خەتلىرىدە، ماقالا-ئەسەرلىرىدە شۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆز لايىغىدا ئىشلىتىدۇ.



تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىش، بىرەر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاساسىي بەلگىلەرنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنىڭ ھەر بىر بۆلەك-تەركىپلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىگەللەش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، تىنىش بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىگەللەش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىشلىتىلىدىغان تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) چېكىت (.)
(2) سوئال بەلگىسى (؟)
(3) ئۈندەش بەلگىسى (!)
(4) پەش (،)
(5) چېكىتلىك پەش (؛)
(6) قوش چېكىت (:)
(7) قوش پەش (" ")
(8) يالاڭ پەش (' ')
(9) تىرناق (( ))
(10) ئوتتۇرا تىرناق ([ ])
(11) قوش تىرناق (« »)
(12) يالاڭ تىرناق (‹ ›)
(13) سىزىقچە (-)
(14) سىزىق (—)
(15) كۆپ چېكىت (......)

## §2 تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى

### 1. چېكىت (.)

(1) چېكىت ئاساسەن ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرىدىغان بايان (خەۋەر) جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئوقۇش مەۋسۇمى ئاخىرلاشتى.

بىز ئىمتىھانغا تەييارلىنىۋاتىمىز.

بىز بۇ مەكتەپكە 1978-يىل 3-ئايدا كەلدۇق.

(2) نورمال ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدىغان بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىمۇ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بېغىشلايلى.

ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەتە زالغا يىغىلىڭلار.

(3) قىسقارتىپ يېزىلغان خاس ئىسىملارنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ك. ماركس (كارل ماركس)

ۋ. ئى. لېنىن (ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن)

ل. مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

(4) ئوي-پىكىرنىڭ رەت-تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. چېكىت؛ 2. سوئال بەلگىسى؛ 3. ئۈندەش بەلگىسى؛ 4. پەش......



### 2. سوئال بەلگىسى (؟)

سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھەقىقىي پولات ئىستىھكام دېگەن نېمە؟

رادىيونى كىم كەشىپ قىلغان؟

تۈنۈگۈن سىز قەيەرگە باردىڭىز؟

تىل دېگەن نېمە؟

### 3. ئۈندەش بەلگىسى(!)

(1) كۈتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئېغ بېيجىڭ! سېنى كۆرۈش ئارزۇيۇم كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە!

بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئىقتىدارلىق ئادەملەر بار ئىكەندە!؟

ياشىسۇن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى!

(2) جۈملە تەركىۋىدىكى كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان قاراتما سۆز ۋە ئۈندەش سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

قەدىرلىك ساۋاقداشلار! بىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان چاغلىرىمىز يېتىپ كەلدى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى.

بەزى جۈملىلەر ھەم ئۈندەش ھەم سوراق مەنىسىدە كېلىشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئاخىرىغا ھەر ئىككى بەلگىنى قويىمىز. قايسىنى بۇرۇن قويۇشنى جۈملىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئاشۇ ئىگىز تاغدىكى يېشىل قارىغايغا نىمە دىگەن ئۇخشايدۇ-ھە!؟

## 4. پەش (،)

(1) قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز داۋاملىق ئالغا بېسىۋاتىمىز، يولىمىز ئەگرى-توقاي، ئىستىقبالىمىز پارلاق.

بىز تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمىز.

(2) جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

"4 كىشىلىك گۇرۇھ"قا قارشى تۇرۇش كۈرىشى — سوتسىيالىزىم يولىدا چىڭ تۇرۇش، پۇرولېتارىيات دىكتاتورىسىدا چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش كۈرىشى.

(3) جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر (قاراتما سۆز، ئۈندەش سۆز، قىستۇرما سۆز)نى جۈملىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

دوستۇم، سەن بېيجىڭدىن قاچان كەلدىڭ؟
دىمەك، ئۇلار كەلمەيدىغان بوپتۇ-دە؟
پاھ، نىمە دىگەن گۈزەل يېزا بۇ!؟



## 5. چېكىتلىك پەش (؛)

مەزمۇن جەھەتتىن بىر بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر بىرىگە باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش قوشما جۈملىلەر ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردىن ھاسىل بولغان ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ؛ ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ؛ يۇقۇرى بولمىسا، تۆۋەن بولمايدۇ؛ تۆۋەن بولمىسا، يۇقۇرىمۇ بولمايدۇ؛ بالايى-ئاپەت بولمىسا، بەخت-سائادەت بولمايدۇ؛ بەخت-سائەدەت بولمىسا، بالايى-ئاپەتمۇ بولمايدۇ.

## 6. قوش چېكىت (:)

(1) كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ماركسىزىم بىزگە: "تىل ئىجتىمائى ھادىسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ" دەپ تەلىم بېرىدۇ.

(2) قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى ئاددى جۈملىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگىنىمىز تۆۋەندىكىلەر: 1) يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش؛ 2) سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش؛ 3) دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش؛ 4) پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش.

## 7. قوش پەش (” “)

كوچۇرمە جۇملە ۋە كوچۇرمە سوزلەر قوش پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ. بەزىدە كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ياكى كىنايە مەنىسىدە قوللىنىلغان سوزلەرمۇ قوش پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

يولداش ماۋزېدۇڭ: ”كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈگىنىشتىمۇ نەمۇنە بولۇپ، هەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشى، لېكىن يەنە هەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ بولۇشى لازىم“ دەپ كورسەتكەن ئىدى.

پارتىيەمىزنىڭ تارىخىدا كوپ قېتىم ”سول“چىل ۋە ئوڭچىل لۇشيەن خاتالىغى يۈز بەردى.

”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىش كۇرىشىنى ئۇزۇل-كېسىل ئېلىپ بارايلى.

## 8. يالاڭ پەش (’ ‘)

كوچۇرمە جۇملىلەرنىڭ ئىچىدە كەلگەن كوچۇرمە سوز ۋە كوچۇرمە جۇملە يالاڭ پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەيدۇ: ”تەكشۇرۇش ’10 ئاي قوساق كوتىرىش‘كە ئوخشاش، مەسىلىنى هەل قىلىش ’ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە كوز يورۇش‘قا ئوخشاش. تەكشۇرۇش مەسىلىنى هەل قىلىش دېمەكتۇر.

لېنىن: ”ئوبيېكتىنى هەقىقى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى، هەممە باغلىنىشلىرىنى هەم ’ۋاستىچى‘لىرىنى ئىگەللەش ۋە



تەتقىق قىلىش كېرەك“ دېگەن ئىدى.

## 9. تىرناق (( ))

(1) جۇملە تەركىۋىدە كەلگەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ (باشقا تىنىش بەلگىلىرى قويۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا). مەسىلەن:

هەرقانداق كىشى بىرەر شەيئىنى بىلمەكچى بولىدىكەن، شۇ شەيئى بىلەن ئۇچرىشىشى، يەنى شۇ شەيئىنىڭ شارائىتىدا ئۆز هاياتىنى (ئەمىلىيىتىنى) ئوتكۇزۇشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

(2) مەيلى جۇملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسۇن، مەيلى جۇملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسۇن، ئومۇمەن ئىزاهات خاراكتىرلىك سوز-جۇملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

20 نەچچە يىل ئىچىدە بىرنەچچە تەرەققىيات باسقۇچى بېسىپ ئوتتۇلدى. بۇ باسقۇچلار مۇنداق ئالاهىدە ئەهۋاللارنى ئوز ئىچىگە ئالدى: بەزى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشتى (مەسىلەن، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى بولدى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرى شەرقىي شىمالدىكى 4 ئولكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى). بەزى زىددىيەتلەر قىسمەن ياكى ۋاقىتىنچە هەل بولدى (مەسىلەن، شىمال مىلتارىستلىرى يوقىتىلدى، پومىشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىر قىلدۇق).

## 10. ئوتتورا تىرناق ([ ])

تىرناق ئىچىدە يەنە تىرناق ئىشلىتىش زورۇر بولۇپ قالغاندا ئوتتۇرا تىرناق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بارلىق غالچىلىرىنى مەغلۇپ قىلايلى!
(«كونگو [ل] خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاش توغرىسىدىكى باياناتى»تىن).
ئۈنتۈرا تىرناق ئاساسەن ماتىماتىكىدا ئىشلىتىلىدىغان بەلگە بولۇپ، مەتبۇئاتتا ئانچە كوپ قوللىنىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنى تىنىش بەلگىلىرى قاتارىغا قويمىسىمۇ بولىدۇ.

## 11.قوش تىرناق (« »)

تېكىست ئىچىدە كەلگەن كىتاپ، گېزىت، ژورنال، ماقالا ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:
بىز ماركس، ئېنگېلسنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دىگەن ئەسىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۈگىنىپ، كورۇنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتۇق.
بىز «ئالغا» گۈڭشىسىغا باردۇق.

## 12. يالاڭ تىرناق (‹ ›)

قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كىتاپ، گېزىت، ژورنال، ماقالا ۋە ئەسەر ناملىرى يالاڭ تىرناققا ئېلىنىدۇ. مەسلەن:
بىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش›كە كىرىش سوز ۋە ئاخىرقى سوز» دىگەن ئەسىرىنى ئەستايىدىل ئۈگەندۇق.
مەن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «‹جۇڭگو يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك دولقۇن›غا سوز بېشى» دىگەن ئەسىرىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم.
بۈگۈنكى گېزىتتە گۇلشەننىڭ «‹قىزىل ئايالالار قوشۇنى›نى كور-



گەندىن كېيىن» دىگەن ماقالىسى بېسىلىپتۇ.

## 13. سىزىقچە (-)

جۈپ سوزلەر ئوتتۇرىسىغا، دەرىجە سانلاردىن كېيىن، سوزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان بەزى ئۇلانمىلاردىن بۇرۇن سىزىقچە قويۇلىدۇ، سوزنىڭ قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان بوغۇمىدىن كېيىنمۇ سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسلەن:
تىل-يېزىق، پەن-تېخنىكا، ئىگىز-پەس، بەش-ئالتە، پال-پۇل، غاژ-غۇژ، 1-سىنىپ، 2-ئاپرىل، 1979-يىل، 4-ئاي.
ئۇ ئويگە كىردى-دە، چىقىپ كەتتى.
بۇ ئىمارەت نىمىدىگەن چىرايلىق سېلىنغان-هە!؟
بىزنىڭ ۋەتىنىمىز نىمە دىگەن گۈزەل-هە!؟

## 14.سىزىق (—)

(1) جۈملە تەركىۋىدە كەلگەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تىرناق ئىچىگە ئېلىنمىسا، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسلەن:
نەشپۈتنىڭ تەمىنى بىلەي دىسەڭ، نەشپۈتنى ئۆزگەرتىشنىڭ — ئاغزىڭغا سېلىپ يەپ بېقىشىڭ كېرەك.
(2) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ ئىسىم خاراكتېرلىك سوزلەردىن، خەۋەرىمۇ ئىسىم خاراكتېرلىك سوزلەردىن كەلگەندە، بۇ خىل ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كوپىنچە سىزىق قويۇلىدۇ. مەسلەن:
بىلىم مەسىلىسى — پەن مەسىلىسى.
مېنىڭ مەقسىدىم — ئوقۇش.

ياخشى — ئشى بىلەن ياخشى.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى — ئاممىنىڭ دىكتاتۇرىسى.

(3) تەڭداش بولەكلەردىن كېيىن كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سوزلەر ۋە دىالوگلارنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسلەن:

يەر، سۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ.

— شىاڭلىن ھەدە نىمە بوپتۇ؟ — دەرھال سورىدىم.

— ئولۇپتۇ.

— ئولۇپتۇ؟!

— قاچان ئولۇپتۇ؟

## 15. نۇرغۇن چېكىت (......)

جۇملىدە ئىپتىماقچى بولغان ئوي-پىكىرنىڭ تولۇق ئىپتىلمىغانلىغىنى ھەمدە بەزى جايلارنىڭ چۇشۇرۇپ قويۇلغانلىغىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە نۇرغۇن چېكىت قوللىنىلىدۇ. مەسلەن:

بۇ زاۋۇت ماشىنا، تىراكتۇر، ئورۇش ماشىنىسى...... قاتارلىق ھەر خىل ماشىنىلارنى رېمونت قىلالايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سوزلىگۇچىنىڭ ھىس-تۇيغۇسىدىكى جىددى ئوزگىرىشلەر تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان ئەھۋاللارنى بىلدۇرۇشتىمۇ نۇرغۇن چېكىت قوللىنىلىدۇ. مەسلەن:

ئۇ، مەڭدىگەن ھالدا قولىدىكى قەلەمنى ئەپسىز تۇتۇپ تۇرۇپ: — مەن......مەن...... يېزىشنى بىلمەيمەن، — دىدى.

### تىنىش بەلگىسى ۋە شېئىر (قوشۇمچە)

گېرمانىيىنىڭ 19-ئەسىردە ئوتكەن داڭلىق يازغۇچىسى تېيودور



فېندونوپ بېرلىندا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن چېغىدا، بىر ياش ئاپتور ئۇنىڭغا بىرقانچە كۇپلېت شېئىر بىلەن بىر پارچە خەتنى قوشۇپ ئەۋەتكەن. ياش ئاپتور خېتىدە: "مەن ئەزەلدىن تىنىش بەلگىلىرىنى كوزگە ئىلمايمەن، سىزنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ تولدۇرۇپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن" دەپ يازغان.

فېندونوپ ھىلىقى ياشنىڭ شېئىرىنى بىر پارچە خەت بىلەن قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇ خېتىدە: "مەن شېئىرنى ئەزەلدىن كوزگە ئىلمايمەن. كېلەر قېتىم سىزنىڭ بىر تىنىش بەلگىسى ئەۋەتىشىڭىزنى سورايمەن، شېئىرنى ئوزەم تولدۇرۇپ قويىمەن" دەپ يازغان.

(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى»دىن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشى ــ ئىشى بىلەن ياخشى.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ــ ئاممىنىڭ دىكتاتۇرىسى.

(3) تەكرار بولەكلەردىن كېيىن كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەر ۋە دىئالوگلارنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

يەر، سۇ ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ.

ــ شىياڭلىن ھەدە نېمە بوپتۇ؟ ــ دەرھال سورىدىم.

ــ ئۆلۈپتۇ.

ــ ئۆلۈپتۇ؟!

ــ قاچان ئۆلۈپتۇ؟

## 15. نۇرغۇن چېكىت (......)

جۈملىدە ئېيتماقچى بولغان ئوي-پىكىرنىڭ تولۇق ئېيتىلمىغانلىقىنى ھەمدە بەزى جايلارنىڭ چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە نۇرغۇن چېكىت قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ زاۋۇت ماشىنا، تىراكتور، ئورۇش ماشىنىسى...... قاتارلىق ھەر خىل ماشىنىلارنى رېمونت قىلالايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سۆزلىگۈچىنىڭ ھىس-تۇيغۇسىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئەھۋاللارنى بىلدۈرۈشتىمۇ نۇرغۇن چېكىت قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ، مەڭدىگەن ھالدا قولىدىكى قەلەمنى ئەپسىز تۇتۇپ تۇرۇپ: ــ مەن......مەن...... يېزىشنى بىلمەيمەن، ــ دېدى.

### تىنىش بەلگىسى ۋە شېئىر (قوشۇمچە)

گېرمانىيىنىڭ 19-ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچىسى تېئودور



فېندونوپ بىرلىندا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن چېغىدا، بىر ياش ئاپتور ئۇنىڭغا بىرقانچە كۇپلېت شېئىر بىلەن بىر پارچە خەتنى قوشۇپ ئەۋەتكەن. ياش ئاپتور خېتىدە: "مەن ئەزەلدىن تىنىش بەلگىلىرىنى كۆزگە ئىلمايمەن، سىزنىڭ ۋاقت چىقىرىپ تولدۇرۇپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن" دەپ يازغان.

فېندونوپ ھېلىقى ياشنىڭ شېئىرىنى بىر پارچە خەت بىلەن قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇ خېتىدە: "مەن شېئىرنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمايمەن. كېلەر قېتىم سىزنىڭ بىر تىنىش بەلگىسى ئەۋەتىشىڭىزنى سورايمەن، شېئىرنى ئۆزەم تولدۇرۇپ قويىمەن" دەپ يازغان.

(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى»دىن).

阿布都克里木著
现代维吾尔语
（维吾尔文）
责任编辑：艾合买提热合曼
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32　印张：10 7/8
1983年2月第1版
1983年2月北京第1次印刷
印数：0001—11,000册　定价：0.79元
书号：M9049（4）4